


KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1
1989



بوۋام ھېكايىغا بەك ئۇستا

( مەردان فوتوسى )

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژورنال )

1
1989

18 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 86 - سان )

« قەشقەر ئەدەبىياتى » تەھرىر بۆلۈمى

# بۇ ساندا

## نەسرى ئەسەرلەر


ئەختەم ئۆمەر ........ كۆلەغ ھالىسى (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ 1
ئابلىمىت ھاجى ........ يۇلتۇزلارنىڭ بىرى ( پوۋېست ) ........ 10
مىرزاھىد كېرىمى ........ قەلەمنىڭ ساداسى ........ 51
غوپۇر غوجا ........ دېڭىزدىن تەرمىلەر ........ 57
تۇرسۇنجان سادىق ........ تىرىك مۇردا ........ 59


## شېئىرىيەت گۈلزارى


ماموت زايىت ........ غەزەللەر ........ 31
ئابدۇقادىر جالالىدىن ........ شېئىرلار ........ 35
مەتنۇرى ئۆزھال ........ شېئىرلار ........ 37
ياسىن ئىسمائىل ........ سوئاللاردىن تۇغۇلغان ئىلھام ........ 39
مۇھەممەتجان ئەمەت ........ شېئىرلار ........ 41
ئابدۇللا ئوسمان ........ غەزەللەر ........ 42
ئابدۇرېھىم توختى ........ رۇبائىيلار ........ 43
چوپانى ........ رۇبائىيلار ........ 44
ئابدىكېرىم سەلەي ........ ئىككى شېئىر ........ 45
ياسىنجان ئوسمان ........ شېئىرلار ........ 46
ئابدۇرېھىم قاۋۇل ........ بۇ كېچە ، كېچە سۈتتەك ئاق ........ 48
مۇھەممەت روزى ........ جەسۇرلۇق، مەردلىكنىڭ مەمۇولى ئۆزۈڭ ........ 49
تەلئەت ئاتاۋۇللا ........ شېئىرلار ........ 49
قەيسەر دۆلەتبەك ........ تاغ گۈلى ........ 50


## جاھاننامە


زوردۇن سابىر ........ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا (زىيارەت خاتىرىسى) ... 63


## شەبنەم


ئەمەت دەرۋىش ........ ئىجادىي ئىزدىنىشنىڭ شېرىن مېۋىسى ........ 85


## بىزنىڭ كىلاسسىكلىرىمىز


تۇرسۇن ھامىت ........ ئەسىردىن راپەۋزى ۋە ئۇنىڭ « قىسسەئى راب-
غۇزى » ئەسىرى ھەققىدە ........ 91


## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخ


ئىسمائىل ئىبراھىم ........ ئوپال يېزىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار
توغرىسىدا ........ 95


## خەزىنە


ئەنۋەر ئىسمائىل رەتلىگەن ........ تۆت مىڭ تىللىق تۆت كەلىمە سۆز ........ 99
تۇرسۇن ساۋۇت تەرجىمىسى ........ ئەمىر تۆمۈر ھەققىدە لەتىپىلەر ........ 103


## چەتئەل ئەدەبىياتى


كامال ھاسامىددىنوۋ ........ كەچۈر مېنى، ئەزىزىم (ھېكايە) ........ 106
توختاش ئاشىروۋ ........ شائىر ۋە ئوغرى (ھېكايە) ........ 111


## ساتىرا ۋە يۇمۇرلار


مۇھەممەت تۇرسۇن ئابدۇكېرىم ........ جانۋارلارنىڭ بەزمىدە ئېيتقانلىرى ........ 114
ۋارىسجان قاسىم ........ دۇنياي تارتقان ئەگرى خورەكلەر ........ 116


## ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر


روزى ئەخمەت ........ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قىستۇرما رەسىم ئىجا-
دىيىتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى
توغرىسىدا ........ 117


## ئەدەبىي ساۋات


يالقۇن ئۆمەر ، ئابدۇغېنى ھوشۇر ........ كىلاسسىزىم ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ........ 121


(بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە مۇقاۋىلەرنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت ، جۈمە ئابدۇللا ئىشلىگەن )



ئەختەم ئۆمەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلۇپ، ئۆزىگە خاس خاراكتېر ۋە يېڭىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىر قىسىم نادىر ئەسەرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئۆتكۈر ئىستىقباللىق ياش يازغۇچىلىرىمىزدىن بىرى. 1981 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «ئاق جۇۋان»، «دازىشىن»، «يۇلتۇزسىز كېچە»، «ئۇيقۇلۇق سەھەر» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە ھېكايىسى، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «زېمىن قارا ئادەملىرىڭگە»، «سىرتماقتا بوغۇلغان ھەسرەت»، «شور پېشانە»، «قۇملۇق ئىنتىرۋاتسىدۇ» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى ئۇنىڭ «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. «ئاق جۇۋان» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «ئاخشامقى پەرىشتە» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلار توپلىمى شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرگە بېرىلدى. «مەن قان ئىچمەيتتىم» ناملىق يېڭى پوۋېستى «كارۋان» مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېز ئالغا بېسىپ، ياخشى نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.
1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بويىچە مۇنەۋۋەر

ئەختەم ئۆمەر 1988 - يىلى 4 - ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، «سالجىلار چاپلاشقان قوي پادىسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىغاندىن باشقا، «تىرىك مۇردىلار» ناملىق تۇنجى رومانى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. ئۇ، ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

**ئەختەم ئۆمەر**

# گۆلەخ بالىسى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاسماننى قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلىدى. قىش كۈنلىرىدىكى بۇ ھالەت شەھەر ئاسمىنىدا دائىم دېگۈدەك ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇخسىغان سېسىقچىلىققا ئادەملەر كۆنۈپ كەتكەن، كۆنمەيمۇ ئامالى يوق. ساماۋەرخانىدا ئول-تۇرۇپ ياكى يولدا كېتىۋېتىپ قاخشاپ قويغانغا قانچە يىللار بولدى. ئەمما ساناقسىز مورىلارنىڭ ئاسمانغا قاراپ تۇرغان ئاغزىنى يەرگە قىلىۋېتىش، مورىدىن ئىس چىقارماسلىقنى كەشپ قىلالمىدى.

بۈگۈنمۇ ناماز شام ۋاقتى بولدى. يېزا

چېتىدىكى سۇ ئايىغى جاڭگاللىغا چاپلاشقان بۇ خۇمدانغا، يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىككى توپ قېرى ئۈجمىلىك، سۇ يېنى جامگا بېسىپ سېسىپ كەتكەن كۆل يېنىدىكى چىرايلىق نە-قىشلەر بىلەن بېزەلگەن مەسچىتتىن ئاڭلان-غان ئەزان ئاۋازى ۋە يېزا ئىتلىرىنىڭ ھورۇنلۇق بىلەن قاۋىغان، تەلۋىلىكى تۇت-قان دېھقانىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى تىللى-غان ئاۋازى ئاڭلانماي قالمايدۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا، يېزا يولىدا ناماز شام قارىغۇسىدەك تەمتىلىشىپ، بىردىن، ئىك-كىدىن چۇل - چۇل كېيىملىك، قاسماق باسقان باللار خورجۇن قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ سۆ-زۈلۈپ كېلىدۇ. بەزىسى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، بەزىسى يېزا ئىتلىرىنى دوراپ قا-ۋاپ قويۇشىدۇ. ھەمماتتا 30 - 40 بالا بۇ پاكار خۇمدانىنىڭ باغرىدا ئۇنىڭدىنمۇ پا-كار خۇمدان ھاسىل قىلىپ، غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ يەر قىش - ياز مانا شۇ سەرگەردان تىلەمچى باللارنىڭ پاناھ جايى. بولۇپمۇ، قىش كۈنلىرى بۇ خۇمدان ئۇلارغا زامانىۋى بىنالاردىكى پاردەك ئۆز ھوزۇ-رىنى بېرىدۇ. نەچچە ھىلى يىللاردىن بېرى تۆمەن دەرياسىنىڭ سۈيى تۆكۈلمىگەندەك، بۇ خۇمدان كۆلەڭگىلىرىدىنمۇ سەرسان باللا-لار ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئۇ، شەھەر كوچىسىغا تىلەمچى باللارنى، جاپاكەش ئىشلەمچى-لەرنى، يەنە تاشۋايدەك ئۇلۇغ سازەندىلەرنى چىقاردى، ئەمما تاشۋايدىن كېيىن كۆلەخ-تىكى باللار تۈگەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدەك يەنە بىرى چىقمىدى. بۇ خۇمدانلار ئېسىل بىنالارغا خىش چىقىرىپ بېرىدۇ. ئەشۇ خىشنى پىشۇرغان ئوتنىڭ كۆ-لى مانا بۇ سەرگەردان باللارغا ئىسسىق بېرىدۇ، پاناھ بولىدۇ. قوقاسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئەڭ چوڭى يېشى 70كە يې-قىنلاپ قالغان كۆتمەك ساقال، ۋىجىك ھەم دۈمچەك ھېلىم مەدداھ، قالغانلىرى ئون ياش-تىن 16 ياشقىچە بولغان باللار ئىدى. غەر-بىي شىمالدىن ۋىژىلداپ تۇرىدىغان ئاچچىق سوغۇق باللارنى ئوتقا بارغانچە يېقىن سۈرۈپ قويۇۋاتقانىدى، ھەتتا بىر قانچە بالا تۇمشۇقى تېشىلىپ كەت-كەن كونا ئۆتۈك، پاختىلىق - يىلىڭ خەيلىرىنى قوقاسقا تىقىۋېلىپ، پۇتلىرىنى ئىسسىتماي-ۋاتقان سېسىق ھور چىقىۋاتقان تەردىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بول-ماقتا. ئۇلار ھەممىسى قوقاس ئۈستىگە يېڭى ئۆچكەن كۈللەردىن باسۇرۇپ، ئۈستى-گە ئولتۇردى. باللار نۆۋەت بىلەن قومۇش، يانتاق، پاخال ئەكىلىپ ئوتقا تاشلاپ، كۈل-خاننى ئاۋۇتۇپ تۇردى. كۈل-خان ئۈستىگە بىر كونا قازان ئېسىلغان بو-لۇپ، ئۇنىڭدا چامغۇر، سەۋزە، كاۋا موللاق ئېتىپ قايناپ ئۇنىڭدىن چىققان پۇراق ھەر تەرەپكە تارالماقتا. ھېلىم مەدداھ قولىدىكى كۆسەي بىلەن بىردە ئوت-نى چوخچىلاپ، بىردە بىر - بىرى بىلەن پې-تىشماي بېقىندىشىپ، دەتالىشىۋاتقان با-للارنىڭ بۇرنىغا كۆسەينى تەگلەپ، بىرى-گە ھاي بېرىپ، بىرىنى تىللاپ، يەنە بىرى-نى ئەيىپلەپ ئولتۇرىدۇ. ئىش قىلىپ ئۇ-نىڭ ئاغزى بېسىلمايدۇ.

— ھەي تۇرغۇنەك بالاموي! ھېلى بىر يېرىگە كۆسەينى تىقىۋېتىمەن باكا، تىنىم ئولتا دېگەندىكىن تىم ئولتا، بارغانچە ئوت-نىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتىسەنا، ھېلى بىر يېرىڭنى كۆيدۈرۈۋالىسەن، قارنىڭ ھاۋاسى تۇرىدۇ، بۇ سوغۇق قارنىڭشە پىسى، - دېدى ئۇ، باش - كۆزىنى چاقا بېسىپ كەتكەن، كىنچىك كۆزىنى ھەييارلىق بىلەن

ئويناشىپ تۇرغان قىزىل - سېرىق بالىلارنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆسەي بىلەن نوقۇپ.

قىزدىق كۆسەي ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بالا «ۋايجان، ۋاي مەن ئۆلدۈم» دەپ ئوكىدىسىغا يىقىلدى. بالىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇرغۇن قايتا ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى قارا كۆيىدە ئالا-پاش بولۇپ قالغانىدى. بالىلار بۇنى كۆرۈپ، بايىقىدىن بەشراق كۈلۈپ قويۇشتى.

— ھېلىقى تۆت لالما نىمانداق كەلمەيدىغاندا؟ - دېدى قارا قۇمچاق، ئاۋاق كەلگەن ئادىل. كەپ قىلغاندا ئۇنىڭ قاپقارا قاسماق بېسىپ كەتكەن بويىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ، گەپكە كۈچى يەتمەي ئاۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ھېلىم مەدداھ قىچىشىپ كەتكەن پاخماق ساقىلى ئاستىدىكى ئېڭىكىنى تاتىلاپ ھومايدى:

— ھەي، نە پىسلىق تاقىلداپ كەتتىما؟ ئاۋاق بولمىغان بولساڭ، قانچە پاتمان يەتتىڭ؟! بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، دەپ ئولتار.

— مەنغۇ يا تېنى بېرى ئىچىمدە مېڭىنى دېدىم، شۇزە، قورسۇقۇم كۆنمەيدىكەن.

سەمەت ئىسسىلىك دوغولاق، پوتلىسى قورۇمايدىغان بېرسى قارا قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن تۇمشۇقىنى سۈرتۈپ شۇنداق دېيىشىگە، بۇۋاي ئۇنىڭغا كۆسەينى شىلتاپ دېدى:

— سوقۇندىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى ئەمدى. بالىلار يەنە پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— ھەي سەمەت، سەن ماۋۇ قولۇڭدىكى چىپەرقۇت پەلىيىڭنى قاچان سېلىشتۇرىسەن؟ - دېدى چېكىدەك قارايدىغان بىر بالا ئاغزىنى كالاچايتىپ،

— يېتىمنىڭ يەتتە قارنى بار، ئالتىسى تويسىمۇ، بىرسى تويمايدۇ. شۇڭا سەمەتنىڭ قورسىقى تويمايدۇ، - دېدى ئادىل.

— بۇ يەردە قايسىڭ يېتىم ئەمەس؟ سەن يېتىم بولمىساڭ كۆلەكتە يېتىپ تىلەمچىلىك قىلامتىڭ. ھەممىمىز ئوخشاش، - دېدى سەمەت چاچىلداپ. ئادىل تېرىكتى:

— ھېلى جۇما... بېقىنىڭدىن تۆگلۈك ئاچەن. مېنىڭ دادام-ئانام ھايات.

— ھىم! ئۇنداق بالىسىنى كۆلەكتە ھەيدىۋېتىپ، ئۆزى ئىسسىق ئۆيدە تۇرىدىغان ئاتا-ئانىنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى. سەن ياۋا شاختىن بولغان نېمىكە نسەن، بولمىسا باقمامدۇ.

سەمەتنىڭ گېپىدىن بالىلار چۇقۇرۇشۇپ كۈلدى. ئادىل سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يېرتىقچا پىنىنىڭ پېشى سەكرىگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە، ھېلىم مەدداھنىڭ كۆسىيى ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ بولدى.

— ئولتۇرە...! ئولتۇرۇش چۆچەلەر... كۆلەكتە يېتىش زامانىدىن قالغان قىسمەت. راۋابچى تاشۋايمۇ شۇ كۆلەكتە چوڭ بولغان. ھەر كىم بولسىمۇ، ئاللا ئۇنىڭ پېشانىسىغا كۆلەكنى پۈتكەن بولسا، كۆلەكتە ياتماي ئامالى يوق. مەن كۆلەكتە ئەقلىمگە كەلگەن. قېرىغىنىمدا يەنە كۆلەككە كەلدىم...

ئادىل سەمەتكە قاراپ ئېڭىكىنى سىقىمداپ، تۆكۈلگەن مۇشتۇمىنى تەڭلەپ قويۇپ ئولتۇردى.

— سەن دوسقاننى سالە، - دېدى ھېلىم مەدداھ يېنىدىكى بالىغا، بالا ھېلىم مەدداھ بېلىدىن يېشىپ بەرگەن كىردىن

رەڭگىنى يوقاتقان بەلباغنى ئېچىپ، سورۇنىنىڭ ئۇچۇق يېرىگە سالدى. پۇرلاشىپ يىغىلىشىۋالغان يەرلىرىنى بوۋاي ئەتسىز بارماقلىرى بىلەن تارتىپ:

— قېنى بالىلىرىم، بۈگۈنكى ئوقەتلىرىڭلارنى تاشلاڭلار — دېدى.

بالىلار خورجۇن، خالتىلىرىدىكى ئەتىگەندىن كەچكىچە تىلەپ تاپقان — تەرگىنىنى داستىخانغا تۆكتى. ھەر خىل پارچە نانلاردىن كىچىككىنە خامانچاق ھاسىل بولدى. نانلار ئارىسىدا ئانچە — مۇنچە سىنتا پۇللارمۇ بار ئىدى. ھېلىم مەدداھ ئۇنى بىر — بىرلەپ يىغىپ سايلاپ قوينىغا سالدى. ئەمەلىيەتتە، پۇللارنىڭ كۆپىنى بالىلار چىلىك يېرىگە سېلىشىپ بەرمەيدۇ. گۆش، ئۆپكە — قېرىن، بولكا، پىچىنە-پىرەنىك، ئالما، ئۈزۈم، ئامۇت دېگەندەكلەرنى ئۇدۇللۇق يەپ، پەقەت قۇرۇق نانلارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇ خامانغا تۆكىدۇ.

— لالىلارمۇ كەلدى! — دېدى بالىلاردىن بىرسى، ھەممىسى يېزا يولىغا قارىدى. قاراڭغۇدا تۆت كىچىك كۆلەڭگۈ خۇمدانغا قاراپ ئاستا سۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. بوۋاي ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي، كۆزلىرى قىسىلغان ھالدا بىر دەم قاراپ:

— ھە ... كەلدىمۇ؟ كەلگەن بولسا قازانغا سالىلى. قورساقىڭلار بەك ئېچىپ كەتكەنلەر يۇمشاقلىرىدىن بىرەر پارچىدىن ئېلىپ يىگەچ تۇرۇڭلار — دېدى.

بوۋاينىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىپ بولغىچە، قاپ- قارا قوللارنىڭ ھەممىسى خامانچاقىغا سوزۇلدى. بوۋاي قىغچىنىڭ ئارىسىدەك قوللىرى بىلەن نانلارنى پۇرۇخلاپ قاينىۋاتقان داش قازانغا سېلىشقا باشلىدى. ئىككى بالا ئۇزۇن يولغۇن تايىقى بىلەن قازاننى قوچىدى. قارا، مايلىشاڭغۇ پارقىراپ كەتكەن تاياق گۈلخان يورۇقىدا بالىلارنىڭ كۆزىدەك سۇس پارقىراپ كەتكەنىدى. بالىلار نانلىرىنى چاينىشىپ، تېتىقسىز گەپلەرنى دېيىشىپ، ھەزىل قىلىشىۋاتقاندا، تۆت بالا كەلدى. ھېلىم بوۋاي سېسىپ كەتكەن قارامتۇل چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى.

— مۇھەممەت ئەلى ... خانقىز ... نۇراخۇن ... شانىياز كەپىلەر... سىلەرنى ساقلاپ قورساق ئېچىپ كەتتى شەيتانلار، — بوۋاي ئۈزۈپ — ئۈزۈپ ئەركىلىتىپ سۆزلىدى. بالىلار بوۋاينىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ نانلىرىنى تۆكتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەت ئەلى ھەممىسىدىن كىچىك، ئەمما چېچەن، ئەقىللىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خانقىز قارا، سەترەك، ئەمما ئۇمۇ ئەقىللىق ئىدى، بۇ ئوتتۇز — قىرىق بالا ئىچىدە بىرلا مۇشۇ قىز بولۇپ، بۇ قىزنىڭ قانداق قىلىپ بۇ سەرگەردان بالىلار ئارىسىدا يۈرۈۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە، بۇ قىز 13 تىن ئاشتى، بويىغا يەتتى، دېگەن سۆز. بۇنىڭ ئارىسىدا كىچىك تۇرۇپ، چوڭ بولۇپ قالغان ئوغۇللارمۇ بار، بالىلار خۇمداننىڭ كۆلەختە قاتارى ئۇخلايدۇ، خانقىزنى بالىلاردىن بىر قانچىسى كېچىسى بوزەك قىلماق بولدى، ئەمما ھېلىم مەدداھ قۇتقۇزۇۋالدى. ھازىر كەلگەن مۇھەممەت ئەلى، خانقىز، شانىياز، نۇراخۇنلار بۇ چوڭ توپ ئىچىدە بىر گۇرۇھ بولدى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ توپتىكى بالىلار ئىچىدە خۇي — پەيلى ئوخشاشلاردىن چىقىپ، تەبىئىي دوستلۇق ئورناتقان. ئۇلار بۇ توپتىكى بەزى

بالىلارنىڭ قىلمىقىسىزلىقىدىن نەپرەتلىنەتتى-
دۇ. ئۇلارنىڭ كۆپى ئاشخانىلاردا، كوچى-
لاردا تىلەيدۇ ھەم ياچۇقچىلىق، ئوغ-
رىلىق قىلىپ تاپقىنىغا قىمار ئوينايدۇ-
دۇ، نەشە چېكىشىدۇ، ھەتتا بەزىدە
كوچا ئاياللىرىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يۈرۈپ
كېتىدۇ. ماۋۇ تۆتى ئىلاجى بار ئاشخانى-
لاردا تىلەيدۇ، سۇ توشۇيدۇ، كۆل توشۇي-
دۇ، ئىش تېپىپ قىلىشىدۇ، ئىش تاپالمىغان-
دا تىلەيدۇ. كېچىسى ھېلىم مەدداھ بۇ تۆت
بالا بىلەن كۆلەخنىڭ ئىچكىرىسىدە چەمبەر
شەكلىدە قاتار يېتىشىپ، خانقىزنى دۆگۈ-
لەك ئىچىدە ياتقۇزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يا-
مان بالىلارمۇ خانقىزغا چېقىلالمايدۇ. ما-
نا بۇ خۇمدانىنىڭ خېلى ئۇزاقتىن بىرىقى
ئەنئەنىۋى ھاياتى.

بالىلار مىس قاچىلارغا ناندىن پۇشۇرۇل-
غان ئاتالارنى ئۇسسۇپ ئىچىپ، ئۆز ئو-
رۇنلىرىغا خۇمدانىنىڭ قىزىقلىرىدىن تار-
تىپ، ئۆزلىرىنى كۆمۈشتى. بۇ جەرياندا
بىر قانچىسى ئۇرۇشۇپ تىللاشتى. ھېلىم بو-
ۋاي، مۇھەممەت ئېلى، خانقىزلارمۇ ئوچاققا
ئىچكىرىرەك ئورۇن راسلاپ يېتىشتى. ھېلىم
مەدداھ كۈندىكىدەك ھەزرىتى ئېلى كا-
پىرلارنى ئىمان ئېيتقۇزغان قىسسىلەرنى
سۆزلەشكە باشلىدى. شامال بېسىلىپ، ئۇش-
شاق قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. بالىلار
قاردىن زارلىنىپ، ئوچاق ئىچىنى ئىگىلى-
ۋالغانلارنى دارىتىملاپ تىللىشىپ، ئاستا-
ئاستا جىمىپ قېلىشتى. كۈلنىڭ ئىسسىق
تونۇش پۇرىقى ئۇلارغا دائىمقىدەك ئۇيقۇ
ئاتا قىلدى.

باش ئەزان چىققان چاغدا، كۆلەخنى-
كىلەر شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، يەر
يۈزىنى نېپىز قار باسقانىدى. دەل شۇ پەيت-
تە، ئەسىرلەر بويى ئۈزۈلمەي ئېيتىلىپ كې-
لىۋاتقان يەنى، قار - شىۋىرغاندىمۇ، ئاچ -
يالىڭاچلار زارى ھەممە يەردىن ئاڭلىنىپ
تۇرغان چاغدىمۇ، بۇ يۇۋاش قوي مىجەز
خەلقنىڭ قېنى سەل بولۇپ ئاقاتتىمۇ،
ئۈزۈلۈپ قالماي ئاڭلىنىپ تۇرغان ئەزان
ئاۋازى بىلەن تەڭ، خۇمدان ئوچىقىنىڭ ئالدى
تەرىپى گۆمۈرۈلۈپ چۈشتى ۋە بەختىنى ئۇن-
تۇپ قالغان بۇ بىچارىلار ئۈچۈن چىۋىدىن چاققان-
چىلىك سېزىم بېرەلمەيدىغان بەختسىزلىك
يۈز بەردى. ئوچاق ئىچكىرىسىدىكى بەشە يې-
لەنىنىڭ ھەر خىل ئاۋازدا نالە قىلغانلىرى
ئاڭلىنىپ تېزلا بېسىلىپ قالدى.

× ×

ئاخشام ياققىلى تۇرغان قار تاڭ ئات-
قاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەدەپكەتتى. خەلق
دوختۇرخانىسىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى
بۆلۈمىنىڭ دوختۇر، سېستىرالىرى ئىشىك
ئالدىدىكى قارنى تازىلاش ئۈچۈن سۈپۈر-
گە، گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئەمدى
ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا، ئۈستى-بېشى قار
باسقان، جۇل - جۇل كىيىملىك تۆت بالا
چۇۋۇق زەمبىل ئۈستىدە بوش ئىنجىقلاپ
ياتقان ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دىمەتلىك بىر
بالىنى ئېلىپ كېلىشتى. ئەڭ ئالدىدا ئىشىك
ئالدىغا چىققان ئاق يۇمىلاق يۈزلۈك، چوڭ
قارا كۆزلۈك چىرايلىق جۇۋان خورشىدە
زەمبىلدىكى بالىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ
قالدى. مۇھەممەت ئېلى چىرايى تاتارغان
ھالدا سۇس تىنىپ ئوكدا ياتاتتى. ئۇنىڭ
بېشىدىن ساقىپ چىققان قان يۈزىدە قېتىپ
قالغانىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى خورشىدە.

— باش ئەزان ۋاقتىدا خۇمدان بې-

سۇئالدى. ـ دېدى سەمەت.

ـ بۇ بالا خۇمداندا نېمە ئىش قىلاتتى؟

سەمەت بۇرنىنى تارتىپ ئادىلغا قارىدى، ئادىل قىزىرىپ كېتىپ دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

ـ بىز... بىز... شۇ، ئەشەدە... گۈلەختە ياتىمىز، شۇ.

ـ نېمىشقا؟

ـ بىزنىڭ ئۆيىمىز يوق.

ـ ئاتا ـ ئاناڭلار يوقما؟

ـ بەزىلىرىمىزنىڭ بار، بەزىلىرىمىزنىڭ يوق.

ـ قەيەردە؟

ـ يىراقتا مەھەللىمىزدە.

ئادىلنىڭ جاۋابىدىن خۇرشىدە غەمكىن كۈلۈپ قويدى:

ـ كەينىمدىن مېڭىڭلار!

مۇھەممەتئېلىنى ياتاققا ئالدى. ئاۋۋال 200 گرام قان بېرىلدى. مۇھەممەتئېلىنى كاردۋاتقا ياتقۇزغان ھامان تۆت بالا بىر-بىرىنى ئىشارەت قىلىشىپ: «سەندە، سەن دېگىنە» بىلەن كۇسۇلدىشىپ كەتتى. ھەممىسى ئالدىرىشىپ قېلىشقانىدى. خۇرشىدە يېزىۋاتقىنىنى قويۇپ، بېشىنى كۆتۈردى:

ـ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

سەمەت، ئادىلغا ئالىيىپ قويۇپ بۇرنىنى يەنە تارتتى:

ـ بىزنىڭ بۇ مۇھەممەتئېلى، ھېلىم مەدداھ، نۇراخۇن، خانىقىز، شانىياز... شۇ... شۇلارنى خۇمدان بېسىۋالدى. قالغانلار ئۆلۈپ كەتتى. مىجىقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. مۇھەممەتئېلىنىڭ يەيدىغان رىسقى بار ئىكەن، بىز ئۇنى بۇ يەرگە ئەكەلدۇق. قالغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بالىلار موللام چاقىرغىلى كەتتى. بىز بۇنى ئەكەلدۇق. ھازىر كېتەيلى دېسەكەن، ئۇلارنى يەرلىكىدە قويۇۋېتىپ كېلىمىز.

خۇرشىدە ئاغزىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېتىپ، «ئۇھ» دەپ ئىچىگە تارتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىنىڭ سەل قىزارغان ئاق ئالمىسى كېڭىيىپ، بارمىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك پارقىراپ كەتتى.

ـ ۋاي بىر قېتىمدا تۆت ئادەم ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟

بالىلار تەڭ بېشىنى لىڭشىتتى.

ـ بۇنى ھۆكۈمەت سۈرۈشتۈرىدۇ ـ دېدى خۇرشىدە.

ـ سۈرۈشتۈرسىمۇ خۇمداننى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، خانىم. ئۆزىگە ئارتىدۇ. ھۆكۈمەت بىزنى خۇمداندا يات، دېمىگەن.

راست، بۇلار راست گەپ قىلدى. ھەقىقەتەن ھۆكۈمەت ئۇلارنى خۇمداندا يات دېمىگەن. ئەمما ئۇلارنى كىم ئۇيەردە «يات» دېگەن، يەنىلا ھېچكىم. جەمئىيەت ئۇلارغا ئاشۇ ئورۇننى بەخشەندە قىلغانىدىن سىرت، يەنە شۇنداق بىر ئۇقۇمنى كاللىسىغا ھەقىقەت قىلىپ سىڭدۈرۈۋەتكەنكى، بۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ پېشانىسىغا پۈتكەن بۇ دۇنيادىكى رىسقى-نېسىۋىسى. شۇڭا ئۇلار ھەممە ئىشنى پەقەت ئۆزىدىن كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن، شۈكرە قىلىش كېرەك.

ئۇلار كەتتى. خۇرشىدە قەلىمىنى تۇتقانچە ئولتۇرۇپ قالدى. دوختۇر كېسەل داۋالاۋاتقانىدا، كېسەللىگە كۆزىنى مىت قىلماستىن پىچاق سالىدۇ. بۇنى ئادەملەر قانداق چۈشىنىدۇ؟ مېنىڭچە، كېسەلنىڭ ئۆزىگە رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئادەمگە چەكسىز مېھرىبان بولىدۇ،

ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە بولسا، شۇلار يەنە ھەممىدىن كۆپ ئازاب تارتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋىژدانىغا ئازابىتىسىن، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش، پەقەت قۇتقۇزۇش دېگەن ئومۇمىي ئۇقۇم سىڭىپ كەتكەن. بۇ ئەسلى ماھىيەت.

مۇھەممەتئېلىنىڭ ئىككى تال قوۋۇرغا، ئوڭ پۇتىنىڭ يوتىسىدىن سۇنغان بولۇپ چىققتى. دوختۇرلار، كېسەللەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى. ئۇ، ھاسا تاياقتا ماڭىدىغان بولغاندا، ئۇنىڭ چاقماقتەك سۆزلىرى ھەممىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

— قانچىگە كىردىڭ؟

— توققۇزغا.

— ئاتا- ئاناڭ يوقمۇ؟

— دادام بار، ئانام يوق.

— قەيەردە؟

— غۇلجىدا.

— سىلەر كەمبەغەلمۇ؟

— ياق، خېلى باي.

— نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

— ئۆگەي ئانام دېگەن جادىگەرنىڭ ئەسكىلىكىدىن قېچىپ چىققان.

دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن قىلچىلىكقا يىغۇئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

— ھەر ھالدا ئۆي ياخشىتى. مۇشۇنداق سوغۇقتا كۆلەختە يېتىپ، ئېچىن- توقۇن، يېرىم يالىڭاچ يۈرۈپ، ئۆي قەدرىگە تازا يەتكەنسەن،- دېدى سېمىز، پاكىنەك تاقىر باش دوختۇر ئابلەت.

— كۆلەختىن ئۆي مىڭ ياخشى. ئاناڭ ئۆگەي بولغان بىلەن، داداڭ بار ئەمەسما؟

— قويىڭا ئاكا. ئاشۇ ئۆيدىن مېنىڭ كۆلەختىكى كۈنۈم دوزاقتىن جەننەتكە چىدگەندەك كۈن، ھازىرقى كۈنۈم بەك ياخشى. ئاچ قالسامۇ پەقەت غېمىم يوق. ئەركىن- ئازادە، تويغاپ قالسامۇ، سوغۇق يېسەممۇ، تىل ئىشىتىپ، تاياق يېمەيمەن.

دوختۇرلار ئۇنىڭغا بالىلىرىنىڭ كونا- يېڭى كېيىملىرىنى ئەكىلىپ بەردى، مۇنچىدا يۇيۇندۇردى. كىيىملەرنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن - قىسقا كەلسىمۇ، تازا يارىشىپ چىرايلىق بىر بالا بولدى. مۇھەممەتئېلىنىڭ كۆلەختىكى دوستلىرى ئۇنى ئىككى- ئۈچ كۈندە كەچتە يوقلاپ كېلەتتى. بىر توپ جۇل - جۇل كېيىملىك بالىلار كارىدورغىمۇ پاتماي قالاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەتئېلىنىڭ ئامراق دوستىدىن بىرسىمۇ يوق. بالىلارنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ ھەم كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغا تۇتتى ھەم ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى كۆرگەندەك بولدى. بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن خوشى يوق ئەمەس، ھەممىسىگە شۇنچە ئامراقلىق ھېس قىلدى.

— سىلەر بۇنداق يۇرمەي ئۆيۈڭلارغا كەتسەڭلار بولمامدۇ؟ - دېدى خۇرشىدە.

— ئۆيدىن مۇشۇكۈنىمىز ياخشىغانىدىم،- دېدى بىر ئېغىزدىن بالىلار.

— ھازىر دېگەن يەرنى ھۆددىگە بەردى، دېھقانلار باي بولۇپ كەتتى. ئۇلداق بولمىسىمۇ سىلەرنى ئاتا - ئانائىلار باقماي، بۇنداق تاشلىۋەتمەيدۇ. باي بولمىدىمۇيا؟

— ھەممە ئادەم باي بولدى، دېيىشىدۇ. بىز بىلمىدۇق خانىم. ئىش قىلىپ، ئۆيدىن خۇمدان مىڭ ياخشى. شەھەرگە يېقىن، خۇدا رىسقىمىزنى بېرىدۇ.

ئابلەھەت دوختۇر مۇھەممەتئېلىنى پالا قىلىۋالماقچى بولدى.

— ماڭا قايلا، ئاكام پىچاقچىلىق قىلىدۇ. ماڭا بالا بول، ئۈچ بالامغا جۇپلەپ باقاي. ئاكامغا تۇتۇپ بېرىمەن، پىچاق چىلىقنى ئۆگىنىۋالىسەن، چوڭ بولغاندا تويۇڭنى قىلىپ، چىرايلىق ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويىمەن، قانداق؟

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەيدۇ.

— ئابلەت دوختۇر بىر ساۋاب ئالاي دېسىلە، مۇشۇ يېتىمنىڭ بېشىنى بىرسىلاپ قويسىلا.

— تەلىيىڭ باركەن غورپىلەك، دادا - دە.

بالا كارىۋاتتا تىزىنى قۇچاقلاپ، يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى.

— قانداق؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ، دادا دېگىنە، - دەپ قولىنى يېنىك سوزۇپ ئەركىلىتىپ قويدى خۇرشىدە. ئۇ، بۇ بالىغا ھەممىدىن بەك ئىچى كۆيەرلىك قىلغۇسى، داۋاملىق ئۇنى ئەركىلەتكۈسى كېلىپ تۇراتتى.

— ھە، قېنى گەپ قىلمامسەن؟ - دېدى ئابلەت، مۇھەممەت ئەلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، بالا بېشىنى كۆتەردى. ئۇ قىزىرىپ، پىشانىسىدە تەر تەپچىرىگەنىدى.

— سىلە بەك ئوبدانكەنلا... شۇ... خاپا بولمىسىلا. سىلىنى دادا دېيىش بەك تەسكەن، ھېچ ئاغزىم كەلمەيۋاتىدۇ، يا تىلا تۇتۇلىدىكەن.

— مەيلى ھازىرچە دېيەلمىسەڭ، كېيىنچە كۆنۈپ قالىسەن.

— راست دەيدۇ، كېيىنچە كۆنۈپ قالىسەن.

بۇ يەرگە يىغىلغان دوختۇر ۋە باشقا كېسەللەر بۇ ئىشتىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق ماقۇللۇق جاۋابىنى بېرىشىنى تەقەززا بولۇپ كۈتەتتى.



— ئاكا... راستىگەپنى دەي، سىلىنى دېسەم، ئۆتكەنلەك بالا بولغۇم بار، ئوبدان ئادەم بولىمەن، شۇڭا، سىلىنىڭ ئۆيدە خوتۇن - بالىلىرى بار... مەن ئۆزەمنىڭ ئۆيىگە مۇ پاتمىغان بالا، قورۇنۇپ قالىمەن...

— ئۇنداق بولمايسەن - دېدى ئابلەت بىر دەم جىم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن: - بولمىسا ئويلاپ باق. مەنۋە ئايالىم، بالىلىرىم سېنى ھەرگىز قورۇپ قويمايمىز. قېنى ئالدىرىماي ئويلىنىپ باق.

ئابلەھەت شۇنداق دەپ ياتاقتىن لاسىدە بولۇپ چىقىپ كەتتى.

— ھەي مۇھەممەت ئەلى، ئەقىلىڭگە جىگەڭگە ئۆتۈپ قالمىغاندۇ.

— تەلپۈكىنى ئاسمانغا ئېتىپ دوختۇرغا

بالا بولساڭ بولىدۇ.

— مەندەك ئادەم جان بوۋىكام دەيمەن. توققۇزى تەل ئۆي ئەمەسمۇ؟

ھەممىسى ئېيىپلىشىپ كەتتى، نەسىھەت قىلدى. مۇھەممەت ئېلى جىم ئولتۇرۇپ خىيال سۈردى. كۆزىدىن مۆللىدە ياش چىقتى، بېشىنى ئاستا چايقىدى. ئۇنىڭ چوڭ قارا كۆزلىرى ئادەم چىداپ قارىغۇسىز ھەسرەتكە تولدى.

— ئاكا... ھەدىلەر... مەن سۆزلەپ سېلەرگە چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن... سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۆيدىن بەك قورقۇپ كەتتىم... ياتىنىڭ كۆزىگە قاراپ، بەك يۈرىكى ئالدى بولۇپ كەتتىم، شۇڭا...

— بۇ باشقا، ئەخمەق.

— بالا ئەمەسمۇ سەن.

دوختۇر، سېستىرا، كېسەللەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەت ئېلىنى تونۇيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئىئانە توپلانغانىدى. مۇھەممەت ئېلى كۆپ نەسىھەتلەر ئاڭلاپ، ماقۇل دېگەن يەرگە كەلدى.

— دادا! — ئۇ ئابلەتنى چاقىرغاندا، چىرايلىق قارا كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش چىقتى. مارت ئېيىدا ئۇ سەللەمازا ساقىيىپ چىقىپ كەتمەكچى. ئابلەتنىڭ ئۆيىگە كەلمەكچى بولدى.

— مەن ئاۋۋال تۇپراق بېشىغا چىقىپ باقسام، — دېدى مۇھەممەت ئېلى، — قازا قىلغانلارنىڭ قەبرىسىنى كۆرمىدىم، ئاندىن كۆلەختىكى ھەمراھلىرىم بىلەن خوشلىشىپ كېلەي.

مۇھەممەت ئېلى شۇ كۈنىدىن باشلاپ غايىپ بولدى.

ئابلەت دوختۇر ئۇنى ئىزلەپ كۆلەختكە باردى. لېكىن تاپالمىدى.

— بىز بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالغان.

دېيىشتى بالىلار تەڭلا.

ئادەملەر — ئاتا بولغۇچىلار، ئانا بولغۇچىلار، چىرايلىق كېيىنگەنلەر، ئېسىل تائام يەۋاتقانلار، چوڭ - كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرغانلار، پۇل تاپقانلار، يۈز تاپقانلار، ھەرەمگە بارغانلار ئەشۇ كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتقانلارنى ھەر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ تام تۈۋىدە كۆرەمسىلەر؟ ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ بالىلارنىڭ ئاچ قالماسلىقى، يالىڭاچ قالماسلىقى، توڭۇپ قالماسلىقى ئۆي - ماكانسىز قالماسلىقى ئۈچۈن جېنىڭلارنى پىدا قىلىسىلەر. بۇ، ھەممىمىزدىكى ئاللا ئاتا قىلغان تەبىئىتىمىز. كەلگۈسى ئۈچۈن، ئەمما تام تۈۋىدە بويۇن قىسىپ ئولتۇرغان ئەشۇ بالىلارمۇ بىزنىڭ ئەۋلادىمىز. بىز بىر زىخ كاۋاپنى كەم يېسەك، بىر رومكا ھاراقنى كەم ئىچسەك، ئۇلارنىڭمۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ياشاۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىساق، ئاندىن ئادەم بولارمىز. ھېچنىمىگە قارىماي پۇل تېپىۋاتىمىز، باي بولۇۋاتىمىز، ئەمما بىز بىر موچەننى ئارتۇق تېپىۋاتقاندا، دەل ئەشۇ بىر موچەننى زىيان تارتىۋاتقان دەل بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بولۇۋاتىدۇ. بىز كاتتا ساۋاب ھەم ئابروي تېپىش ئۈچۈن، ھەرەمگە بېرىۋاتىمىز. ئەمما ئەشۇ كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتقان بالىلار ۋۇجۇدىدا كاتتا ساۋابنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. جەمئىيەت ۋىجدانى كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتقان ئەشۇ بالىلارنى «بالام!» دەپ چاقىرىپ، قۇچىقىمىزنى ئاچايلى. چۈنكى، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش قوي كۆزلۈك ئادەم.

1987 - يىلى نويابىر، قەشقەر.

ئابلىمىت ھاجى



# يۇلتۇزلارنىڭ بېرى



## قوش ئامەت

تۆھمەت ۋە ھەسەت ئىرادىسىز ئادەملەرنى بوزەك قىلغان بىلەن، باتۇر ئادەملەرنى تاۋلايدۇ، چې-نىقتۇرىدۇ. قۇش قانىتى بورانىدا كۆچلىنىدۇ. ئادەم بالىسى جەڭدە يې-تىلىدۇ. تۇرمۇش — جەڭ. ئادەم ئۇ جەڭنىڭ شېرىن نازۇ-نېمەتلىرى بىلەن خۇشاللىق، شان - شە-رەپلىرىنىڭ خۇش كەيىپ تاما-سىدىلا ياشىماي، يەنە ئۇ جەڭنىڭ ئاچچىق ھەسرەت - نادامەتلىرى، خاپىچىلىقلىرى ۋە خورلاشلىرىدىغا پەسەنت قىلمايدىغان بىر غالىپ روھنى ئۆز پېكىرىنىڭ ئاچقۇچى، ئەقىدىسىنىڭ يېتەكچىسى، قەلب خا-تىرىسىنىڭ يادرولۇق ماۋزۇسى، مۇبارەك لەۋزىنىڭ جارائگلىق ناخشىسى قىلىۋېلىش كېرەك.

ۋاسىلنىڭ «م» ناھىيىلىك ماڭارىپ ئىدارىسىغا ئابدۇنەبىنىڭ ئۈستىدىن ياز-غان تۆھمەت خېتى ئابدۇنەبىنىڭ مۇيىنىد-مۇ تەۋرىتەلمىدى. بەلكى ۋاسىلنىڭ مۇد-دىئاسىنىڭ ئەكسىچە، ئۇ خەت ئابدۇنەبى-نىڭ ئەقىل دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇ-نى سەگەكلەشتۈرۈپ، ۋۇجۇدىغا تېخىمۇ چوڭ كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئەتتى. ئۇ «م» ناھىي-

---

بېشى ژورنىلىمىزنىڭ ئۆتكەن يىلقى 5 - ، 6 - سانلىرىدا؛

يىلىنىڭ مائارىپ ئىدارىسى ئەۋەتكەن 10
مىڭ يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز كارخانىسىنىڭ
كېلىچەك مەنزىرىسى نامايەن بولدى. ئۇ
پىلانى بويىچە، بۇ يېزىدىكى ئەڭ نامرات
ئائىلىلەردىن چېكىپ تاللاپ كۆرۈپ، ئون
ئائىلىدىن ئون نەپەر ياش يىگىتنى يار-
دەمچىلىككە تاللىدى. ئاندىن بۇلارنىڭ
ئىچىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈت-
تۈرگەن تۆت بالىنى شەھەردىكى ھېلىقى
دەپتەرچىلىك كارخانىسىغا ئۆگىنىش ئۈ-
چۈن ئاپىرىپ بەردى. يىگىتلەردىن بىر يۈرۈش
ئەسۋاب - سايمان سېتىۋالدى. شەھەردىكى
بىر گېزىتخانىنىڭ باسما زاۋۇتى بىلەن
مۇناسىۋەت باغلاپ، ئالدىن بىر نەچچە تاي
قەغەز سېتىۋالدى. ئۇ ئۆز كارخانىسىنى
ئىقتىدارلىق بىر كارخانىغا ئايلاندۇرۇش
ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزىگە قەسەمياد قىلغانى-
دى. ئۇ ۋاسىلنىڭ «م» ناھىيىلىك مائارىپ
ئىدارىسىغا يازغان خېتىدىكى: «ئۇنىڭ
كارخانىسىنىڭ ئۇنچىلىك مەھسۇلات ئىشلەپ
بەرگىدەك ئىقتىدارى يوق...» دېگەن سۆز-
لىرىنى يادىغا كەلتۈرسىلا: «ئالدىرىما تې-
خى، خۇدا يېرىم بۇيرىسا، پات-ئارىدا ئىقتى-
دارىمىزنىڭ بار - يوقلۇقىنى كۆزۈڭگە
كۆرسىتىپ قويىمسام...» دەيتتى.
شۇڭا ئۇ، كەم - كوسىلىرىنى
بىر قۇر تولۇقلىۋالغاندىن كېيىن، يۇرت-
نىڭ مۆتىۋەرلىرى، چوڭلىرى ۋە ھەر تە-
بىقىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى چاقىرىپ،
بىر قوشقارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قېنىنى
ئېقىتىپ چاي بەردى ۋە ئۆز كارخانىسىنىڭ
رەسمىي ئىشقا چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ
كۆپچىلىكتىن دۇئا ئالدى. بۇنداق قىلىش
بۇ كەنتنىڭ تارىخىدىكى يېڭىلىق بولۇپ،
كىشىلەرنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. ئابدۇ-
نەبىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە تەسىرات قال-
دۇرغىدەك بىرەر پائالىيەت بىلەن ئىش
باشلاپ، ئۆز كارخانىسىنىڭ قانۇنىي ئور-
نىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتىدىلا مۇشۇن-
داق قىلىشنى لايىق كۆرگەنىدى. چايغا بۇ
يېزىدىكى مۆتىۋەر زات ئابدۇرىشىت دا-
موللامۇ قاتناشقانىدى. ئابدۇنەبى كۆپ-
چىلىككە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەس-
سەللەمنىڭ بىر ھەدىسىنى ئوقۇپ بېرىش
ئارقىلىق، چاينىڭ مەقسىتىنى بايان قىل-
دى. بۇ ھەدىس مۇنداق ئىدى: ئىبنى ئۆ-
مەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلى-
شىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دې-
گەن: ئۈچ نەپەر ئادەم بىرلىكتە سىرتقا
چىققىدۇ، ئۇلار يامغۇردا قېلىپ بىر غار-
نىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا بىر قو-
رام تاش يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ غار-
نىڭ ئاغزىنى توسىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ئۆز ئارا ھاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ
ئەۋزەل ئەمەللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاغا
سېغىنايلى دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: «ئى
ئاللا، مېنىڭ ياشىنىپ قالغان قېرى ئاتا-
ئانام بار ئىدى. مەن پادا باقاتتىم، ما-
لارنى سېغىپ كېلىپ ئالدى سۈتنى ئاتا -
ئانامغا ئىچكۈزۈپ، ئاندىن سەغىرە با-
لىرىمغا ۋە ئەھلى - ئايالىمغا ئىچكۈزەت-
تىم. بىر ئاخشىمى كېچىكىپ قالدىم: سۈتنى
ئېلىپ كەلسەم ئاتا - ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ.
ئۇلارنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمىدىم. با-
لىلار قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىغىمدا يىغ-
لاپ تۇرۇشاتتى. سۈتنى ئالدى بىلەن ئاتا-
ئانامغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن، سۈبھى يورۇپ
ئۇلار ئويغانغىچە قاچىدىكى سۈتنى تۇتۇپ
كۈتۈپ تۇردۇم. ئى ئاللا، ئەگەر مۇشۇ ئىـ

شىمنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانـ
لىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە ئاسمانـنى
كۆرەلىگىدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ» دېـ
ۋىدى، قورام تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى.
يەنە بىر ئادەم: ئى«ئاللا ساڭا مەلۇمكى،
مەن تاغامنىڭ قىزىنى بەك ياخشى كۆرەتـ
تىم، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەـ
لەپ قىلدىم. ئۇ يۈز دىنار بەرسەم ئاندىن
ئۇنايدىغانلىقىنى ئېيتتى. يۈز دىنار تېـ
پىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ ئىختىياـ
رىنى ماڭا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشـ
ماقچى بولغىنىمدا، ئۇ: ‹ئاللادىن قورققىن،
نىكاھسىز يېقىنلاشمىغىن› دېدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىم. ئى ئاللا، سېـ
نىڭ رازىلىقىڭنى دەپ مېنىڭ شۇنداق قىلـ
غانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزگە چوڭـ
راق يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ» دېۋىدى، قوـ
رام تاشنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى كۆتۈـ
رۈلدى. يەنە بىرسى: «ئى ئاللا، ساڭا مەلۇمـ
كى، بىر مەدىكارنى ئىش ھەققىگە بىر پەرق
(74،122 كىلوگرامغا تەڭ ـ ت) قوناق بېـ
رىشكە سۆزلىشىپ ئىشلەتتىم. ئۇ ئىشنى تۈـ
گىتىپ ئىش ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالدى.
ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرمەكچى بولغان
قوناقنى تېرىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق
قىلىپ قويدۇم. ھوسۇل كۆپىيىۋەردى. ئۇـ
نىڭغا چارۋا ۋە ئۇنى باقىدىغان پادىچى
قۇل ئېلىپ قويدۇم. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتـ
كەندىن كېيىن ئۇ كېلىپ: ‹ئى ئاللانىڭ بەنـ
دىسى ئىش ھەققىمنى بەرگىن›، دېدى. مەن
ئۇنىڭغا: ‹ئاشۇ چارۋىلار ۋە ئۇنى باقىدىـ
غان پادىچى ـ ھەممىسى سېنىڭكى› دېدىم.
ئۇ: ‹مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن› دېـدى.
مەن ئۇنىڭغا: ‹زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يـوق،
ئۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ بـوـ
لىدۇ› دېدىم. ئى ئاللا، يۇقىرىدقى ئىشنى سېـ
نىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلـ
سەڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن» دېدى. شۇـ
نىڭ بىلەن غارنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاش
پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار غارـ
دىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقتى.

ئابدۇنەبى ھەدىسنى ئوقۇپ بولۇپ: «مېـ
نىڭ كارخانا قۇرۇش مەقسىتىممۇ يۇرتىـ
مىز ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن، بالاـ
چاقام، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قەۋم ـ قېرىنـ
داشلىرىمىز ۋە ئۆزۈم ئۈچۈن، ھەقىقىي ئىنـ
سانلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىش...»
دېدى.

يۇقىرىدقى ھەدىسنىڭ كۈچى ۋە ئابدۇـ
نەبىنىڭ سۆزىنىڭ تەسىرى كۆپچىلىكنىڭ
كۆڭلىگە لەززەت بېغىشلىغان ۋە قەلبىنى
ھاياجانلاندۇرغانىدى. ئابدۇنەبى ئاندىن
ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
«داموللا ئاكا، مۇبارەك لەۋزىلىرى بىلەن
ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ بەرگەيلا» دېدى.
ئابدۇرېشىت داموللا ئابدۇنەبىگە قاراپ
تەبەسسۇم قىلدى ۋە ئاپئاق ئۈچتەك ساقىـ
لىنى مۇبارەك بارماقلىرى بىلەن سىلاپ
قويغاندىن كېيىن، مۇنداق بىر ھەدىسنى تەپـ
سىر قىلىپ ئۆتتى: ئىبنى ئۆمەردىن رىۋاـ
يەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا قېـ
رىنداش، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە
بىر ـ بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇـ
سۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا،
ئاللا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى مۇـ
سۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېـ
غىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللا ئۇنىڭ بېـ
شىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىـ
لىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتـۈرۈۋېـ

ئىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئېيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ.

ئابدۇرېشىت داموللا ھەدىسنى تەپسىر قىلىپ بولۇپ، مۇنداق دېدى: «ئابدۇنەبى، ئۆزلىرى ئۈمىدۋارلىق بىلەن بىر ئىبادەتكە نىيەت قىلىپ بەل باغلاپلا، تىرىشچانلىق يولىدىكى ھالال ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت جۈملىسىدىندۇر. بانا ئۆز لەۋزىلىرىدىن ئاڭلىدۇقكى، نىيەتلىرى ھالال، ھالال نىيەتتە — ئەلۋەتتە سائادەت بولىدۇ. مەن ئاۋامغا ۋاكالىتەن نىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاق، تەنلىرىنىڭ ساق بولۇشىنى، ئىشلىرىنىڭ ئاۋات بولۇشىنى تىلەيمەن.»

ئاندىن كۆپچىلىك كارخانىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئابدۇنەبى كارخانا ئىشىكىنىڭ بېشىغا «پارلاق يول دەپتەرچىلىك مۇلازىمەت كارخانىسى» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ئاسقانىدى. كارخانىنىڭ ئىشىك تەرەپتىكى توغرا تېمىغا كارخانىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى، ۋەزىپىسى، تۈزۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ-سۆزلەر يېزىلغان بىر تاختا ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدا خاراكتېرى — ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئائىلە كارخانىسى، مەقسىتى — ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋەزىپىسى — ھەر خىل دەپتەر، يوقلىما، ئىش قەغەزلىرى، ئوردۇر-تالونلارنى ئىشلەش، تۈزۈمى — سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا، پايدىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش، كارخانا ئەزالىرى كارخانىنىڭ ئابرويىنى قەتئىي قوغداش، كارخانىنى «يۇرتىمىز ئۈچۈن» دەپ تونۇش، دېگەندەك ماددىلار ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

كۆپچىلىك ناھايىتى خۇشاللاندى. بەكمۇ ھاياجانلاندى. ئۇلار ئۆز-ئارا بەس-بەستە بۇ كارخانىغا بولغان پىكىر، قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى.

— بۇ يېڭى دەۋرنىڭ خاسىيىتى بىلەن يۇرتىمىزدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان باھار گۈلى بولدى.

— قاراڭلار، بۇ تاختىغا يېزىلغان گەپ-سۆزلەردىن قارىغاندا، بۇ كارخانا يۇرتىمىزنىڭ ئىلھامچىسى، باشلامچىسى، مەدەتچىسى بولغىدەك.

— ھىممەت بىلەن ئىش باشلاندى، ھىممەت بىلەن مۇرات تېپىشىدا گەپ يوق-دە؟!

كۆپچىلىك ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىز قىزغىن پاراڭ قىلىشماقتا ئىدى. ئابدۇنەبى بىر تەرەپتىن خۇشاللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ماختاشلار ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلدى بولغاي، كۆپچىلىككە مىننەتدارلىق كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ:

— ھەر بىرلىرىنىڭ ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەنكى، باشتا ئېيتقىنىمدەك، كارخانىمىز يۇرتىمىز ئۈچۈن قۇرۇلدى. كارخانىمىز ھەر بىرلىرىنىڭ قوللىشىغا، يار-يۆلەك بولۇشىغا، مەدەت بېرىشىگە مۇھتاجدۇر. جۈملىدىن پېقىرمۇ ھەر بىرلىرىنىڭ تەربىيىسىگە مۇھتاجمەن. قېنى، ھەر بىرلىرى بۇ كارخانىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قول كۆتۈرۈپ بىر دۇئا قىلىشسىلا — دېدى.

ئابدۇرېشىت داموللام دۇئاغا قول كۆتەردى. كۆپچىلىكمۇ ئابدۇرېشىت داموللامغا ئەگىشىپ قول كۆتەردى.

— ياخشى نىيەت ياخشىلىققا باشلايدۇ.

بۇ كارخانىنىڭ ئىزىدىن گۈل ئۈنسۇن، يولدىن يول ئېچىلسۇن! ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!

«ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن بۇ سادا ئەتراپنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئەتراپنىلا ئەمەس، ئابدۇنەبىنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ زىل-زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىچىدە: «مەن بۇ سادانىڭ ئەھدىسىدىن چىقالارمەنمۇ؟ مەن بۇ سادانىڭ ئەھدىسىدىن چىقىشقا قەرزدارمەن، مەن بۇ سادانىڭ ئەھدىسىدىن جەزمەن چىقىشىم كېرەك...» دەيتتى.

خاسلىقتا خاسىيەت، تىرىشچانلىقتا بەركەت بار، دېگەندەك، بۇ كارخانا تېز راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئابدۇنەبى «م» ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن باشقا يەنە «ق» ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەنمۇ بىر توختام تۈزدى. «ق» ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئابدۇنەبىگە زاكالەت ھېسابىدا ئالدىن 10 مىڭ يۈەن پۇل بەردى. ئابدۇنەبىنىڭ يۈكى ئېغىرلاشقانىدى. بۇ كارخانىنىڭ رولىنى ھەم ئېھتىياتچانلىق، ھەم ئىشەنچ بىلەن باشقۇرۇپ باردى. ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ئىشنى ئاقتۇرالماي قېلىپ خەلقنىڭ سادىسىنى ئاداقلالماسلىقتىن، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاقلىيالماسلىقىدىن، زىممىسىدىكى قەرزلەرنى ئىگىلىرىگە ساق-سالامەت قايتۇرالماسلىقىدىن بولسا، ئىشەنچىسى — زامان ۋە دەۋرنىڭ كۈندىن-كۈنگە پارلاق بولۇۋاتقانلىقىدىن، يۇرتداشلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە، مەدەتكارلىقىغا مۇيەسسەر بولۇۋاتقانلىقىدىن، كارخانىغا بەش قولدەك يىگىتلەرنى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانلىقىدىن ھەم يەنە ئۆزىنىڭ بۇنداق بىر كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىدىن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھامان ئىشەنچ غالىپ ئىدى. شۇڭا ئۇ تۆت ئاي ئىچىدە «م» ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئىشلەپ بەرگەندىن تاشقىرى، «ق» ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا 40 مىڭ دەپتەر، 500 يوقلىما، يەنە بىر مۇنچە ئىش قەغىزى، ئورۇندۇق - تالۇنلارنى ئىشلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرى ئەرزان، ھەم سۈپەتلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بارغانسېرى ئۇنىڭ بازىرى چىققىلى تۇردى. ئۇ مۇئەممەن، ئۇنىڭغا تازا بىر ئامەت كەلگەنىدى...

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى كامىلجان پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ كامىلجاننىڭ بۇ ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىرىنچى قېتىم قەدەم بېسىپ كېلىشى ئىدى. كامىلجان ئۆزى بىلەن بىللە 30 ياشلار چامىسىدىكى رەتلىك كېيىنگەن، سېرىق چىراي بىر يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى. كامىلجان قىيا ئېچىلىق تۇرغان دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى بوش چېكىۋىدى، ھايال ئۆتمەيلا دەرۋازا يوغان ئېچىلىپ، ئابدۇنەبى كۆرۈندى ۋە كامىلجان سېكرېتارنى كۆرۈپ، ئاۋۋال قول سوزۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم كامىلجان ئاكا، خۇش كەپلا، دەپ ئەھۋال سورىدى.

كامىلجان ئەسلىدە، ئابدۇنەبى بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدا ئابدۇنەبى ھەققىدە: «كامىلجان سېكرېتار، ئۆزلىرىنى قايسى شامال بۇ ياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەلدىكىن، بۈگۈن قەدەملىرى بۇ يەرگە يېتىپ قاپتۇ...» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ كۆڭۈل يېراقلى-

قىنى ئىزھار قىلىپ، ھەيجانلىق ھېس قىلى-دۇرۇپمۇ قويارمۇ؟ دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇنداق بولمىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان «ئاكا»، «خوش كەپلا» دېگەن ئىللىق سۆزلەر يېقىندىن بۇيان كامىلجاننىڭ نەزەرىدە، بۇ تەۋەدىكى بىر يۇلتۇز دەپ قارالغان ئابدۇنەبىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يېقىنلاش-تۇرغانىدى. شۇڭا كامىلجانمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام نەبىجان ئۇكام، سالامەتمۇسىز؟ — دېدى.

ئاندىن ئابدۇنەبى كامىلجاننىڭ يېنىدىكى كىشىگە قول تەڭلەپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خوش كەپلا، — دېدى.

ئۇ كىشىمۇ سالامغا جاۋابەن:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمگە خۇشالمەن، — دېدى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىشسىلە!

ئابدۇنەبىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلار ئۆيگە كىردى. چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇشۇپ يېرىم سائەتچە مىسىدا پاراڭلاشتى. ئابدۇ-نەبى كېيىن كامىلجان بىلەن ھېلىقى كىشىگە كارخانىنى كۆرسەتتى. كامىلجان كارخانىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تەسىرلەندى بولغاي:

— يارايسىز ئاكا، يارايسىز، كارخانى-ڭىزنىڭ ئەھۋالى مېنىڭ ئاڭلىغىنىمدىنمۇ، تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىنمۇ ئارتۇق ئىكەن. ئامما ھەقىقىي قەھرىمان، دېگەن شۇدە! ئاممىدا ئەقىلمۇ، چارىمۇ كۆپ بولىدىكەن. يوشۇرۇن كۈچ، يوشۇرۇن كۈچ دېسە نېمىكىن، نېمە دەيدىكىن، دەپتىكەنمەن. ھەقىقىي يوشۇرۇن كۈچمۇ ئاممىدا ئىكەن. قو-يۇۋېتىش كېرەك ئىكەن. قويۇۋەتكەندە روھىمۇ، ئىجادىيىتىمۇ بولىدىكەن. ئۇزۇن يىل كىشىلەرنى ئىشكە نېمىگە ئېلىپ، يىغىۋې-لىپ نېمە تاپتۇق؟ قارىغاندا، بىز رەھبەر-لىك كېيىن قاپتۇق. مەن خېلىلا كېيىن قاپتىمەن. دەۋرنىڭ يۆنىلىشىنى چۈشەنمەپ-تىمەن. ئەسلىدە سىزنى بۇرۇنراق قوللاش ئىرادەم بار ئىدى. بىراق، ھەم بىپەرۋا-لىق، بىخوتلۇق قىپتىمەن، ھەم ئىشەنمەپ-تىمەن، ئۇ بىر ئاددىي دېھقان مەتبەئەچىلىك قىلالامدۇ دەپ قاراپتىمەن. ئەمدى بىلدىم-كى، ئەگەر بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ ھەممى-سى ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، يول تېپىپ بىرەردىن قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا ياكى سىزدەك مەخسۇس كەسىپ قىلسا، دېھقانلار پات-ئاردا باياشاتلىنىپ، يېزىلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىدە ئۈمىد چوڭ-دەك قىلىدۇ...

كامىلجان كارخانىدىكى ھەر بىر ئادەم ھەر بىر نەرسىگە دىققەت بىلەن نەزەر سال-دى. ئانچە چوڭ بولمىغان ئۈچ ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ كارخانىدا ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغىدەك خېلى چوڭ ئىش-لار قىلىنىۋاتاتتى. ئون نەچچە يىگىت چە-بدەستلىك ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. بىرى قەغەز كەسسە، بىرى سىزىق باساتتى، بىرى توپلىسا، بىرى تىكىپ تەييار قىلاتتى، بىرى سېخىما جەدۋەل سىزسا، بىرى خەتنى يازاتتى. ئومۇمەن ھەممە ئادەم بىرەر ئىش تۈرىگە مۇقىملاشتۇرۇلغانىدى. كامىلجان كارخانىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ھويلىغا قايتىپ چىقتى ۋە ئاندىن ئابدۇنەبىنىڭ باشلىشى بىلەن باغقا كىردى.

باغ ئانچە چوڭ بولمىغىنى بىلەن رەتلىك ۋە قويۇق مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قاپ-لانغانىدى. ئىككى يول تالدىن باشقا، كۈن

پېتىش تەرەپتىكى چوڭقۇرراق بىر پارچە يەردە قارامتۇل يېشىل رەڭلىك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى پۇتاقلىرىغا ئالتۇن تاۋاقتەك مېۋىلىرىنى ئېسىپ بىر توپ ئەنجۈر تۇراتتى. شىمالىي تامنى ياقىلىتىپ، كۆنگە قارىتىپ قويۇلغان ئانار دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا مۈشتۈمدەك-مۈشتۈمدەك قىپ قىزىل ئانارلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. جەنۇبىي تام پاسىلىنى بويلاپ چۆنەك ئېلىپ قويۇلغان كۆك ئامۇتلار تېخى مېۋىگە كىرمىگەنىدى. باغنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندىلا كۆزگە تاشلىنىدىغان بىر نەچچە تال شاخلىرى هويلىغا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈك دەرىخى مېۋىلىرىنى كىشلەرگە تەقدىم قىلىپ بولۇپ، سەلكىن شامال بىلەن ئەركىن ئوينۇشۇپ ئارام ئالىنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن تېخى ئۆتكەن يىل قويۇلغان ئالما، شاپتۇل كۆچەتلىرى زايا بولماي تۇتقان بولۇپ، كۆكىرىپ تۇراتتى. ئومۇمەن بۇ باغ خېلى ئەپچىللىك بىلەن پىلانلانغانىدى. كەلگۈسىدە مېۋىلەر بازىسىغا ئايلىنىشتا گەپ-سۆز يوق ئىدى. ئۇلار بېدىش ئاستىدىكى سۇپىنىڭ كىرۋىكىدە ئولتۇردى.

— ئۆكام ئابدۇنەبى، — دېدى كامىلجان بىر تال ئۈزۈمنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، — مەن بۇكۈن سىزگە مەدەت ۋە مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. بۇ كارخانىنى بىر ئاز كېڭەيتىپ زامانىۋىراق قىلىپ قۇرۇپ چىقساق، بولماسمۇ؟

ئابدۇنەبى بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۇنداق قىلساقمۇ قالتىس ياخشى بولغان بولاتتى، بىراق قولۇم قىسقا، شۇڭا چوڭراق غۇلاچ تاشلاپ ئىش ئېلىپ بارالمايۋاتىمەن — دە.

— قولىڭىز قىسقا بولسا، ئۇنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

— ئەڭ مۇھىمى تازا ئۇستا تېخنىكتىن بىرى كېرەك بولىدۇ. ئەڭ قىيىنى مۇشۇ-دە.

كامىلجان يېنىدىكى كىشىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئاندىن ئابدۇنەبىگە قاراپ:

— مانا بۇ كىشى سىز تەلەپ قىلىۋاتقان ئۇستا تېخنىك، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلال، مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق. ئەسلىدە شەھەردىكى بىر باسما زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى. ئاتا-ئانىسى قېرىپ قالغانلىقتىن، يېقىندا كەنتكە قايتىپ كەلدى. هازىر يېزىدىلىق هۆكۈمەتتە خەت-چەك ئىشلىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇ كىشىنى سىز بىلەن بىر نەچچە يىل بىللە ئىشلەشكە كۆندۈردۈم. ئەگەر سىز ماقۇل كۆرسىڭىز شۇنداق قىلىدۇ...

ئابدۇنەبى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا، قىزغىنلىق بىلەن:

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت كامىلجان ئاكا، بۇنداق بىر ئۇستازنى بوسۇغامغا باشلاپ كەپتىلا، يولىغا پايانداز سالىمەن، — دېدى.

— يوقسۇ ئۇنچە ئەمەسمەن، بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، هەمكارلىشىپ ئىشلەيمىز، — دېدى بىلال كەمتەرلىك بىلەن.

ئۈچەيلەن بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى...

بۇ ئۈنىڭغا كەلگەن يەنە بىر ئامەت ئىدى.

## شوپۇر

ئابدۇنەبى «گاز» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋالدى. هەر بىر قېتىمدا شوپۇر بولۇپ ئىشلىگەن بىر يىگىت ئابدۇنەبىنىڭ قېشىغا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ:

«ئاپتوموبىلنى مەن ھەيدەپ بەرسەم» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئابدۇنەبى بولسا، ئۇ يىگىتنى: «توختاپ تۇرۇڭ، مەن ئويلىنىپ كۆرەي...» دەپ قايتۇرۇۋەردى. بۇ ئىشتىن كارخانىدىكى يىگىتلەر ھەيران قېلىشتى. ئۇلار ئۆزلىكىدىن ماشىناڭنى ھەيدەپ بېرەي، دەپ كەلگەن بىر يىگىتنى ئابدۇنەبىنىڭ قوبۇل قىلماي، ئارقىغا تارتىۋاتقانلىقىنىڭ تېگى-پېيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئاۋارە ئىدى ۋە: «ئابدۇنەبى ئاكام ئۇ يىگىتكە تازا ئىشىنەلمەيۋاتامدىغاندۇ ياكى باشقا مۇددىئاسى بارمىدۇ؟ ئۇنداق يىگىتنى تاپماق ئاسانمۇ؟!» دەپ ئويلاشاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ يىگىت يەنە كەلدى. ئابدۇنەبى بىمۇ يەنىلا: «تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلا! مەن بىر ئويلىشىپ باقاي...» دەپ يولغا سالدى. بىر نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئىشقا ھەممىدىن بەكرەك دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەتەك:

— ئابدۇنەبى ئاكا، ئاشۇ يىگىتنى شوپۇرلۇققا ئالساق بولاتتى. ئۇ، ئاق نىيەت، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتجۇمۇ؟-دېدى.

ئابدۇنەبى كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇ يىگىتنى بىلىمەن ھەم چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن باشقا يول تاپالايدۇ، دەپ قارايمەن. مېنىڭ تۇتۇۋاتقان يولۇم يول تاپالماي يۈرگەنلەرنى يۆلەش، بۇنى سەن بىلمەسەنمۇ؟! — دېدى.

— ئۇخۇ راست... بىراق كەتمىسىزدىكى ماشىنا ھەيدىيەلەيدىغانلاردىن سىلە ئېيتقان ئۆلچەمگە چۈشىدىغان كىشىنى تاپقىلى بولارمىكىن...

— غوجەكچۇ؟

— ئاشۇ ۋاسىلىنىڭ ئوغلىنى دەملا؟

— شۇنداق.

بۇ چاغدا كارخانا ئەزالىرى قىلىۋاتقان ئىشنى توختىتىپ ئابدۇنەبىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. بەكمۇ ھەيران قالغان مەتەكنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلىپ پارقىراپ كەتتى.

— ئابدۇنەبى ئاكا، نېمە دەۋاتىلا؟ ۋاسىل ئۆزلىرىنى دۈشمەن كۆرۈپ باشلىرىدىنى - نى ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالغان تۇرسا، يەنە سىلە شۇنىڭ ئوغلىغا ئاپتوموبىلنىڭ رولىنى تۇتقۇزماقچىمۇ؟ ماقۇل، ۋاسىلمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمما، بىلمەيدىغان ئوخشايلا، غوجەك تاپتىن چىققان بىر ئالىقاپ جۇمۇ؟!

ئابدۇنەبى ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويۇپ ئېچىنغان ھالدا ئېيتتى:

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، ۋاسىل سېكرىتار، بىرىنچىدىن، ھازىر سېكرىتارلىقتىن قالدۇرۇلدى. بۇ ئۇنىڭدەك ئەمەلمەستانىلىرى ئۈچۈن ئېغىر يوقىتىش ۋە چەكسىز دەرت-ئەلەم بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، يېشىمۇ بىر ئاز چوڭىيىپ قالدى. ئىستىقباللىق ئىشلارغا جۈرئەت ۋە ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە ناقىسلىق قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئەزەلدىن تەييارغا ھەييار بولۇپ، قاقتى-سوقتى قىلىپ ئاسان تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغاچقا، ھازىر ياكى دېھقانچىلىقى روناق تاپماي ياكى باشقا بىرەر يول تاپالماي تۇرمۇشىنىڭ دەككىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ. يېقىندىن بۇيانغۇ ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم. ئاڭلىسام، ئۇ ساقمىز بولۇپ قاپتىمىش. ئۇنىڭغا ياردەم قولىمىزنى سۇنمىساق بولامدۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى غوجەكنىڭ كېپىگە كەلسەك، ئۇنىڭ تاپتىن چىققانلىقى راست. ئەمما، مەن ئويلايمەن،

تاپ ئىچىدىكىلەرنىڭ بېشىنى سىلىغاندىن
كۆرە، ئەنە شۇنداق تاپتىن چىققانلارنى
تاپقا كىرگۈزسەك، تېخىمۇ ساۋابلىق ۋە
ياخشى ئىش قىلغان بولمايمىزمۇ؟! كو-
نىلاردىغۇ «يامانىنى ئوڭلىغىچە ئېسىلىق كې-
تىپتۇ» دېگەن تەمسىل بار ئىكەن. مەيلى
ئېسىم كەتسىمۇ كەتسۇن، يامانلارنى ئوڭلاش
يولىدا ھەپىلىشىپ باقمايمەنمۇ! ئەل ئى-
چىدىكى بىر يامانىنىڭ ئوڭلىنىشى، ئەل بې-
شىغا بىر سائادەت قۇشىنىڭ قونۇشىغا با-
راۋەر ئىمىش...

— «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىسىدىن
چۈشمەپتۇ» دېگەندەك ۋاسىل سېكرىتارلىقتىن
چۈشكەن بىلەن تېخى ئەمەلدارلىق كىبىر-
سىنى تاشلىغىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىمۇ
ئۆزلىرى بىلەن...

— ئۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، - دېدى
ئابدۇنەبى.

— مەن سىلەرگە كىچىككىنە بىر ھېكايە
ئېيتىپ بېرەي: يۇرتىمىزدا، تارىختا
ھېكىم بەگ دېگەن بىر بەگ ئۆتكەن ئىكەن،
ئۇ بەگلىك سەلتەنىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان
كۈنلەردە ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ، قول
سىلىتىپ، ئاقسا - ئاقمىسا، قاملاشسا-قام-
لاشمىسا يول كۆرسىتىپ تۇرۇشنى ياخشى
كۆرىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇ قېرىپ،
بەگلىك تەختىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۆيدە
ئولتۇرۇۋېرىپ ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىپتۇ.
ئاخىرى ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھاسىسىنى
تايىنىپ كۆلنىڭ بېشىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ،
سۇغا چىققان كىشىلەرگە: «ھەي، سەن ئا-
ياقتىن ئال، ماڭا قارا، سەن بۇ ياقتىن ئال،
سەن ھەي كىچىك بالا، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن ئال»
دەپ قوماندانلىق قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ.
دەسلەپتە كىشىلەر بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ
دېگىنى بويىچە قىلىشىپتۇ، كېيىنچە كۈلۈپ
زاڭلىق قىلىشىپتۇ، بارا-بارا ئۇنى
كۆرگەندە: «ھەي سەن ئۇياقتىن ئال، سەن
بۇ يول بىلەن ماڭ، ھەي سەن ئولتۇر، سەن
ھەي قېرى يۆگرە...» دېيىشىپ ئارام بەر-
مەيدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەگ كۆل-
نىڭ بېشىدىن يوقالغان ئىكەن... ۋاسىل
دەل ھېكىم بەگ تىپىدىكى ئادەم بولۇپ
ئۇنىڭدا ئۆگىنىپ قالغان بىر كۆڭۈل بار-
دە؟! ئۇ ھازىرچە «كۆتۈمدە ئىشتان يوق،
ئېتىم مارجان بۇۋى» دېسە، دەپ يۈرۈ-
ۋەرمەمدۇ؟! كېيىن ھامان ئىزىغا چۈشىدۇ-
دە؟! قۇرۇق سۆڭەكنى غاجاۋەرسە چىشى
كاردىن چىقىدۇ. بىز شۇ پۇرلۇققا ۋاسىلنى
ئالامتۇق؟ بالىسىنى ئالىمىز - دە! ئەگەر
ئۇ يەنە ئەسكىلىك قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنۇم، - دېدى
مەتەك، - ۋاسىل ئۇنارمۇ؟ دېگەندىن
ئىبارەت ئىدى.

— ئۇنىسا ئۇنىدى، ئۇنىمىسا ئۆزىنىڭ
شورى.

شۇ چاغدا كارخانىغا خۇددى ئاسماندىن
چۈشكەندەكلا غوجەك كىرىپ كەلدى. ئۇ 23
ياشلاردىكى قاپىقىنىڭ بېزى بار، قارا-
متۇل يىگىت بولۇپ، ئۈستى بېشى ئادەتتىن-
كىدەك ئىدى. بىر مەڭزىگە ئالقانچىلىك داكا
چاپلىۋالغانىدى. ئۇ سالامۇ قىلماستىن
ئۇنسۇپلا كىردى. ئابدۇنەبىگە قاراپ
سەل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە:

— ئۆزلىرىگە بىر گېپىم بار ئىدى، -
دېدى.

ئابدۇنەبى ئۇنىڭغا ناھايىتى سىلىق ۋە
ئىللىق مۇئامىلە قىلدى:

— قېنى غوجاخۇن ئۇكام، ماۋۇ ئورۇن-
دۇققا ئولتۇر! گېپىڭنى تارتىنماي ئېيتىۋەر.

غوجەك تارتىنىپراق كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئاندىن:

— مېنىڭ ئەھۋالىم ئۆزلىرىگە مەلۇم بولسا كېرەك، ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە گەپ قىلمىساممۇ، ھەممە ئىشتىن خەۋەردار سىلە. ئابدۇنەبى ئاكا، دېمەي دېسەم بولمىدى، ماڭىمۇ بىر كىشىلىك ئىش بېرەمسىكىن، دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم...

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئابدۇنەبى غوجەككە ئىلھام بېرىپ.

— ئۆزلىرى بىلىدۇ، ئىلگىرى دادامنىڭ تراكتورىنى ھەيدىگەن ئىدىم. كېيىن پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ، ئىچىدىغان، چېكىدىغان، دەتتىكەم دەپ ئاتىدىغان سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە قاينىدىم. ئەمدى ئېسىمنى يىغىپ قاراپ باقسام، تۇتسا سېپى، قىچقىرسا ئېتى يوق بىر ھالغا كېلىپ قاپتىمەن، — ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، — ئاڭلىسام، بىر ئاپتوموبىل سېتىۋاپتىلا. ئەگەر مۇۋاپىق تاپسىلا ھەم، ئىشەنسىلە ئاشۇ ئاپتوموبىلغا شوپۇر بولسام قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدى ئابدۇنەبى ئىتتىكلا، — سەن ئىشلەيمەن دەپ بوسۇغامدىن ئاتلاپ كىرسەڭ، مەن نېمە دەيتتىم؟ قارشى ئالىمەن. ھېلىمۇ يولدىن چىقىپ، كۆپ زىيان تارتتىڭ ئۇكام، يېتەر ئەمدى، كېيىنكى تۇرمۇشىڭنىمۇ ئويلىمىساڭ بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا؟

— ئەتىدىن باشلاپ ئاپتوموبىلنى قولۇڭغا ئال! لېكىن بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن دادىڭنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغىن.

— ماقۇل، ئابدۇنەبى ئاكا.

ئابدۇنەبى غوجەكنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى. كارخانىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە بىرمۇنچە ھېسسىياتلىرى، مېڭىسىدە پىكىرلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بۇ مەردانە خوجايىندىن تەسىرلەنگەنىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ۋاسىلنىڭ ئۆيىدە ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزۇنغىچە جېدەل بولدى. ئاللىبۇرۇن ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بۇ ئائىلىدە، ھازىر تالاغا ئاڭلانغىدەك ۋارقىراش-جارقىراش يۈز بېرىۋاتاتتى.

— نومۇسۇمنى تۆكمە، ئەمدىزە، ئۆتۈپ-تېشىپ بىر شەخسىيگە يالىنىپ ئىشلەمسەن؟ يەنە كېلىپ كۆزۈمگە دۆ كۆرۈنىدىغان ئاشۇ نەبىگىمۇ؟ — دەپ چالۋاقايتتى ۋاسىل.

— ئۇنداق دېمىگىن دادا، گەرچە شەخسىينىڭ بولسىمۇ نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بىر كارخانا-دە!... ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئادەم يېزىمىزدا يانغان بىر يۇلتۇز، — دەپ قاراۋاتقان ئابدۇنەبى ئاكام سەندەك بىر ئادەمنىڭ دۆ دېگىنى بىلەن دۆ بولۇپ كېتەمدۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى غوجەك.

— مەن دۆ، دېدىم دۆ. ئۇ قانچىلىك نېمىدى؟ مەن... مەن سېنىڭ ئۇنىڭغا چاكار بولۇپ ئىشلىشىڭگە قوشۇلمايمەن!

— ئەجەبا، سەن ئۆتمۈشتە بايلارغا چاكار بولۇپ ئىشلىسەڭ بولىدىكەنۇ، بۈگۈنكى كۈندە مەن بىر كارخانىنىڭ شوپۇرى بولسام بولمامدىكەن؟

— تولا گەپتانلىق قىلما، ئۇ چاغ بىلەن بۇ چاغ ئوخشىمايدۇ.

— ھەيبەللى دادا، توغرا ئېيتتىڭ، راست ئوخشىمايدۇ. سەن ئۇ چاغدا ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بىر مالاي ئىدىڭ. مەن ھازىر قول-ئىلكىدە بىر ماشىنا بار ئىشچى بولماقچى.

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ساڭا شۇنى دەپ قويايكى، ئابدۇنەبىنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىگۈچى بولما! ئۇ مېنىڭ رەقىبىم!

— دادا، ئېيتە قېنى، ئۇ ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟

ۋاسىل جىم بولۇپ قالدى. غوجەك يەنە سوئال قويدى:

— دېمەمسەن، ئۇ ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلغان؟ قارا دادا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان، تالا-تۈزدە بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەردىن قارىغاندا، ھەممىنى قىلغان ئۆزۈڭ ئىكەنسەن. سەن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭدىن بۇيان يامانلىق قىلىپ كېلىۋېتىپسەن.

— سەن مېنىڭ بالام، ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ غوجەكنىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋاسىل.

— دادا، ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىپ، گېپىمگە قۇلاق سالساڭچۇ؟ كىشىلەر سېنى: ئۇ، ئامبارچىلىقتىن بوغالتىرلىققا ئالماشقاندىن كېيىن، بىر قېتىملىق ئامبار ھېسابىنى ئېنىقلاشتا ئابدۇنەبىگە قاراساناپ، ئۇنى ھۆل خىشقا دەسسىتىمەن، دەپ 3000 جىڭ ئاشلىقنىڭ ھۆججىتىنى تىققىۋېلىپ، ئاخىردا ئۆزى سەتچىلىككە قالغان. «بارچە گۇنا مەندە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك، ئۇ ھازىرمۇ ئابدۇنەبى بىلەن ئېيتىشىپ كېلىۋاتىدۇ، دېيىشىدىكەن.

— ئاغزىڭنى يۇم، دېدىم. بولمىسا تىلىڭنى تارتىۋېتىمەن.

— تىلىمنى تارتىۋەتسەڭمۇ تارتىۋەت. ئاۋۋال سەۋرچانلىق بىلەن گېپىمنى ئاڭلا، سەن ئۆزەڭنىلا ئويلىماي، بىزنىمۇ ئويلاپ قوي، جاھانغا تۈۋرۈك بولمايسەن-دە؟! ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش. ئەگەر ئۇ ئۆۋۈدىتى بىلەن كەلسە، سەن كېتىسەن، بىز قالىمىز. كىشىلەرنىڭ سەندىكى قىساسى بىزگە قالمىسۇن يەنە! قارا دادا، ئابدۇنەبىكامدەك ياخشىلار بىلەن چىقىشالمىساق بولامدۇ؟!

— ئەجەب بىر ئۇنىڭ تاۋىقىنى يالاپ كەتتىڭغۇ؟

— بۇ تاۋاق يالىغانلىق ئەمەس، مەن ھەق گەپنى قىلىۋاتىمەن. ئۇنداق كاجلىق قىلماي مېنىڭ شوپۇر بولۇشۇمغا ماقۇل دېگىن.

— ماقۇل دېمەيمەن.

— ئۇ ماڭا شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىپ: «سەن ئىشلىمەن دېسەڭ، مەن قارشى ئالىمەن» دېدى. ئۇ بىزگە ئاداۋەت ساقلىماي، ياردەم قولىنى سۇنىۋاتسا، سەن نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسەن؟!

— نېمىلەرنى دەپتىمەن؟! ماقۇل دېمەيمەن دېدىم، لەۋزىم ھېساب.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم رۇخسەت قىلدىم.

غوجەك شۇ گەپتىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ياتىدىغان ئۆيىگە ماڭدى. ۋاسىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: «توختا پېتۈر، توختا پېتۈر دەيمەن» دەپ ۋارقىراپ قالدى.

لېكىن، غوجەك دادىسىنىڭ خىتابىنى پەسەنتىگە ئالمىدى.

ۋاسىلنىڭ ئايالى بولسا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى.

ۋاسىل ئەلەم بىلەن ئېغىر تىنىپ قوپۇپ، كىگىز ئۈستىگە يانپاشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھەسرەت، غەزەب، ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىناتتى. ئۇ ئابدۇنەبى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلارنى ئويلاپ بىئارام بولدى. ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيىتى كۆز ئالدىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى ئۆزىگە ۋەجىكلى-

شىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. بولۇپمۇ، ئابدۇنەبىنىڭ ھازىرقى غالىبىيىتى ئۇنىڭ ئۈستىدىن گويا تاغ بولۇپ بېسىپ مىجىقىنى چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ بىچارىلىق قىياپەت بىلەن ئايالىغا قارىدى. ئايالى ئېرىنىڭ ئۆزىدىن سۆز كۈتۈۋاتقانلىقىنى پەملەپ:

— بالىنىڭ پىكرى توغرا تۇرسا، يەنە نېمە دەپ ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىلا؟ مەن بۇرۇندىن تارتىپ: ئابدۇنەبى بىلەن ئېيتىشمىسىلا، ئۇ ياخشى ئائىلىنىڭ بالىسى، ئاتا-ئانىسى بۇ ئىقلىمدا تېپىلماس ياخشى ئادەملەر، ئابدۇنەبىمۇ خۇش ئاۋاز، ياخشى ئادەم بوپتۇ، دېسەم ئۇنىماي، ئابدۇنەبى سۈرەتلىك جىن چاپلىشىۋالغاندەك ئىچىلىرى تىتىلداپ، ئۇنىڭ پېيىغا دەسسەپلا يۈردىلە. ئۇنىڭلىق بىلەن سىلى ئەرشكە چىقىپ كەتمىدىلە، ئۇ يەرگە كىرىپ كەتمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ ھامان قانات ياساپ ئۇچتى ۋە ئۇچتۇم دەپ چەللىبدە ئات چاپماي، ئېسىللىقىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. قارىسىلا دادىسى، ئۇنىڭ بىزگە ئاداۋەت تۇتماي، بالىمىزنى شۇ پۈرلۇققا ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ، — دېدى.

— سەنمۇ شۇنداق دەمسەن؟

— بالىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزىمىزگە ئايانغۇ؟! خۇدا كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلسا، نېمە يامىنى بار؟ بىز بۇنىڭغا خۇش بولساق بولىدۇ.

— ھەي خوتۇن، چۈشىنىۋاتامسەن، دېمەكچىمەنكى، ئوغلىمىز ئاشۇ نەبىنىڭكىدە ئىشلەمدۇ؟!

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئېغىزلىرىدىن كۈپۈرلۈققا كەتمىسىلە يەنە؟! نەدە ئىشلىسە ئىشلىسىلا بولمامدۇ؟ ئىش قىلىپ بىۋاكىلىق قىلىپ يۈرگەندىن ئىشلىگەن ياخشى-دە؟!

— بۇ گەپچە ئىككىڭنىڭ تىلى بىر ئىكەن-دە؟! يوقال كۆزۈمدىن!

— سىلىچۇ، راستىنلا تار قورساق، غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم ئىكەنلا. ئەركىشى دېگەننىڭ كۆڭلى - كۆكسىنىڭكەك بولغىنى ياخشى.

ۋاسىلنىڭ ئايالى شۇ سۆزنى ئېيتىپلا ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ۋاسىل ئايالىنى ئارقىدىن تىللاپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، غوجەك دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— دادا، قولۇمنى كۆتۈرۈپ بىر دۇئا بەرگىن. مەن بۈگۈندىن باشلاپ ھاشىمنىنى قولۇمغا ئالماقچى ئىدىم، تۆمۈر دېگەن زۇۋانسىز نەرسە، — دېدى.

ۋاسىل زۇۋانىمۇ سۈرمەستىن يانتۇ قارىۋالدى.

— ۋۇي، ماڭا قارىسىلا، — دېدى ۋاسىلنىڭ ئايالى، — ئۇنداق جاھىللىق قىلمىسىلا، ئوغلىمىز ئۆزى ئىش تاپسا، كامال تاپ ئوغلۇم دېمەي، بۇنداق بۇتناپ ئولتۇرغانلىرى نېمىسى؟!

— ۋۇي، خوتۇن، — دېدى ۋاسىل كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، — مەن ئۆز پۇشتۇمنىڭ ئاشۇ نەبىنىڭ بوسۇغىسىدىن قەدەم ئېلىشىنى خالىمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، دادا، — دېدى غوجەك، — ھازىرچە رازىلىق بەرمىسەڭمۇ مەيلى، ئەمما، مەن شۇ يولنى تاللىغانىكەنمەن، ئۇ يولدىن يانالمايمەن. لەۋزى قىلغانىكەنمەن، لەۋزىمنى قايتۇرالمايمەن.

ئۇ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ۋاسىل:

—سەن!؟ — دېگىنىچە لاسسىدە بولۇپ
قالدى.

ھويلىدا بىر مىكىيان. ئەم توپىغا پو-
كىنىنى يېقىپ ھەدەپ ژۇكۇلداپ پىتىنى
تىردۋاتاتتى.

### گۈمانلىق ئەنزىدىن كېيىن

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتتى. ئابدۇنە-
بىنىڭ تەربىيىسى بىلەن غوجەكمۇ خېلىلا
تاپقا كىرىپ، قانات — قۇيرۇقىنى رۇسلى-
غاندەك بولدى. ئابدۇنەبىمۇ ئۇنىڭغا ھەم
ئىشىنىپ، ھەم سىناپ بېقىش غەرزىدە خېلى
مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان، تا-
پىلايدىغان بولدى.

بىر كۈنى غوجەك ماشىنىغا دەپتەر بې-
سىپ شەھەردىكى ھېلىقى دەپتەرچىنىڭ دۇ-
كىنىغا مېڭىش ئالدىدا، ئابدۇنەبى ئۇنىڭغا
دەپتەرچىدە ئالىدىغان قېتىم بەرگەن دەپ-
تەرنىڭ پۇلىدىن 1000 يۈەن قالغانلىقىنى
سۆيلەپ بېقىپ، بېرىپ قالسا، ئالغاچ كې-
لىشنى جېكىلىدى.

ھەر قېتىم شەھەرگە بارسا، نامازدى-
گەردىن بۇرۇن يېنىپ كېلىپ بولىدىغان
غوجەك بۈگۈن قاش قارىيىپ، ئاستا-ئاستا
يەر جاھاننى كېچىنىڭ قارا پەردىسى قاپ-
لىغان بولسىمۇ، تېخىچە كەلمىگەنىدى. شۇڭا
ئابدۇنەبى بىر قانچە قېتىم تالاغا چىقىپ
قاراپ باقتى. لېكىن، غوجەكتىن قىلچە
شەپە يوق ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كې-
چىنىڭ جىمجىتلىقى باشلىنىپ، يالدۇرراق
ئۇخلاشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەر تە-
كىيگە باش قويۇشتى. كېيىن، بارا — بارا
پۈتۈن يېزا كېچىلىك شېرىن ئۇيقىغا چۆمدى.
ئۇ چاغدا ئابدۇنەبى ئۆگزىگە چىقىپ، شەھەر
يولىغا قۇلاق سېلىپ باقتى. بىراق، ھېچ-
بىر سادا ئاڭلانمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيىگە كې-
رىپ يېتىپ قالدى. يېتىپ قالدىيۇ، ئۇيـ
قىسى كەلمىدى. بىر ۋەسۋەسىچىلىك ئۇنى بى-
ئارام قىلماقتا ئىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆت-
تۈۋدىكىن، بىر چاغدا دەرۋازا قېقىلدى.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. بۇ
چاغدا ئاي تازا تولغان بولۇپ، ئەتراپ
سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى.

—كىم؟ — دەپ سورىدى ئابدۇنەبى دەر-
ۋازىغا قاراپ كېلىۋېتىپ.

—مەن.

بۇ غوجەكنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئابدۇنەبى دەرۋازىنى ئاچتى ۋە غو-
جەكنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. غوجەكنىڭ
چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ، ياقىسى
يىرتىلغان، يۈز — كۆزلىرى قانغا بويال-
غان، سول قاپىقى بىر ئاز زەخىملىنىپ پۈل-
تىيىپ چىققان، سول قولىنىڭ بارماقلىرى-
نى خام بىلەن تېڭىۋالغانىدى.

—نېمە ئىش بۇ، نېمە بولدى ساڭا؟—
دېدى ئابدۇنەبى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ.

— غوجەك ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئابـ
دۇنەبى:

—ئۈنۈڭنى ئۆچەر، يىغلىما، تەڭكېچىدە
مەھەللىگە ئەنسىزچىلىك سېلىپ قويمايلى.
ھەر ئىش بولسىمۇ ئۆيگە كىرىپ دېگىن!—
دېدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. ئاڭغىچە ھاشى-
خان ئورنىدىن تۇرۇپ كىرىپ كەلدى ۋە
غوجەكنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

—ئىلىمان سۇ تەييارلاپ بەرگىن!—دېدى
ئابدۇنەبى ھاشىخانغا، — غوجاخۇن ئالدى
بىلەن يۈز — كۆزلىرىنى يۇيۇۋالسۇن!

ھاشىخان چىقىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆت-
مەستىن ئىلىمان سۇ ۋە داس ئېلىپ كىردى.
غوجەك يۈز — كۆزلىرىنى بىر قۇر يۇدى.

ماشىنخان ئان، چاي كەلتۈردى.

— ئالە ئۈكام غوجاخۇن، ئالە، چاي ئىچكەچ پاراڭلاشساق بولىدۇ. ھە، ئەدەدى دېگىنە قېنى، نېمە بولدى ساڭا، ماشىنا قېنى؟ — دېدى ئابدۇلەبى.

غوجەك ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— راست گەپنى قىلسام، بۈگۈن شەھەرنى بىر ئايلانغىم كەلدى. بىردەم ئويناپ قايتىمەن. شۇنىڭ بىلەن يولغا كەچرەك چىقىپ قالدىم. سايغا كەلگەندە ئۆزدىچىلا ماشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالدى. ھە پىلىشىپ يۈرۈپمىڭ تەسلىكتە ئوت ئالدۇردۇم. ئاڭغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەردىن ماڭغانچە توختىماي ھەيدەپ يارلىققا كەلگەندە، ئالدىمنى بىرسى توستى. كېچىدە يالغۇز قالغان يولۇچى ئوخشايدۇ، دەپ تونۇپ، ماشىنىنى توختىتىپ كابىنكىدىن چۈشۈشۈمگە، ياندىكى دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئىككىسى چىقىپ ئۈچ بولدى. بىلمەيلا قالدىمكى ئۇلار تۇيۇقسىزلا ماڭا ئېتىلىپ: «پۇلغا تۇرامسەن، جانغىمۇ؟ قېنى يانچۇقىڭدىكىنى چىقىردۆەت!» دېيىشتى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم-دە: «ئۆتكۈزۈپ قويغان پۇلۇڭ بارمىدى؟» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز تۇتۇشۇپ قالدۇق. بىر قەپەز قاتتىق ئېلىشتۇق، ئاخىرى ئۇلاردىن بىرى قولۇمغا پىچاق ئۇرۇۋەتتى ۋە قېشىمدىكى چاپانىنى تارتقۇچلاپ سالدۇرۇۋېلىشتى. مەن يەنە ئېلىشاي دېسەم، ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا چاپىنىمنى سالدۇرغان ھەم قولىدىن بوشىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ بەدەر قاچتىم.

غوجەك ھەسرەت بىلەن بىر تىنىپ قويدي. ئابدۇلەبى دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى.

— ھەي ... — دېدى غوجەك يەنە، — ھېلىقى 1000 يۈەن پۇل ئاشۇ چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدا ئىدى.

غوجەك سۆزىنى تۈگىتىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۆيدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. كېيىن، ئابدۇلەبى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— ماشىنا نەدە قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— يارلىققا قالغان.

— ئۇنداق بولسا، سەن بېرىپ ئارام ئالغىن، مەن مەتەكلەرنى ئويغىتىپ يارلىققا بېرىپ كېلەي.

— ماشىنىنى...

— بىز ئامال قىلارمىز. ھېلىقى ھەربىي سەپتىن قايتقان شوپۇر بالىنى تاپارمىز.

— سەن باراي.

— قولۇڭ يارىلانغان تۇرسا، زول تۇتالامسەن؟

— يارام ئېغىر ئەمەس، بىر ئامال قىلىمەن.

ئۇلار يارلىققا باردى. ماشىنا يولنىڭ بىر چېتىگە توختىتىلىپ قويۇلغانىدى. ئابدۇلەبى ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى بىر نەچچە ئايلىنىپ، كېيىن كابىنكا ۋە كوزۇپىلىرىنى تەپسىلى كۆرۈپ تەكشۈرۈپ چىقتى. ماشىنا ساپمۇساق ئىدى. ئاندىن ئابدۇلەبى خېلى بىر ھازاغىچە ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن غوجەكنىڭ چاپىنىنى تاپتى. يەنە ئۇ ئايدىڭدا ئېگىشىپ يۈرۈپ، ئۇزۇنغىچە ماشىنىنىڭ ئەتراپى ۋە يولغا سەپسالدى. ئاخىردا ئۇ دەمالىققا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بىر گۇمانغا مۇقىملاشتۇردى-دە، ماشىنىنى غوجەككە ھەيدىتىپ قايتىپ چىقتى.

بۇ ۋەقە ئەتىسى ئەلە- مەھەللىگە ئاڭ-
لانغاندا، بەزىلەر: «قويىنۇم ئوغرى، قون-
جۇم ئوغرى بوپتۇ» دېسە، بەزىلەر: «ئات
ئايلانغانغا، يول سارىخانغا بوپتۇ» دېيىش-
تى. يەنە بەزىلەر: «ساقچىغا مەلۇم
قىلىپ تېپتىپ بېقىش كېرەك. ھەي! ئاشۇ
غوجەكنى ئۇ ھويلىغا يولاتمايدىغان ئىش
ئىدى، سائادەت قۇشى قونۇپ كۆكلەۋاتقان
بۇ ئائىلىگە بىر قوزغۇن قوشۇلدى. مانا،
ئۇ شۇملۇقتىن شەپە بېرىپتۇ» دېيىشكەن
بولدى. ئەمما، ئابدۇنەبى ھېچكىشىنىڭ
پىكىرىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئاساسەن خېلى
مۇقىم بىر پىكىرگە كەلگەن ۋە ئۆزى قارار
قىلغان يولدا مېڭىشقا ئىرادە باغلىغانى-
دى. شۇڭا ئۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغانى-
دەك بىخارامان يۈرۈۋەردى. غوجەككە بول-
غان مۇئامىلىسىمۇ ئوخشاش بولدى. ناھا-
يىتى كەتسە، غوجەك بىرەر يەرگە ماڭىدى-
غان، بولۇپ قالسا «ھەمراھ بولسۇن» دەپ
بىر ئادەم قوشۇپ قويىدىغان بولدى. شۇن-
داق قىلىپ، ئارىدىن 15 كۈن ئۆتكەندە،
ئۇ بىر كۈنىكى ارخانىدىكىلەر ئىشتىن چۈشۈپ
قايتقاندىن كېيىن، غوجەكنى ئۆز ھوجرىسى-
غا چاقىردى. غوجەك ئىشىكتىن كىرگەندە
ئابدۇنەبى پۇل ساناۋاتاتتى. ئۇ غوجەكنى
باش ئىشارىسى بىلەن سۇپىغا تەكلىپ قى-
لىپ قويۇپ، پۇلنى ساناۋەردى. ئاندىن
500 يۈەننى ئىشكاپقا سېلىپ قۇلۇپلىدى ۋە
غوجەككە قاراپ دېدى:

— غوجاخۇن، مەن ھازىر ناھىيىگە بارى-
دىغان بولۇپ قالدىم. مۇھىم بىر ئىشىم
چىقىپ قالدى. شۇ يەردە قونۇپ قالىمەن.
سەن ئەتە قوزا چۈشكە ئۈلگۈرتۈپ ماشىنى-
نىنى ئېلىپ بارغىن، ئەكىلىدىغان يۈك بار.
غوجەك ئەتىلىك ۋەزىپىسىنى ئۇققۇۋال-
غاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى...

كەچ كىردى. بۇ كېچە ھەم قاراڭغۇ،
ھەم شىۋىرغانلىق كېچە بولدى. غوجەك ئۇ-
يان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخ-
لىيالمىدى. بىر ھەرىس ئۇنىڭ كۆڭلىنى
غاجاپ يەۋاتاتتى. ئابدۇنەبىنىڭ ئىشكا-
پىدىكى 500 يۈەن گويا بىر پەرى بولۇپ
غوجەكنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىۋاتاتتى.
ئۇ ئاخىرى تۈن يېرىملاشقاندا ئورنىدىن
تۇرۇپ، ئابدۇنەبىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ
تۈۋىگە كەلدى. بىردەم تىڭشاپ تۇرۇپ،
ھېچقانداق شەپە ئاڭلىمىغاندىن كېيىن تام-
دىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى. ئۇ بىخا-
رامان ھەرىكەت قىلاتتى. چۈنكى، ئابدۇنە-
بى ئۇنىڭغا ناھىيىگە بارىمەن، قونۇپ قا-
لىمەن، دېگەنىدى-دە! ئۇ ئىشىك ۋە ئىش-
كاپلارنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ، 500 يۈەننى
يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن چاقماق يورۇ-
تۇپ ئىشكاپنىڭ ئىچىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن
ئاختۇرۇپ چىقتى. قولىغا چىققىدەك ھېچ-
نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ھوجرىدىن
قايتىپ چىقىپ، ئۇدۇللا باغنىڭ تېمىغا قا-
راپ ماڭدى.

— توختا!

تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازنى ئاڭلىغان
غوجەك ھودۇقىنىدىچە تامغا ياماشتى. بى-
راق تامغا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. دولى-
سىدىن قاماللىغان كۈچلۈك قول ئۇنى سى-
رىلدۇرۇپ پەسكە چۈشۈردى. ئۇ قوپۇشقا
تەمشىلىۋىدى، كۈچلۈك قول ئۇنى تارتىپ
ئۆرە تۇرغۇزدى. ئاندىن غەزەپ بىلەن تەك-
كەن مۇشت ئۇنى يەرگە چاپلىۋەتتى. كېيىن
يەنە تارتىپ تۇرغۇزۇپ، كەينىدىنلا بىر
مۇشت بىلەن تامغا مىخلىۋەتتى. ئارقىدىن
قاتتىق تەككەن پەشۋا زەربىسى ئۇنى تام-

دىن يىرىپ ئېلىپ ھويلىدىكى تەرەت ئالى-
دىغان ئازگاللىغا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ ئازگال-
دىن تەستە ئۆمىلەپ چىقتى ۋە خېقىراپ
تۇرۇپ يالۋۇردى:



— شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن،
بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئەمدىلا ئازگالدىن قوپۇپ چىققان بۇ مەخلۇققا تەككەن ئىككىنچى پەشۋا ئۇنى ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ چوقا تىمقىغا ئۆستۈرۈۋەتتى. ئۇ دۇمچۈشتى - دە، يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— تۇۋا قىلدىم. بۇندىن كېيىن يامان يولدا ماڭمايمەن.

تېخى ئاغزىدىن گېپى ئۈزۈلمىگەن غوجەك قاتتىق تەككەن كاچات زەربىسىدىن دەلدەڭشىپ بېرىپ پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىنى قۇچاقلاپ قالدى. ئۇ نالە قىلىپ تۇرغۇچىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشقا باشلىۋېدى، قايتا تەككەن كاچات بىلەن باغنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ يىقىلىپ ياتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ ئۇرغۇچىغا ئۇزاتتى. قولىغا تەككەن پەشۋا دەستىدىن ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى - دە، پۇللار تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى قۇپالمىدى ياكى قوپۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى بولغاي، يېلىنىپ:

— كەچۈرسىلە، قارا يۈزلۈك قىلدىم، دېدى.

تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇرغۇچىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ياڭراپ كەتتى:

— ئاچكۆز، ئالدامچى ئەبلەخ، ئالە، ئەنە ئۇ چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى تېرىۋال، ئۇنى ئېلىپ دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! ئالامسەن؟ ئادەم بولۇپ قالسۇن دەپ بېشىڭنى سىلىسام، ياندۇرغىنىڭ شۇ بولدىمۇ؟!

— ئالمايمەن، گۇناھىمنى تىلەيمەن.

ئۇ يەنە ئاستا قوپۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇرغۇچى:

— شۇنى ئالىمەن، دەپ ئوغرىلىققا كىرگەندىن كېيىن، ئال دېگىنىمچە ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى...

بۇ ئابدۇنەبى ئىدى. ئابدۇنەبى تەكىيىگە باش قويغان بولسىمۇ، ئۇيقىسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇخلاش نېرۋىلىرى سەگەكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆتكەندىكى گۇمانلىرى بىلەن بۈگۈنكى يۈز بەرگەن ئىش ئۇنىڭ مېڭىسىدە گىرەلىشىپ، چىر-

مىشىپ ئۆز ئارا كۆرەش قىلماقتا ئىدى.

ئابدۇنەبى ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان
بۇ يېزا تەۋەلىكىدە يارلىقتا يېڭى
توساپ ئادەم بولمىغان ئەھۋال سادىر
بولمىغانىدى، كىشىلەرمۇ: «يېزىمىز
ئوغرى ـ يالغاندىن خالى» دېيىشىپ
ئېيتىشار ئىدى. پېشقەدەملەرمۇ: «بۇ
ئەتراپ ئەزەلدىن تىنچ، بىزدىن بۇرۇنـ
قىلار مۇشۇنداق دەيدىغان...» دېگەن گەپـ
لەرنى قىلىشىپ بېرىشەتتى. ئەجەبا ئاتام
زاماندىن بېرى تىنچ ئۆتكەن بۇ يارلىقـ
تا، ئەمدى ۋەقە پەيدا بولۇپ قالدىمۇ؟!
نېمە ئۈچۈن تارىختىن بېرى ھېچبىر ئالـ
دامغا ئۇچرىمىغان بۇ ئوغرى، ئەمدىلىكتە
غوجەككە ئۇچرايدۇ؟ نېمىشقا شۇنچە كۆپ
ئېلىشىش ۋە ھەپىلىشىش يۈز بەرگەن ئۇ
مەيداندا قالايمىقان ئىزلار يوقكىنە؟؟
ئۇ: «چاپانىنى سالدۇرۇۋالغان پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ قېچىپ كەلدىم» دەيدۇ.
ئەگەر ئۇنى راستىنلا ئوغرى توسقان بولـ
سا، ئوغرىلا بۇنىڭدىن تۇتامغا چىققىدەك
بىر نەرسىنى يۇلىۋالماي تۇرۇپ، بۇنى
قويىۋېتەرمۇ؟! ئەگەر ئوغرىلار ئۆزىمىزـ
نىڭ يۇرتىدىن بولمىدىغان بولسا، ئۇلار
نېمە ئۈچۈن بۇ جۇلدۇر كىيىملىككە يېپىشتـ
ۋالىدۇ؟ بۇ چەت يېزىدا باشقا يەردىن
ئوغرى كېلىشى مۇمكىنمۇ؟! ياكى بۇ ئوغـ
رى ئۆزىمىزنىڭ كارخانىسىدىنمىدۇ؟! مەن
غوجەككە 1000 يۈەن پۇلنى سۇنۇپ، بېرىپ
قالسا ئالغاچ كەلگىن، دەپ بۇيرۇغانچاغـ
دا، غوجەك بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىمشى
يوق ئىدىغۇ؟! ئەھۋالدىن قارىغاندا،
1000 يۈەن پۇل غوجەكنىڭ كۆزىنى قىزارتـ
قان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئۆزى مۇشتـ
لاپ، ئۆزىنىڭ قولىغا ئۆزى پىچاق سىلىپ
ۋەقە پەيدا قىلغان. مانا ئۇنىڭ بۈگۈنكى
ئاچكۆزلىكىمۇ ئۇنى دەللەپ تۇرۇپتۇ.
«يەپ تويمىغان يالاپ تويماپتۇ» دېگەنلـ
دەك، ئۇ نەپسى بالالىق قىلىۋىدى، ئاچـ
كۆز تۈلكە تومشۇقىدىن قاپقانغا ئىلىنىپ
قالغاندەك، ئۇمۇ قولغا چۈشۈپ قالدى،
ئېھتىمال، ئۇ بۇنداق بولۇشىنى ئويلاپ باقـ
مىغان بولغىيدى؟! ئۇ مېنى ناھايىتى بىـ
خارامان ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ قارىغان بولـ
غىيدى!؟ پۇلنىڭغۇ كارى چاغلىق، بىر سىنـ
تىغا زار بولۇپ يۈرگەن تالاي كۈنلەرمۇ
ئالدىمىزدىن ئۆتكەنغۇ؟! ھېلى خۇداغا
شۈكرى، يەيدىغىنىمىز، كىيىدىغىنىمىز ۋە
خەجلەيدىغىنىمىز بار بولدى. ئۇ 1000
يۈەننى باپلىۋالسا، ئامان بولساقلا يەنە
تاپىمىز ياكى ئۈنىمۇ بىر يۆلەپ قويىدىـ
غانلا قاتارىدا ساناپ، شۇ 1000 يۈەننى
كۆڭلى ـ كۆكسىمىزدىن چىقىرىۋەتسەكلا بوـ
لىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئەقىدىسىـ
نى، نىيىتىنى، ياخشىلىقىنى بىلمەي، پەسـ
كەشلىك قىلىشى ۋىجدانىنى قايىنىتىدىغان
ئىشتە؟! ئادەم بولۇپ قالسۇن، دەپ قويـ
نىمىزنى ئېچىپ ئورۇن بەرسەك، بېشىنى
سىلاپ شەپقىتىمىزنى تۆكسەك، ئۇ ۋاپاغا
جاپا بارمۇ دېسە، ئىزدىسە تېپىلار، دېـ
گەندەك بىزنىڭ ھەققىمىزگە قارا سانىسا،
غەزەپلەنمەسلىك مۇمكىنمۇ؟! تۈۋە... ھەي
غوجەك، ھەي غوجەك، شۇنىڭ ئۈچۈن بۈـ
گۈنكى جازا ساڭا راۋا، ھەي ئابدۇنەبى
بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭمۇ ـ يە؟ تاياقنىڭ تەمىـ
نى بۇنچىلىك تېتىپ قويۇشمۇ ـ ئۇنى ئاـ
دەم بولۇش يولىغا ئۈندەشتىن ئىبارەتقۇ؟
«ئەقىلغا ئىشارەت، ناداندا جۇۋالدۇرۇز»
دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟! ئابدۇنەبى ئويلاـ
ئويلا تۈن يېرىملاشقاندا ئاندىن ئۇيقىغا
كەتتى.

تېخى كۆزىنىڭ ئاچچىقى چىقمىغاي تۇ-
رۇپلا تاڭ ئاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
ھويلىغا چىقتى. غوجەك ھويلىدا يوق ئىدى.
كېيىن بىلىندىكى، ئۇ خالايىقنىڭ تۆشۈكى
ئارقىلىق باغقا چۈشۈپ، باغنىڭ سۇگۈ-
چىنىڭ ئىككى تال شادىسىنى تارتىۋېتىپ
شۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. 500 يۈەن
پۇل ھويلىدا چېچىلىپ ياتاتتى. ئابدۇنە-
بى ئويلىدى: مەيدانىمۇ شۇ پېتى تۇرسۇن،
كارخانىدىكىلەر، ئەلە - مەھەللە كۆرسۇن.
ياق، ئۇ ھېلىمۇ يەتكىدەك تاياق يەۋال-
دى. يۈزىنى ئا ياي... خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلى-
گە يورۇقچىلىق ئاتا قىلىپ قالسا ئەجەب
ئەمەس...

ئۇ 500 يۈەننى يىغىۋېلىپ يانچۇقىغا
سالدى. كېيىن تەرەت ئېلىپ ناماز باما-
داتنى ئوقىدى. خېلى ئۇزۇنغىچە جاينا-
ماز ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلدى، ئۇ جاي-
ناماز ئۈستىدىن قوپقاندا، ھاشىمخان ھويلا-
ئارام، دەرۋازا ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈپ - سۈ-
پۈرۈپ چىنىدەك قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ پېشا يې-
ۋاندىكى شىرداق ئۈستىگە سېلىنغان كۆر-
پىگە كېلىپ ئولتۇردى. بىر ئازدىن كې-
يىن قۇياش جاھانغا سالام بېرىپ، شەپەق
ئۇپۇققا جىمىك تارتتى.

## ھاياتتىن نىشان

ھايات ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ. ئېقىن
سۇ ئېقىپ - ئېقىپ يەرگە سىڭىپ تۈگەيدۇ.
ھاياتمۇ ئۆتۈپ-ئۆتۈپ ئۆز مۇساپىسىنى تا-
ماملايدۇ ياكى ھايات گوياكى بىر كارۋان.
كارۋان بولسا، ئۆتەڭلەر ئېشىپ ئاخىرى
قارارگاھىغا بېرىپ توختايدۇ. ھاياتمۇ
كۈنلەر ئۆتۈپ، يىللار ئاتلاپ ھامان بىر
كۈنى غەمسىدە ئۇخلاپ قالىدۇ ۋە يا بول-
مىسا ھايات دۇنيا ئۈچۈن بىر مېھمان بو-
لۇپ كېلىدۇ ۋە كېتىدۇ. مەيلى شاھ بول-
سۇن، گاداي بولسۇن، ئالىم بولسۇن، زا-
لىم بولسۇن سېخىي بولسۇن، بېخىل بول-
سۇن، نېمە بولسا بولسۇن، ھېچقانداق بىر
كىشى ھاياتنىڭ مۇشۇ قانۇنىيەتلىرىنىڭ
سىرتىدا تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر
قانداق بىر ئادەم ئۆز ھاياتىنى قانداق
ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئويلانماي، ئىزدەنـ-
مەي قويمايدۇ. ئەمما، ئادەملەرنىڭ مى-
جەز - خاراكتېرى، تەربىيىلىنى-
شى، پىكىر قىلىشى، ئەخلا-
قىي پەزىلىتى، ھاياتقا بولغان قارىشى
ئوخشاش بولمىغاچقا، ھاياتلىق يولى ئوخ-
شاش بولمايدۇ: خىلمۇ - خىل بولىدۇ. بى-
راۋلار ئۆز ھاياتىنى پەسكەشلىكلەر بىلەن
بولغاپ ياشىسا، بەزىلەر ئالىيجاناپلىق
سەرپايىسىنى كىيىپ جۇلالايدۇ. دېمەك،
ھايات ياڭغان، يېنىۋاتقان، يانىدىغان،
ئاخىردا كۆيۈپ تۈگەيدىغان شام. بۇ شام-
نى ئاداقىچە ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن يا-
دۇرغان كىشى ھەقىقىي ھايات ئىگىسى
بولىدۇ.

ئەمدى ئۇزۇن سەھەپە، چۈشەندۈرۈش-
لەرنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆز سۆزىمىزگە كەل-
سەك، ئابدۇنەبى ئىلگىرىدىنلا ئۇيدان يا-
نىدىغان شاملاردىن بولۇشنى ۋە ئۆز يو-
رۇقلۇقى بىلەن ئۆزىنى، ئائىلىسىنىلا ئە-
مەس، يەنە ئەل - يۇرتىنىمۇ يورۇتۇشنى
ئىنسانىلىق خىسلەت، دەپ قاراپ كەلدى. ما-
نا ئۇ ئەمدى ئازراق پۇل تېپىۋىدى، كۆپ ئىش-
لارنى، ئۇنتۇلماس ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىۋا-
تىدۇ. ئۇ، شۆھرەت ئەمەس. ساۋابلىق ئۈ-
چۈن ... بۇ يۇرتتا ئىلگىرى ئىككى يەردە
مەكتەپ بار ئىدى. بىرى مەركىزىي مەك-

تەپ، بىرى شۆبە مەكتەپ، دەپ ئاتىلاتتى. ئۆتكەندىكى نامراتلىق بويۇنتۇرۇقى كىشىلەرنى تىنالماس قىلىپ قويغان يىللاردا بىرىنچىدىن، كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا رايى بارمىدى. ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ سەرسان بولۇپ شىمال تەرەپلەرگە چىقىپ كەتتى. ئۈچىنچىدىن، دادۇي ئىشخانا، ئامبار ۋە يەنە نەرسىلەرنى سالىمىز، دەپ شۆبە مەكتەپنى ئىچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ يۇرتتا بىرلا مەكتەپ قېلىپ، يىراق ئەتەرەتلەردىن كېلىدىغان بىر قىسىم بالىلارمۇ بىراقلا مەكتەپكە كەلمەي قويغانىدى. ھازىر بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە كىشىلەر قەلبىدىكى ئىلىم تەشنالىقى يېڭىباشتىن ئويغىنىپ، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىشكە باشلىغانىدى. ئەمما ئىلگىرىكى شۆبە مەكتەپ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە ئەترەتنىڭ بالىلىرى مەكتەپكە كېلىپ ـ كېتىشتە خېلىلا قىيىنچىلىق تارتىۋاتاتتى. ئەتىيازنىڭ بورىنى، يازنىڭ يامغۇرى، قىشنىڭ سوغۇقى بالىلار ئۈچۈن خېلىلا كاشىلا ئىدى. ئادۇنەبى مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يېقىندا ئىلگىرىكى شۆبە مەكتەپ ئورنىغا ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ بىنا قىلىپ بەردى. ئەسلىدە بۇ ئۇنىڭ كېيىنچە قىلىشقا نىيەت قىلغان بىر ئىشى ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە جىددىي ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان بىر ئارزۇسى بار ئىدى. بىز باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ چەترەك بىر يېزا بولۇپ، كىشىلەر تارىختىن بۇيان ئاغرىق ـ سىلاق ئىشلىرىدا بەكمۇ قىيىنىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئادەتتە زۇكام، باش، چىش ئاغرىقى، ئوكۇل ئۇرۇشتىن تارتىپ، پۇت ـ قوللىرىنى ئازراقلا بىر نەرسە كېسىۋەتكەن ئەھۋاللاردا قەدەر ھەممىسى ئۈچۈن، بىرنەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ يېزا دوختۇرخانىسىغا، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا بەزى كىشىلەر ئاغرىق ئازابىغا چىداپ بولسىمۇ، ئۆيدە يېتىپ ساقىيىۋالاتتى. بەزىدە بەزى كىچىك كېسەللەر چوقىيىپ خەۋپلىك كېسەللەرگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالاتتى. ئادۇنەبى كارخانا قۇرۇپ روناق تېپىشقا باشلىغان بىرىنچى يىلىلا بۇ يېزىدا بىر دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئىدى. ئۇ: «ھېچ بولمىسا، ئادەتتىكى كېسەللەرنى كۆرۈپ، دورا بېرىپ، جاراھەتلەرنى تېڭىپ، ئوكۇل ئۇرۇپ قويسىمۇ ئارام ئەمەسمۇ؟» دەپ قارايتتى. ئەمما بۇ پۇل بىلەنلا بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا دوختۇرلۇق جەھەتە ئازراق تەربىيىلەنگەن بىرەيلەن بولمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن، ئۆز ئاچىسىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ئوغلىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئاپىرىپ بەرگەنىدى. دېگەندەك، دوختۇرخانىدىكىلەرمۇ بۇ يېزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچكە، بۇ بالىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى. بالىمۇ خېلى زېرەك بالىلاردىن بولۇپ، يىگىرمە يىل ئىچىدە يامان ئەمەس ساۋاتقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئادۇنەبى دەرۋازىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ، چىرايلىق ئاقارتىپ، يېتەرلىك دورا ـ سايمانلارنى

سېتىۋېلىپ دوختۇرلۇق پونكىتىنى ئاچتى.
بۇ پونكىت كېسەللىنى ھەقسىز كۆرۈپ،
ئوكۇلنى ھەقسىز ئۇراتتى. دورا ۋە تې-
ئىمىق ماتېرىياللىرىغا تۆۋەن باھا بويىچە
ھەق ئالاتتى. قىسقىسى، پايدا
ئالماي يەدىغان، خالىس خىزمەت قى-
لىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بىر مۇلا-
زىمەت ئورنى ئىدى. يۇرت ئەھلىمۇ بۇ
پونكىتتىن بەكمۇ مەمنۇن ئىدى. ئابدۇ-
نەبى بىر كۈنى ۋاسىلنىڭ ئاغرىپ يېتىپ
قالغانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، ئىنىسىنى
ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كەلمەك-
چى بولۇپ ماڭدى. لېكىن بىر ئىش ئېسى-
گە كېلىپ ئۇنى يالتايتىپ قويدى - بۇن-
دىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئابدۇنەبى تاھى-
يىدىن قايتىپ كېلىپ، ۋاسىلنىڭ مەھەل-
لىسىگە يېقىنلاشقاندا، بىر جىددىلىك
ئۈستىگە كەلدى. بۇ ۋاسىل بىلەن شۇ مەھەل-
لىدىكى بىر يۆلەكسىز كىشىنىڭ ئوتتۇرىسى-
دىكى ئىش ئىدى. ۋاسىل ئوغلى بىلەن
بىرلىشىپ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن
ئۇ كىشىنى بىر قېتىم ئۇرۇپ قويغان ئى-
دى. ئابدۇنەبى قارايدىغان بولسا، ۋاسىل
بىلەن ئوغلى ئۇ كىشىنى يەنە ئارىغا
ئېلىۋېلىپ ھەدەپ چاپانلىرىنى تارتىپ،
كاناپلىرىنى سىقىپ ئازار بېرىۋاتاتتى.
ئەتراپتا قاراپ تۇرغان بىر نەچچە كىشى-
لەر ئاجرىتىۋېتەيلى، دەپ ئۇلارغا يېقىن-
لاشسا ۋاسىلنىڭ ئوغلى، كىمكى يېقىنلى-
شىدىكەن، بىزدىن ئاغرىنمىسۇن، دەپ
پوپوزا قىلاتتى. بۇ ئەھۋالنى
كۆرگەن ئابدۇنەبى ۋېلىسىپىتتىن
چۈشتى - دە، ۋارقىرىدى:

— توختاڭلار، ئۇرۇشماڭلار، ھەر قان-
داق ئىش بولغان بولسىمۇ كەپ بىلەن
بولسۇن.

شۇ چاغدا ۋاسىل ئابدۇنەبىگە ئا-
لىيىپ:

— يولۇڭغا ماڭ! - دېدى.

— ۋاسىل ئاكا- دېدى يەنە ئابدۇنە-
بى سىلىقلىق بىلەن، - ئەمدى سىز مەھەل-
لىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى بولۇپ قال-
دىڭىز. چوڭى ئاغزىنى بۇزسا كىچىكى مۇشت
ئاتىدۇ. ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، بۇن-
داق قىلىش سىزگە ياراشمايدۇ.

— ماڭا تولا ساۋاق ئۆگەتمەي يولۇڭ-
غا ماڭ دەيمەن. بولمىسا، ھېلى سەن بى-
لەنمۇ... - دەپ ئابدۇنەبىنىڭ ئالدىغا دې-
ۋەيلەپ باردى ۋاسىل.

ئابدۇنەبىنىڭ غەزەپ ئاچچىقى كەل-
دى - دە:

— بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ھەي،
چوڭ بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيدىغان ياۋا-
يى، - دەپ ۋاسىلنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ
باردى.

ۋاسىل ئارقىسىغا داجىپ يانىدى. غو-
جەكمۇ دادىسىغا ئەگىشىپ ئارقىسىغا دا-
جىپ بىر چەتكە چىقىپ تۇردى.

— ئىززىتىڭنى قىلغاننى بىلمەيدىكەنسەن
ھە؟!-دەپ ئابدۇنەبى بارغانسېرى ۋاسىل-
نى قىستاپ ئالدىغا ماڭدى.

كۆپچىلىك ئۇن - تىنسىز جىم تۇرۇش-
تى. ۋاسىل ئارقىسىغا داجىغىنىچە دەرۋا-
زىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ توختىدى. ئۇ ئار-
قىغا داجىماس ئىدى، ئەمما بۇنىڭمۇ سە-
ۋەبى بار - دە؟! ئېھتىمال بۇندىن ئون
نەچچە يىللار بۇرۇن بولسا كېرەك، ۋاسىل
بىلەن ئابدۇنەبى بىر قېتىم ئېلىشىپ باق-
قانىدى. ئۇ چاغدا ۋاسىل 40 نەچچە
ياشتا، ئابدۇنەبى 22 - 23 ياشلاردا ئىدى.

بۇ تازا ئورما مەزگىلى بولۇپ، خامانلىق-
تا، كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان
ئىش ئىدى. ۋاسىل ئابدۇنەبىنى تۇتقان
پېتى ھېچبىر سۆيىنى چىقىرىۋېتىمەن، دەس
كۆتەرگىنىمچە پىرقىرىتىپ تاشلاپ ئۈستى-
خانلىرىنى چۇل - چۇل قىلىۋېتىمەن، دېگەن
نىيەت بىلەن، ئابدۇنەبىنىڭ ئېغىر - بې-
سىقلىق قىلغىنىغا قارىماي، ساماندەك ئۇچۇپ
توزغاقتەك پىرقىراپ ئۇنىڭغا ئېتىلغان ئى-
دى. ئابدۇنەبى ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قال-
سا، تېڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇ
تۇتۇپ بولغىچە، بىر كالىلا قويۇپلا ۋە تۆۋە-
رىكىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. ۋاسىل بىر
كالىلا بىلەنلا ئارقىسىغا ئۇچۇپ كېتىپ ئون
مىنۇتلاردىن كېيىن ھوشىغا كەلگەن ۋە ئاب-
دۇنەبىگە چېقىلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى
سەزگەن. ھازىرمۇ ۋاسىلنىڭ كۆز ئالدىدىن
ئۇن ئەچچە يىل بۇرۇنقى شۇ مەنزىرە «لىپلا»
قىلىپ ئۆتۈپ، يۈزىكىنى ھۇجۇپ، ماغدۇرى-
نى كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. ئابدۇنەبى ئۇنىڭ
قېشىغا كېلىپ توختاپ ئېيتتى:

— ۋاسىل ئاكا، ئادەم ئۇچۇن ئۆزىنى
بىلىش ھەممىدىن قىممەتلىك. بۇ دېمەكلىك
بولغىنىڭدا ئىنساپ قىلساڭ بولاتتى. كېيىن
جىنازاڭنىمۇ كۆتۈرۈدىغان ئادەم چىقماي
قالمىسۇن يەنە!؟

ئابدۇنەبى شۇ سۆزنى ئېيتىپلا ئالدى-
غا قارىماي كېتىپ قالغانىدى.
ئۇ، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ: «يوقلاپ
بارسام قانداق مۇئامىلىسىگە
ئۇچرارمەن؟» دەپ بىردەم تېڭىرقاپ
تۇرۇپ قالدى. كېيىن: «نېمە دېسە
دېمەمدۇ. قانداق مۇئامىلە قىلسا قىلما-
دۇ. ئۇ كېسەل ئىكەن يوقلاپ قويۇشۇم لازىم.
ئەگەر يەنىلا قارا كۆڭۈللۈك قىلسا، مەنمۇ
قاراپ بېقىپ ئىش تۇتمامدىمەن؟!» دېدى-
دە دوختۇرنى ئېلىپ كەچ مەھەل ئۇنىڭ
ئۆيىگە باردى. ۋاسىلنىڭ كېسىلى خېلى
ئېغىر ئىدى. ئابدۇنەبىلەر بۇ ئۆيگە كىر-
گەندە ۋاسىل يوتقانغا پۈركەنگىنىچە تو-
كۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئايالى بولسا، ئاب-
دۇنەبىنىڭ دوختۇر باشلاپ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە
ئاستىغا كۆرپە سالدى. ئاندىن:

— ھوي دادىسى، ئابدۇنەبىجان دوخ-
تۇر ئېلىپ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەپتۇ، — دېدى.
ۋاسىل يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ،
ئابدۇنەبىگە ئالايدى:

— نېمە دەپ مېنىڭ بوسۇغامغا ئاتلاپ كىردىڭ؟ سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق!
ئۆيدىن چىق! — دېدى.

ئابدۇنەبى بۇ سۆزنى ئېغىر ئالمىغاندەك
بولغاي:

— ۋاسىل ئاكا، مەن سىلىگە ياخشى-
لىق تىلەيمەن. بۈگۈن كېسەل دەستىدىن بۇ
ھالغا كېلىپ قاپتىلا. شۇڭا ياخشى كۆڭلۈم
بىلەن سىلىنى يوقلاپ كەلدىم، — دېدى.

— سېنىڭ يوقلىشىڭغا مۇھتاج ئەمەسمەن،
ئۆلسەممۇ ساڭا يالۋۇرمايمەن! ئۆيدىن چىق
دېدىم، چىق!

ئابدۇنەبى ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇر-
دى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋېتىپ: «خۇدا-
نى تونىمىغان، ھېچنېمىنى تونىماپتۇ، دەپ
بۇ ۋاسىل راستىنلا ھەق يولىنى، ئەخلاقنى
ھېچنېمىنى تونۇمايدىغان قارا مورا ئى-
كەن. بۇنىڭ ئەسكىلىكى مۇقەررەرلەشتى.
ئادەمنىڭ ھەققىي ئەسكىلى-
كى مۇقەررەرلەشكەندە، ئۇنىڭ-
دىن چەك - چېگرا ئايرىلىسا،

(ئاخىرى 56 - بەتتە)



«گۈلمېھرى»، «خانتەڭرى قىزى»، «كارۋان بۇزۇك» قاتارلىق شېئىرىي رومان ۋە شېئىرىي داستانلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى شائىر مامۇت زايىت 1942 - يىلى 8 - ئاپرېلدا كۇچا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى تۈگىتىپ، ئون نەچچە يىلدىن كۆپرەك قەشقەردە تۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ سېپىدە خىزمەت قىلغان. كېيىنچە ئۆز يۇرتى — خوتەنگە يۆتكىلىپ، ئۆتكەن يىلى 10 - ئايغىچە خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا لېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. ئۆتكەن يىلى 11 - ئايدا ئۇ، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىم كەسپىي يازغۇچىلىققا ئاجرىتىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان بولۇپ، قەشقەردە تۇرغان مەزگىللىرىدە كۆپلىگەن شېئىر - داستانلارنى يېزىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا تونۇلغان ھەمدە ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس روھى ئىلھام بەخش ئەتكەن قەشقەر دىيارىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. مامۇت زايىت يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم كوللېكتىپ توپلاملاردا كۆپلىگەن شېئىر - داستانلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ، ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى.

بۇ يىل ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە 30 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بىز شائىرنىڭ كەلگۈسى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق، شان - شەرەپ تىلەيمىز.

— مۇھەررىردىن

**مامۇت زايىت**

## غەزەللەر

### ئەي سابا

ئەي سابا، يەتكۈز بۈگۈن قەشقەر گۈلىستانىغا سالام،
ئۇندىكى مەرت تۆھپىكار، ئەجدادى چولپانىغا سالام.
زەپ سېغىندۇردى، سېغىندىم مېھرى ئاتەش يۇرتنى مەن،
گۈل شەھەر، ھېيتگاھ، گۈزەر-يول، باغچا-فونتانىغا سالام.
ئىشقىدا بۇ ھۆل يۈرەكمۇ كۆيدى، بولدى بىر كاۋاب،
مېنى كۆيدۈرگەن مۇھەببەت ئەھلى-گۈلخانىغا سالام.

ئويلىسام ئەسكە چۈشەر نۆۋەي باھادىر ياشلىقىم،
پارتلىغان ئىلھام بىرەتتى كۆڭلىدە ۋۇلقانىغا سالام.
سەيلىگاھ بولغان قەلەمداشلار ئۈچۈن ئويناق تۈمەن،
خۇددى پىر دەۋسى سۆپەت سەمەن ۋە قوغانىغا سالام.
بولدى ئۇستاز تۇرغۇن ئالماس، م. رەھىم، قۇربان ئىمىن،
قول قويۇپ قىلدىم يۇسۇپ، مەھمۇددەك ئىنسانىغا سالام.
بولدى كەڭ مۇنبەر ئىجادقا ماڭا «قەشقەر گېزىتى»،
ئەيسا شاكىر، ئا. ئۆمەر ھەم سىيىت ئاكامغا ئەسسالام.
مەن بىرەتتىم ھاجى ئەخمەت، مەمتىلى، تۇرسۇن نىياز،
ئەخمىدى، ئۇچقۇن، جېلىلى ... دوستۇ - يارانىغا سالام.
ئۆز ئارا قوللاش - ئىناقلىق ئىدى دوستلار گۆھىرى،
پاك ئەقىل قىلغاچقا پاكلىق تەھدى ۋىجدانىغا سالام.
ئوت ئالاتتى يىغىلىشتا ناخشا - داستان پىلتىسى،
نەزمە - سەنئەت بەزمىگاھى ھويلا - ئايۋانىغا سالام.
چۈشسە تەننازدا ئۇسسۇلغا خ. تۆلەندى تولغىنىپ،
سۇمبۇل، ئاھۇلار بىرەتتى شوخى جەۋلانىغا سالام.
چالسا ت. قادىر راۋاب، جۇر بولسا «قەشقەر بولبۇلى»،
ئەرشى كۈرسى، يەر قىلاتتى كۆيدە سۇلتانىغا سالام.
ياڭرىسا نۇرگۈل لىۋىدىن ناخشا - «گۈزەل ياشلىقىم»،
چالمۇ تەسۋىدىن ئېزىپ، دەيتتى «غەزەلخانىغا سالام!»
ئاھ... ئەجەپ پەيزى ئىدى، جۇشقۇن ئىدى كۈندۈز ۋە كەچ،
يوللىشاتتى خوشنا يۇرتلار باغرى خەندانىغا سالام.
چىقىمىدى، چىقماي دۇ ئەستىن ئۇندىكى قىسمەتلىرىم،
ياش بۇغۇن دەۋرىمدىكى ئارزۇيۇ - ئارمانىغا سالام.
ئاشۇ ئارمان، شۇ مۇھەببەت ئەيلىدى شائىر مېنى،
شاتلىقىم - بەردىم تالاي نەزمەمدە كارۋانىغا سالام.
ئەي سابا، قەلبىمنى يەتكۈز، ئانا يۇرت، دوستلار ئارا،
قايتۇرار قەشقەرمۇ مامۇت - ئاشىق ئوغلانىغا سالام...

## يۇزۇگىنى ئاچ

ئەي پەرىۋەش، مەن كۆرەي، يوشۇرما ئاچ، يۇزۇگىنى ئاچ،
ئۆرۈمى يەرنى سۆپۈرگەن قارا ساچ، يۇزۇگىنى ئاچ.
توسمىسۇن رۇخسارىڭنى ئايىڭنىڭ پەرەنجە بولۇتى،
باشقا مەھۋەشلەر كەبى نۇرۇڭنى چاچ، يۇزۇگىنى ئاچ.

ئانىلار تويغان پەرەنجە زۇلمىتىدىن يەتكۈچە،
بولمىغىن غەپلەت ئارا جاھىل مىزاج، يۈزۈڭنى ئاچ.
كىم سېنى قىلدى نادانلىق كۆلپىتىگە مۇپتىلا،
سەن ئاڭا ياغدۇر غەزەپ، ئۇيقۇڭنى ئاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
نەۋقىران ياشلىق، گۈزەللىك جىلۋىسى ھۆسنۈڭدە بەرق،
يوق يوشۇرما قىلىققا ئەسلا ئېھتىياج، يۈزۈڭنى ئاچ.
قول ئەمەسسەن، گۈل ئىرۇرسەن، تەلىيىڭ، بەختىڭگە خان،
يارىشار كەيسەڭ بېشىڭغا زەردە تاج، يۈزۈڭنى ئاچ.
ئەركىلەپ ئوينا پ - كۈلۈپ ياير ايدىغان ۋاقتىڭ سېنىڭ،
كەم ئەمەس ئىلكىڭدە ئەرك، بايلىق - خىراج يۈزۈڭنى ئاچ.
بىلىمەن، كۆڭلۈڭدە بار ھەسرەت پەرەنجە دەردىدىن،
يىرت ئۇنى، قاراڭغۇلۇقتىن نېرى قاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
بىلىم ئالغان قىز ئىدىڭ ئۆسمۈرلۈكۈڭدە… ئەمدىچۇ،
قىلدىمۇ ئەما خۇراپات سېنى كاج، يۈزۈڭنى ئاچ.
قارىغىن ئەتراپقا، تەڭتۇش دوستلىرىڭغا كۆز ئېچىپ،
تاپتى كەشپ، سەنئەت، ھۈنەر، كەسپتە راۋاج، يۈزۈڭنى ئاچ.
سولىدۇ گۈل توسسا سايە، ئالمىسا نۇردىن يورۇق،
ئويلا ئىقبالىڭنى، كەڭ ئىمكان - ئىلاج يۈزۈڭنى ئاچ.
ئوقۇغىن، ئىشلە، مۇھەببەت پەيزىنى سۈرگىن گۈزەل،
باشقىلاردەك تۆھپىكار بول، ئات غۇلاچ، يۈزۈڭنى ئاچ.
ئاشىقىڭ مامۇت ساڭا قىلدى سەممىي ئىلتىجا،
باق قۇياشقا، ئۈچ ئېگىزگە قارلىغاچ، يۈزۈڭنى ئاچ…

## زەرگەر كۆرۈپ

قالدىما ھەيرەتتە لال، پىر ئۇستىكار زەرگەر كۆرۈپ،
ئۇستىنىڭ ئالدىدا ئۇز، زىبا پەرى - پەيكەر كۆرۈپ.
ئايىغى ئۇ، ئىنسانىمۇ ھەيھات «كەتتى ئىلكىمدىن ھۇشۇم،
بو يىنىسەرۋى، بويۇن - بېلەكلىرىدىن مەرمەر كۆرۈپ،
زەپ ياراشقان قامىتىگە دوپپا، پەلتۇ، ئۆتۈكى،
دىل سۆيۈندى يۈزىدە قۇت جىلۋىسى ئەنۋەر كۆرۈپ.
يېڭىدىن پۈتكەن زىرە چىققتى قۇلاققا، ئاپىرىن،
قارىدىم ھۆسنىگە قىز نىڭ كۆزىدە ئەختەر كۆرۈپ،
بەك ياراشتى زەر بۇلاپكا، زەر بىلەيزۈك، زەر ئۈزۈك،
خۇددى يۇلتۇزلار ئوراشتى قىزنى بىر قەمەر كۆرۈپ.

ئىززەتۇ - ئىكراەمدا رەھمەت ئېيتتى زەرگەرگە گۈزەل،
ئېردى چىمسىم، پەرىنىڭ لىۋىدە كەۋسەر كۆرۈپ.
ئويلىدىم: ئىنسان گۈزەللىك ھەم ئەقىل كۆرگەزمىسى،
تېخىمۇ بولغاي پۈزۈر ئۆز ئەمگىكىدىن زەر كۆرۈپ.
تىنچ- ئاسايىشتە زامان، مېھنەت، ئىناقلىق بولسا يار،
ئۆتىدۇ ئەل - يۇرت پاراۋان، قولى پۇل - گەۋھەر كۆرۈپ.
كەتتى قىز، خۇددى كېيىكتەك شاش، يېنىك تاشلاپ قەدەم،
ھىدىدىن ئالدى دىماق لەززەت، ئىپار - ئەنبەر كۆرۈپ،
موپىسىت قايتا تۇتۇش قىلدى ھۇنەرگە زوق بىلەن،
بولدى دىل مەمنۇن ئۇنى زېرەك، چىۋەر، كەمتەر كۆرۈپ.
ئالتە مىڭ ياشقا كىرىپتۇ زەر ئېرىتمەك ھۈنىرى،
قىلدى ئالەم ئېتىراپ نەسلىمنى پىر، قەيسەر كۆرۈپ.
ئاشتى زەرگەرگە ئەقىدە - ھۆرمىتىم، باقتىم ئاڭا،
كەشىپ - ھۇنەرنىڭ تارىخىدا ئۇنى بىر سەرۋەر كۆرۈپ.
مەن دېدىم: ماھۇت ساڭا سۇندى غەزەل، زەرگەر ئاتا،
قىل قوبۇل پاك سۆيگۈدىن پۈتكەن ئىبىل ئەسەر كۆرۈپ...

## شائىر ۋە شېئىر

زۆرۈر بولغان كەبى بۇلبۇل باھار - ياز پەسلىگە مەڭگۈ،
زۆرۈر شائىرلار مىللەتنىڭ بەنى ھەم نەسلىگە مەڭگۈ.
دېمەس خەلق بولدى بەس ئەششار بولۇپ كەتتى يېتەرلىك كۆپ،
ھەسەت، ئىغۋاچى كاززاپلار يېتەلمەس قەستىگە مەڭگۈ.
ئازايماس ئېھتىياج، ھاجەت، جاھاندا بولسىلا ئىنسان،
زاۋاللىق، كىرىزىس بولماس شائىرلىق كەسپىدە مەڭگۈ.
رەسۇلىللا دېگەن: «شائىر - يېرىم پەيغەمبىرى ئەلنىڭ»①
ھىدايەت نۇرى، سەرۋەرلىك، ئۇلۇغلۇق ۋە سېپىدە مەڭگۈ.
شېئىر — قەلب - ھېسسىيات فونتانى، دەۋران ئەينىكى، بىلسەڭ،
شېرىك شائىر خەلقىنىڭ قايغۇ، ئارمان، بەختىگە مەڭگۈ.
شېئىر — جەڭ يارلىقى، ئاتلاندۇرۇپ مەرتلەرنى جەڭگاھقا،
بولار كۆركاۋ جاھالەت، دۆت - نادانلىق تەختىگە مەڭگۈ.
شېئىر - ياڭراق خىتاپ، پەن سەپىرىدە چوققا ئالماققا،
ياقار ئىرپان چىراقىنى نادانلار ئەقلىگە مەڭگۈ.
قەيەردە، قايسى چاغ ئۆتكەن غەزەل - كۈيسىز بىرەر مىللەت،

① بۇ ھەدىس — ئالىم يۈسۈپ سەككاكىنىڭ «مۇپتاھۇل ئۇلۇم» ناملىق كىتابىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

كىشىگە داخشا ھەمرا تويى، مۇسىبەت، ھەم پىسىندە، مەڭگۈ.
تەئەللۇق ئىشى دازىمىنىڭ ئومۇمغا، غايە - ئىقبالغا،
سوقار مىليون يۈرەك گويا ئۇلىڭگى كۆكسىدە مەڭگۈ.
ئۇ مۇستەسنا تاما، شۆھرەت، ئەمەل، مەزھەپ بالاسىدىن،
جاپاكەش تۆھپىكارلىقىنىڭ زىياسى ھۆسنىدە مەڭگۈ.
ئايا، ماموت، بەختلىكسەن، نىسىپ بوپتۇ ساڭا بۇ كەسىپ،
تىرىش ئەشئاردا يەتمەككە مۇرادىڭ ۋەسلىگە مەڭگۈ...

1987 - يىل 1 - ئاي، خوتەن

ئابدۇقادىر جالالىدىن

# شېئىرلار

## ناۋايىغا

— ناۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 547 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

مەن «دىۋان»، «خەمسە» ئىگە ئاشىق كەۋھەرى ئالەم بىلىپ،
دىل چىنارىمغا ھايات بەرگەن سۆزۈك زەمزەم بىلىپ.
ياشىدىڭ بوينۇڭغا يىللاردىن گۈزەل زۇننار ئىسىپ،
چۈنكى، سەن يازغان جەدىتلىكنى ئەبەت ئۆلچەم بىلىپ.
تاۋىدىن كەتسە قەلەم مۈشكۈل سەپەردە ھالسىراپ،
شىشە ئىي نەزمەڭگە لەب سۈردى ئۇنى مەلھەم بىلىپ.
كەلسە كولدۇرما ئۇنى بىر خىل رىتىمدە ھەممە ۋاق،
ئوي سۈرۈپ ياتماسمۇقۇم بارىدىغانلىرى ماتەم بىلىپ.
ئۈچتى كۆز ئالدىمدا مايماق كۆلكىلەر پەرۋاز قىلىپ،
قىلمىدىم پەرۋا، تەپەككۇر بابىدا ھاتەم بىلىپ.
نەزمىدە ھەقتا خۇدالىقنى تىلەيمەن، ۋە لېكىن-
تەمتىرەپ يۈردۈم جاسارەتنى ئۆزۈمدە كەم بىلىپ.
ھەر دەقىقە ھالىتىمنى يايمەن زەر شولىدەك،
سەجدىگاھىمنى ۋۇجۇدۇم دۆلىتىدە جەم بىلىپ.
ئىزدە قادىرلىق ۋىسالىنى ھاياتىمن قادىرى
سۆھبىتىڭ ئىچرە ناۋايى روھىنى ھەمدەم بىلىپ.

## قىشتىكى خامان

كۆرۈپ ياتار تومۇز چۈشىنى
ئاق قار بىلەن كۆمۈلگەن خامان.
قونۇپ ئاڭا توپ - توپ قاغىلار،
قار ئاستىدىن ئىزدىشىدۇ دان.

ياتار سۈكۈت قوچاقلىرىدا،
«لاي - لاي» لىرىم سىڭگىشىپ پىنھان.
تولۇق تەنھا يېتىپ بىر چەتتە،
پەرگە قىسسە سۆزلەيدۇ، راۋان.

تۇمانلارغا چۆمۈلدى ئاستا،
ئالدىمدىكى گىردىسەن دۇنيا.
بولۇپ قالدى قاغىلار گويا،
ئاق قەغەزگە چاچىرىغان سىيا.

شۇ سەھەپە ئېتەكلىرىدىگە،
مىسرالىرىم قوندى ھەم بېرىدىپ.
پىكىرلىرىم جىلۋىسى ئارا،
قارا توچكا يوقالدى ئېرىدىپ.

كۆكىرىدىكىنى يېقىپ خامانغا،
بولۇپ كەتتى ئويلىرىم سىرداش.
خوش دەپ يازنىڭ ئەييامىلىرىغا،
دەم ئالغاندەك ياتىدۇ بىر تاش.

## يوپۇرماقسىز بىر تۈپ ئاق تېرەك

يوپۇرماقسىز بىر تۈپ ئاق تېرەك،
كەڭ دالىدا قالدى مۈكىدەپ.
كوكۇم ئىچرە ئۆتەر شاماللار،
ئۇنى قىشلىق ئۇيقۇغا ئۈندەپ.

يېيىپ ئاپئاق چۈشىنى دەرەخ،
ئەتراپىغا تاشلىدى نەزەر.
كۆردى كۆكتىن ياپراقلىرىنى،
چاقنار ئىدى بولۇپ خۇددى زەر...

يوپۇرماقسىز شۇ بىر تۈپ تېرەك،
كەڭ دالىدا قالدى گىدىيىپ.
چۈشلىرىنى ھۈركىتەر شامال،
ئۇنى قىشلىق ئۇيقۇغا ئۈندەپ.

## بوۋاي ۋە ئاي

قارمىقىنى تاشلاپ سۇغا چال،
ئولتۇراتتى ئاي كۆلگەن سەھەر.
بوشلۇق تامان سەكرىشىپ بېلىق،
كۆل يۈزىدە ياتىدۇ چەمبەر.

ئاينىڭ سۈتلۈك سۈرەتلىرىنى،
دولقۇنلاردىن يىغىدۇ شامال.
بېلىقچى قۇش ئۆتىدۇ بەزەن،
چال كۆزىدە كۆرۈنۈپ غىل - پال.

ئالما كەبى قىزىرىپ ئۇپۇق،
زەڭگەر كۆكتە ئېرىدىپ كەتتى ئاي.
نېمىشىدۇ ئېيتىپ بوۋايغا،
شامال كۆلنى ئايلىنار تىنماي.

چال ئولتۇرار ئويچان ھەم تەنھا،
كۆزلىرىنى تىكىپ قارماققا.
شامال ئۈنىڭ كىرپىكلىرىدىگە،
ئاينى ئېسىپ كەتتى يىراققا.

يېشىل چۈشىنىڭ ئەزگۈ قوينىغا،
يۈرۈپ كەتتى بوۋاينىڭ ئېسى.
تىترەپ قوللار
تۇمانلىق كۆلگە،
چۈشۈپ كەتتى قارماق دەستىسى.

## ... گە

كۆلكەڭ ئىچرە ئاتتىم ئۆزۈمنى،
غايىپ بولدۇم لېكىن، بىر پەستە.
شىۋىرلىدى ئارمىنىڭ يېنىك،
تۈزۈپ چىقتىم ئۈنىڭدىن دەستە.

بولۇپ كەتتىم پۈرىدىغاندا مەس،
ئۆلۈمىمنى ئويغاتتىم شۇئان.
ئاھلىرىمنى تاشلىدى بوغۇپ،
ماڭا مەۋھۇم سىرلىق بىر زۇۋان.

بوسۇغامدا يوق پەقەت قىلتاق،
پىنھانىمغا كىرىپ چىق بىر رەت.
غازاڭلىرىم تەكتىدىن بەلكىم،
چىقىپ قالار قولۇڭغا زۇمرەت.

## ئۇزۇتۇش

باش ئۇرغاندا قەلبىم ئۈنسىزلىكىگە،
تىرىكلىك خىسلىتىم قالمىدى تەندە.
تىترەيدۇ كۆزۈمدە ھالرەڭ قولياغلىق،
كۆزۈك مەندە ئەمەس، خىيالىك مەندە.

بولۇت سايىسىنى قىلىپ پايانداز،
كۆزلەر تېمىپ كەتتى تاقىر دالىغا.
كۆكۈم ھەسرىتىدە تاۋۇش پەيلىرى،
توزۇپ باراردى ئۇپۇق يېنىغا.

ئىنگا ھىم ئالۋۇندا تۇتىگەن سايەڭ،
بوزرەڭ بىر جىملىقنى قىلدى يادىكار.
كۆكتىن نۇرۇن ئالدى تۆت چاسا قۇياش.
ئۇنىڭ شولىسىدىن تارايدۇ ئىپار.

## ئۆلۈم ناخشىسى

بال ھەرىسىنىڭ ئىزدەشلىرىگە،
قۇزغۇن سايىسىنى قالدۇردى دېسەم.
بىر دېپ كېتىپسە نىغۇ پىچىرلىشىشنى!؟

ئاتەش قۇتىسىدىن چېچىلغان ئۇچقۇن،
ئالمارەڭ كۈلكەڭگە تىزاي دەپچاڭگا،
غازاڭ دۆۋىسىنى يۇرەر مالتىلاپ.
ئۇپۇق سەھنىسىدە كۆرسىتىپ سېھىر،
سەن ماڭا قالدۇرغان پىلاستىنكىنى،
كىمدۇ ئورمانلاردىن قاچتى ئوغۇرلاپ.

دېڭىزدە ئالدىدا تۇردىمەن ئەمدى،
قېنى دەپ

ئىمزاسىنى سېخى رەسسامىنىڭ؛
ئالدىمدا خۇشپۇراق تەۋرەنگەن توقاي،
قۇشلار ناخشىسىدىن يوللاپ بىر مەكتۇپ،
مېنى ئېلىپ كەتتى بۇيەردىن چىللاپ.

## ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ

1

تۆكۈپ يېشىنى
ئاق ياغاچتا قغا ئىلىنىپ قالغان
ناخشام تېكىستىنى ئۇقۇيدۇ بۇلۇت.
ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ،
لەپىلدەيدۇ قەبرە ئۈستىدە.

2

ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ،
نوھىنىڭ كېمىسىنى ئېلىپ ئاردىيە،
مېنى سۆزمەك ئۇچۇن تاشلىما قىتا تور.

3

كۆۋرۈكلىرى پاچاقلانغان
جەھەننەمدەك جىلغا كۆكىدە،
پەرۋازىڭدىن قالار سىزىقلار.
ئۇچۇۋېرىپ
ئۇدۇلىغا چانىقلىرىمنىڭ.
كاۋا پىلىكىدىن ياسىدىڭ باراڭ،
مېنىدەپچېچەكلىردىن ھەرىسىز ئۇنىڭ.

4

قاراسلىدى ئاسمىنىم،
سۇنۇقلىرىدا
پىقىرايدۇ يەنە بىر ئاسمان.

مەتنۇرى ئۆزھال

## شېئىرلار

### دۇنيا…

دۇنيا، نېمە يازدىم بېتىڭگە؟
ئويدۇم قالداق نەقىشلەرنى ھەم؟
تۇغۇلۇمۇمنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن،
ئۆلۈمۈمنىڭ قەبرىسى ئۇچۇن…
سەندە قانداق باستىم مەن قەدەم؟

دۇنيا!… نېمە ئاستىم بوينۇڭغا؟
ئارمىنىمنى بەردىمۇ ساڭا؟

يۇرىكىمنىڭ دۇپۇرلىشىنى،
تومۇرۇمنىڭ شىرىلدىشىنى.
قوشتۇممۇ مەن ئاۋازلىرىڭغا؟!...

كۆكرىكىمدە تۇرىمەن چاقناپ،
ئاق سۇتۇڭنى قىلىپ مەن ئوزۇق...
قايسى بىر تۇن قوينىڭدا ماڭا،
قايسى بىر جۇت ئۇچقاندا ماڭا،
تۇتقازىسىدىڭ ئۇمۇدۇمگە ئوق؟!

## سۆيگۈ قەسىدىسى

زال ئىچىدە ياڭرايدۇ ناخشا،
يۇرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ.
سەينادا قىز تۇرىدۇ قېتىپ،
غۇۋالاشقان كوچىغا بېقىپ.

ئاھ كوچىدا باقىدۇ يىگىت،
ئارقىسىغا يېنىش - يېنىشلاپ.
ئۇنى ياندا پ ماڭغان ساقچىلار،
قويار قانداق قاتىلنى ئاياپ؟...

قىز كۆزىدە بولار نامايان،
بىر جۇپ چىراي ئىللىق شۇ قەدەر.
بىرى ئۇنىڭ مەرھۇم ئاكىسى،
بىرى ئاڭا تىلىگەن زەپەر...

قىز چۆچىدى قاتتىق سېگنالدىن،
ھەم توساقتىن يۇگۇردى سىرتقا.
يۇرىكىدە يەنە مۇھەببەت،
ياش قۇيۇلدى زىنا قىلىرىغا.

## يارقىن يۇلتۇز، مۇڭلۇق ھىلال ئاي

يارقىن يۇلتۇز، مۇڭلۇق ھىلال ئاي،
ھەمراھ ماڭا جېنىم كۆزەلئاي!

ئاھ قېشىڭغا كېتەي ئەبەدىلىك...
بېرە رسەنمۇ قەبرەڭدىن پەقەت،
ئاشىقىڭغا بىر كىشىلىك جاي؟...

## سۆيگۈ ۋارىسى

ئاي مارايدۇ رۇجەكتىن ئەنە،
قىز قارايدۇ ئايغا خىيالچان.
يىگىت ئاستا يۆتەلدى بىردىن،
قىز تاشقىرىغا ماڭدى شادىمان.

بوۋاي خورەك تارتىپ سۇپىدا،
كەتكەن شىرىن چۈشلىرى تامان.
موماي تۇيۇپ، قاراپ ئىشىككە،
ئېيىشقىدۇر سۇرىمىدى زۇۋان...

## تارىم ناخشىسى

سوراقلاردىن ئاق سېپىل ياساپ،
كەچمىشىمنىڭ كارۋانلىرىنى...
پۈتكۈل...
ئەبەدى...
قالالامسەن توساپ؟!

## ئۈمىدىم

ھايات!...
يوللىرىڭدا قالىمەن قېتىپ،
تىگىرقىغان يۇلتۇز مىسالى.
تارىخىنىڭ قوۋۇرغىسى قولۇمدا،
ئوغۇز بوۋامنىڭ ئوقياسى ھەم.
بىراق...
پەللەم كۆكسىگە
قادايمەن يۇرىكىمنى
ئۆلۈمىگە ئۇۋۇلاشچە!...

ياسىن ئىسمايىل

# سوئاللاردىن تۇغۇلغان ئىلھام

## خانتەڭرىگە سوئال

كۆكنى سۆيگەن ئەي ئانا تاغ خانتەڭرى،
قارىغاندا كۆز نۇرۇمنى تورايسەن.
خىيالىمنى شوخ سۇ كەبى ئۇرغۇتۇپ،
يۈرىكىمنى سوئاللارغا ئورايسەن.

ئېيتقىن قېنى، بۇلۇت يارغان قامىتىڭ
ئەل- يۇرت پەخرى ئوغلانلارنىڭ قەددىمۇ؟
سېنى ئوراپ تۇرغان كۆللەر، شۇلارنىڭ
كۆزەللىككە ئۈلگە بولغان قەلبىمۇ؟

شاۋقۇن سېلىپ ئېقىپ تۇرغان سۇلىرىڭ،
باغرى يۇمشاق ئانىلارنىڭ يېشىمۇ؟
ساڭا قىش-ياز ھەمراھ بولغان ئاق قارلار،
ئەجدادلارنىڭ ئاققا تولغان بېشىمۇ؟

بۈركۈتلەرنىڭ قونىدىغىمۇ ھەر چوققاڭ،
تاۋلاپ ئۆتەر ئۇلار سەندە قاناتنى؟
ئۇلار سەندىن ۋۇجۇدىغا كۈچ ئالغاچ،
ئۆتكۈزەمدۇ دائىم مەغرۇر ھاياتنى.

يامغۇر سۈيى ھاسىل قىلغان جىرالار،
تارىخىڭنى بىلدۈرگۈچى يېزىقمۇ؟
ياكى ئۇلار جەڭدىن قالغان يادىكار،
مەرتلىكىڭنىڭ گۇۋاھچىسى - سىزىقمۇ؟

تاڭدا قۇياش - تۈندە ئاي ھەم يۇلتۇزلار،
ئايلىنىدۇ نېچۈن سېنىڭ بېشىڭدىن؟
ئۆزلىرىگە نۇر، ھارارەت ئالامدۇ،
ياكى ئۇلار نېرى كەتمەي قېشىڭدىن؟

ئويلىغانچە ئەي ئانا تاغ خانتەڭرى،
سوئاللارنىڭ دەرياسىغا پاتىمەن،
سەندەك يۈكسەك بولغاچ ساڭا ھۆرمىتىم،
ئويلىنىشتىن دىلغا ئارام تاپىمەن.

## ئاق لالە

(تۈركىيە يازغۇچىسى ئۆمەر سەيفەتتىننىڭ «ئاق لالە» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

ئىنسانمۇ سەن ياكى پەرىشتە،
بىلەلمىدىم، زادى مەن زىنھار؟!
ئاي نۇرىدەك سۈزۈك ھۆسنۈڭنى،
دېيمۇ چېچەك ۋە ياكى ئاق قار؟!

ھەر بىر دىلنى قىلار مىڭ شەيدا،
غۇنچە لىۋىڭ، سېھرى كىرپىكىڭ.
جاننى ئېلىپ قويار جاڭگالدا،
بۇلاق كەبى تىنىق كۆزلىرىڭ.

شۇنچە دىلبەر، شۇنچىلىك پاكسەن،
تەرىپىڭگە يەتمەس ھەرگىز سۆز.
ئاھ سوزۇلدى،
ساڭا قارا قول،
ئاقلىقىڭغا تەككىنىدەك كۆز...

ھاياتىڭدىن كەچتىڭ مەرتلەرچە،
«پاكلىقىمنى قوغداپ ئۆتەي» دەپ.
جىلۋە قىلدى قايتا جامالىڭ،
كۆزەللىكىڭ ئېشىپ ھەسسىلەپ.

## قارچىغۇ ھەققىدە خىيال

چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا پاتىمەن،
قارچىغۇغا قارىغانچە ئويلىنىپ.
بولسىمۇ گەر ئۇنىڭدا كۈچ، پاراسەت،
پاشايدىكەن ئۆزىنى بىر قۇل قىلىپ.

ساقلاش ئۈچۈن كىچىككىنە جېنىنى،
قان تۆكەرگەن ئويلىما يلا بىھۇدە.
ئاجىزلارنى تۇتۇپ تاشلاپ بېرەركەن،
ئىگىسىگە بىلدۈرۈپ چىن ئەقىدە.

خىيالىم دائىم قىلار چوڭقۇرلاپ،
قارچۇقىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ،
بۇغۇ جانىۋار، قانداق بولۇر بۇ ئالەم،
قالسا ئادەم قارچۇقىغا ئايلىنىپ؟!...

## ئىلھامىمغا

( غەزەل )

(ئىلياز ئىمىن قۇربانىنىڭ «قەلەمكەش دوستلارغا چاقچاق»نى ئوقۇپ)

بېخىل بولغىن ماڭا ئەي ئىلھام،
تەرسا قىزدەك ئۆزۈڭنى كۆرسەت.
مېنى قانچە ئۆرتىسەڭ ئوتتا،
رەنجىمەيمەن سېنىڭدىن پەقەت.

باغدىكى يوق مېھمانغا ئوخشاش
كېلىشىڭنى كۈتمەيمەن سەندىن.
قاچساڭ
ھەرگىز ئۈمىد ئۈزمەيمەن،
كەچمىگەندەك بۇلبۇل چىمەندىن.

زارلاتقاچقا مېنى سەن قىيناپ،
ئۇلغايماقتا مېھرىم دىلىمدا.
بولماس ئىدى بۇنچە قىممىتىڭ،
كېلىۋەرسەڭ بىر خىل رېتىمدا.

## شېئىر

( بىر شائىرغا تەقلىت)

نازـ جىلۋىدە باقتىڭ پەردەدەك
يۈرىكىمدىن ھارارەت سوراپ.

ياشلىقىمنىڭ ئاشتى قىممىتى،
ۋۇجۇدۇمغا مۇھەببەت تاراپ.

تالاي چاغلار ئۆتتى سەن بىلەن،
كۆزۈم قىلچە تويماي سىرىدىشىپ.
كۆرۈنمىسەڭ كۆزۈمگە بىردەم،
باردى ئىشقىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ.

ئوۋۇلىغاچقا خىيالىمنى سەن،
چىققىنىم ھەتتا تۈندىمۇ چۈشەپ.
نېمە خىسلەت باردۇر ئەي شېئىر،
مېھرىڭ مېنى قويدى سېھىرلەپ؟!...

## ھەقىقەت

مېنىڭ ئۈچۈن مېھرىڭ باھاردەك،
مىڭ گۈزەلنىڭ جىلۋىسى سەندە.
زىكرى قىلىپ ئۆتتۈم نامىڭنى،
سايرىغاندەك بۇلبۇل چىمەندە.
يەتكۈزمەستىن ۋەسلىڭگە مېنى،
ئۆتەرسەنمۇ قىلىپ قۇل ـ بەندە؟!

## بىر شائىرنىڭ قەبرە تېشىغا

چۆكۈرگەندەك تېرەن دېڭىز قىيانى،
يۇتۇپ كەتتى زۇلمەت كېچە كەۋدەڭنى.
يوقالمىدى بىراق، قانچە قىلىپمۇ
تۈنگە خەنجەر مىسرالارنى،
نەۋرەڭنى.
غايىپ بولدى قاراڭغۇلۇق ئاخىرى،
كۆرۈپ سانسىز دىلدا نۇرلۇق قەبرەڭنى.

## بۇلبۇل

جانغا ھوزۇر سېھرى ئاۋازىڭ،
ھەممە دىلغا بىردەك ياقىدۇ.
ئاۋازىڭغا مەپتۇنلار ئىچۈن،
سېنى قەپەز ئىچىدە باقىدۇ؟!
قىممىتىڭنى ئويلىسام دائىم،
يۈرىكىمدىن زەرداپ ئاقىدۇ...

## ماۋزۇسىز

قانچە قەلەم تۈگىدى ئۇپراپ،
بىرسىگىمۇ چىقماستىن نامى.
ئالىم ئۈچۈن ياغدى ئالقىشلار،
تۇتۇلۇپ كۆپ تەشەككۈر جامى.
بولدى ئۇپراپ پۈتكەن قەلەملەر،
ئالىم ئۈچۈن ئىستىقبال شامى.

مۇھەممەتجان ئەمەت

# شېئىرلار

### ئەشۇ يىللار

كىم ئىزدىماس ئۇچراشسا يولدىن،
كۆزلىرىڭنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ؟
كىم يالتىرار كەچمەككە جاندىن،
كىم قىزىقار ياشاشقا قاخشاپ؟

بار شۇنچىلىك قۇدرەت ئۆزۈڭدە،
كىم ئىنتىلىدى سېنىڭگە ئاخىر.
تالاي يىگىت دېدى يۈزۈڭگە،
«سۆيمىدىڭمۇ؟... پۈتتى بار تەخىر ...!»

سەن ئۆتكۈزدۈڭ ئۆمۈرنى دەھشەت،
چىرايىڭغا ئىشەندىڭ ھامان.
بۇ كۈنلەرنى ئويلىماي پەقەت،
كۈلدىڭ ئاچچىق، كۈلدىڭ شادىمان.

بىراق، بۇلار كەتتى شۇنچە تېز،
ئوخشار گۈزەل چۈشكە ئەشۇ ھال.
تەن بەرمىدىڭ بارىغا ھەرگىز،
نېمىلەردىن كۈتۈپ ئىستىقبال؟

قايسى كۈنى ئېزىققان كەبى،
قاراپ قالدىڭ ئەينەككە تولۇق.
چۆچۈپ: دېدىڭ: «ۋاي... ئۆزەم قېنى...؟
ئاي سىزاتتى ئالدىمدا خورلۇق».

سەن ئىزىڭغا قاراپ باقمىدىڭ،
سەن قىلمىدىڭ يىللارنى سوراق.
سەن ئۆزەڭدىن ئىزۋەن تاپمىدىڭ،
قولدىن كەتتى ھەممىسى بىراق.

### ئۇزۇن بولدى مۇشۇ ناخشىنى...

ئۇزۇن بولدى مۇشۇ ناخشىنى،
بېغىشلىدىم مەڭگۈ مەن ساڭا.
سەن ياقتۇرغان بەلكى باشقىنى،
مەن يىغلايمەن «كۆيسە دەپ ماڭا».

ئۇزۇن كۈننىڭ سەزگۈر شامىلى،
كۈيلىرىمنى سوغۇق قۇچاغلاپ.
بەزلىۋالغان ئاخشامدىن بېرى،
ئېلىپ كەتكەن، كەتكەن يىراقلاپ.

ئېلىپ كەتكەن، يۇمشاق پەپىلەپ،
بوران ياتقان، ئورمانلار تامان.
بەر...! قولۇڭنى باراي يېتىلەپ،
بۈگۈن تىنچ، سەلكىن ئۇ ئورمان.

ئاڭلاپ باققىن بىر رەت ۋە ئاداق،
ئورمانلاردىن ناخشا سىرىنى.
رەنجىمەيمەن ئەتكىن، ئەت مازاق،
ياقتۇرمەندىن باشقا بىرىنى.

## ئارىدا

ھاياتلىق،
ئولتۇرار يەلكىسىدە ئۇپۇقنىڭ.
ماماتلىق
قۇچىقىدا ياتار كۈكۈمىنىڭ.
ئارىسىدا،
ئاجىز بىر نەپەس،

## ماۋزۇسىز

يېڭى بىر سۈرەت،
دەپتىرىدە سەھەرنىڭ.
ئاھ! ئۇنتۇلغان ئۆلۈم،
ئۇنتۇلغان كەچمىش...!

---

**ئابدۇللا ئوسمان**

## غەزەللەر

### I

ئاياز كۆكسىگە تىغ سانجىپ باھارنى كۆرمەيىن كەتتىمىك،
كۆزىگە مىخ قېقىپ تۈنىنىڭ ناھارنى كۆرمەيىن كەتتىمىك،

كامارىنىڭ ئاغزىدا ئاھ - ۋاھ جىمىنىنىڭ قولىدا خالتا،
ئېچى ئاشلىقتا لىق تولغان تاغارنى كۆرمەيىن كەتتىمىك.

تېرىكىدىن باغ بىنا بولغان لېۋى چاك - چاك قاقاسلىقتا،
تىكىپ كۆرمىگەن يېمىش، ئەپسۇس، ئانارنى كۆرمەيىن كەتتىمىك.

ئۆزۈك كاتتا دۇكاندارتىك، مېلىكلەر خىل بىھەدۇ ئەردى،
ئېلىم ساتماققا يول قويغان بازارنى كۆرمەيىن كەتتىمىك.

بۇيۇك نامىگنى ئەسلەيدۇ ئەلەم، ھەسرەتتە ئابدۇللا،
ھەقىقەتنى قەلەم ئاخىر يازارنى كۆرمەيىن كەتتىمىك.

### II

ھەممىدىن زۆرۈر ئىكەن ياشلىغىمىزدا ئىزدىنىش،
ئىزدىنىشتىن ئۆمرىمىز بىناسىغا چىڭ ھۇل سېلىنىش.

خۇشپۇراق ئەترە ئېچىلسا تەرىدىن ئەل قەلبىدە،
تارتىسمۇ كۆرمىگ جاپا كىم سەزمىگەي - چارچاش - ھېرىش.

«مەن» نى دىلدىن تەرك ئېتىپ ئومۇمغا مەنسۇپ بولسا كىم؛
ئەجرىدىن بەرپا قىلۇر چۆل قوينىدا جەننەت - بېھىش.

مەردىيە تىنىڭ ئۆلچىمىشۇ: كەشپىيات، ئىجادىيەت،
قان يۇتۇپ قالسۇن رەقىبلەر ئىختىرا قىلغىن تىرىش.

يەنگە كۆيگەن قىز ـ يىگىتنىڭ مەڭگۈلۈك ئارمانىدۇر،
جان تىكىپ ئەلا كەبى خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

III

ئوزدىن بىرسى قوپال چاخچاق قىلىپ،
كەينىدىن سالدى چاپان ئاخماق قىلىپ.
«سىلەردە ئەدەب ـ ھايا يوقمۇ!» دېدى:
شۇ ئانلا، بىر مۆتىۋەر نەپرەتلىنىپ.
بىلدىم ئاڭا تەسىر قىلدىمۇ يوق،
تەككەندەك بولدى ماڭا توقماق كېلىپ.
تەربىيە بەردى يەنە قولۇم تۇتۇپ،
ئالدى ئەپ خىسلىتىدىن قەلبىم قېنىپ.
ئەي ئاقىل، ئەيلەپ ھەزەر نادانلاردىن،
پاك ياشاي سۆزلىرىڭدىن لەززەت ئېلىپ.

ئابدۇرېھىم توختى

## رۇبائىيلار

1

ھاياتنىڭ يولىدا ئۈمىد تۇر چىراق،
چىراقسىز يول قىيىن، خەتەرلىك يىراق.
ئۈمىدنىڭ چىرىغى بولمىسا يېنىق،
ھاياتنىڭ تاپمايدۇ ھەرگىزمۇ روناق.

2

بۇ يولدىن كەلمەسكە كەتكەنلەر تولا،
كەتكەندىن قالدۇرغان ئىزلىرى گۇۋا.
بەزىسى ئۈچۈپتۇ بىر يىل ئۆتمەيلا،
بەزىسى مىڭ يىلدا يېشكى ئىز گويا.

3

دۇنياغا قايتىدىن كەلمەيدۇ كىشى،
ساقالنى بويىسا ياناميدۇ يېشى.
مىنۇتنىڭ، سېكۇنتنىڭ ئۆتكىنى بىلسەڭ،
ئۆتكىنى ئىنساننىڭ ياز بىلەن قىشى.

4

ئەقىلسىز كىشىنىڭ كۆڭلىدە سان يوق،
ئىشىدۇر پىچەككى ھېغىزۋە دان يوق.
باكار قۇمغا ئاققانسۇ مەسەللىكتۇر،
كىشىنىڭ كۆڭلىدە غايە، ئارمان يوق.

5

ئېچىلىشىنىڭ قەدرىنى گۈلدىن سوراپ باق،
چېچىلىشىنىڭ دەردىنى قۇمدىن سوراپ باق.
تارىخ دەر: ئۇيۇشقا قىلىق، ئۇچۇقلۇقنىڭ ـ
تەمى ـ لەززىتىنى ھەندىن سوراپ باق.

6

ھېچ كۆڭۈلغا لىماس قايغۇ ۋە غەمنى؛
ھېچبىر دىل تىلىمەس دەردۇ ـ ئەلەمنى.
ۋەلېكىن، قايغۇ ـ غەم كېلەر بىر يولدىن،
ئويلىماي شۇ يولغا باسسا قەدەمنى.

7

ئالىي غايە ـ لاچىن ئېگىز ئاسمانىدا.
غايىسىزلىك گويا چاشقان پىنھانىدا.

سۇرسەلاچىن يۇكسەكلىكنىڭ پەيزىنى،
چاشقان ياشاردەككە ـ دۇككە ھەر ئاندا.

8

يامانىنى يامان-دە، ياخشىنى ياخشى،
ياخشىغا ئەل زوقى ئاشقىنى ياخشى.
ياماندىن ئەل رايى قايتقىنى ياخشى،
دېمىسۇن ھەق يولدىن باشقىنى ياخشى.

9

كۆڭۈل بىرخەزىنىدۇر جەۋھەرتولۇقلۇق،
قۇلۇپلاغلىق ئىشكى جىم-جىت تۇرۇقلۇق،
تىل ئاچقۇچى بىلەن ئاچقاندا ئۇنى،
جاۋاھىرلار چاچار ئۇندىن يورۇقلۇق.

10

ئەقلى بارنىڭ ئەل غېمىدىن ۋايى بار،
گەر قولىدا كۈن، يېنىدا ئايى بار.
ئۆلسە دەردتىن كۆرمىگى ھەسرەت چېكىپ،
تەلۋە ھەم دۆتنىڭ نېمە پەرۋايى بار؟

11

ئېشەك تونكە يسە بولماس ئابدۇراخمان،
كاچا نوتا بىلىپ بولماس غەزەلخان،
پەرۋىش تاپمىسا تالالىتنىڭ گۈلى،
بېغىڭغا يېتىدۇ ئاقىۋەت زىيان.

12

بىركۈنى ئۇيقۇمدا ئانام «قوپ!» دېدى،
«دۇنيادا ئىش ھەم ۋەزىپەڭ كۆپ» دېدى.
«ئەلگە نەپىڭ بولمىسا، ئەل ئالدىدا-
يىگنە-يىپچە ئېتىبارىڭ يوق!» دېدى.

## چوپانى

## رۇبائىيلار

1

ئەي ساقى مەي قۇيغىن يارىمغا تۇتاي،
ئۆلبەت بوپ مەن ئاڭا، كۆڭلىنى ئۇتاي.
دەرد ـ ئەلەم باغرىنى ئەتمىسۇن كاۋاب،
كۆيدۈرگەن ئوتىنى ئىچمىگە يۇتاي.

2

مەن مۆمىن بەندىمەن، موللام بالىسى.
زادى يوق كۆڭلۈمنىڭ قىلدەك ئالىسى.
ھەممە پەرز، قەرزلىرىم ئادادۇر، لېكىن،
مەن ئىچمەي قاپتىمەن شۇكەن چالىسى.

3

ئەي نىگار كۆڭلۈڭنى ئۇتقۇم كېلىدۇ،
قاماللاپ بېلىڭدىن تۇتقۇم كېلىدۇ.
لەززەتلىك چېھرىڭنى ئېلىپ قەدەھكە،
مەي ـ شاراپ ئورنىدا يۇتقۇم كېلىدۇ.

4

ئەي ساقى مەي ئىچسەم ئۆرىدۇ دادام،
ئىچمىسەم ئېچىشار دىلىدىكى يارام.
نە قىلاي مەي ئىچمەي، يارىمنىڭ ئىشقى،
تۇز سېپىپ يارامغا بەرمىسە ئارام؟

5

ھەييام بىلەن بىركۈن بەزمە قۇرۇشۇپ قالدۇق،
مەيگە قانماي ساقى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدۇق.
كوزىلارغا كاللىمىزنى چىلاپتى ساقى،
شۇ چاغدىلا شادقا چۆمۈپ تۇرۇشۇپ قالدۇق.

6

مەي ئىچسەم ھەممىسى دەيدۇ مېنى «مەس»،
ئىچمىسەم شۇ ھامان يەيدۇ مېنى نەس.
شۇڭلاشقا مەي ئىچىپ يۈرگۈنۈم تۈزۈك،
ئەي ساقى، مەي قۇيغىن جامىمغا پەۋەس.

7

ئاخىرى ئېرىشتىم يامان ئاتاققا،
مەي قۇيۇپ ئىچكەچكە پۇچۇق قاپاققا.
ۋە لېكىن، شۇ قاپاق پۇچۇقلىرىنى،
بەرمەسمەن ھەرگىزمۇ ئالتۇن تاۋاققا.

8

مەي دېدى: «خەستە دىل دېگىنى يەيمەن،
مەي ئىچمەس ئىنسانىنىڭ غېمىنى يەيمەن»
مەن دېدىم: «ئەجەبا بەلەنگە پەقۇ - بۇ!؟
ئۇنداقتا مەن مەينىڭ يېگىنى يەيمەن»

9

«نېمە ئۈچۈن پەنجىرەمدىن مارايسەن» دېدى:
«ئېغىزىڭنى تامشىتىپلا قارايسەن؟» دېدى.
«بىرجام مەي بەر» دەپتىم ئاڭا، دېدىكى ھەييام:
ئېھ، مەرد يىگىتسەنلا ماڭا يارايسەن!» دېدى.

10

مەي ئىچسەم دىلىمغا لەززەت تاردى،
ساقىنىڭ ھىممىتى ماڭا ياردى.
ئاھ، لېكىن، شۇ ھامان بولدۇم بەختسىز،
نىگارىم ماي تارتىپ تەتۈر قاردى.

11

چۈشۈمدە بېھىشقا ئارانلا پاتتىم،
ھەييامنى تاپالماي ئوتتۇز كۈن ياتتىم.
«ھەييامنىڭ ھوجرىسى دوزاقتا» دەپتى
شۇ ھامان ئۆزەمنى دوزاققا ئاتتىم.

12

مەي ئىچسەم مەس ئۆزەم، ئىچمىسەمۇ مەس،
«ئىچمىگىن» دەپ توسما بولدى ئەمدى بەس.
يار دېگەن ئۇقۇمنى بىلىمەن، ئەمما،
يارىم، يوق شۇڭلاشقا مەيسىز كۈنۈم تەس.

13

«مەي ئىچتىڭ» دەپ نىگار يامانلاپ يۈرمە،
زەردىدە ياقامنى قامالاپ يۈرمە.
مەن ئىچمەي ئىشقىڭغا قانداق چىدايمەن؟
رەھىم قىل، دىلىمنى ئازابلاپ يۈرمە.

14

مېھىرلىك كۆزۈڭگە بېقىپ كېتىمەن،
بېقىپلا سىماپتەك ئېقىپ كېتىمەن.
لىۋىڭدىن زەررىچە ئىچەلمىسەم مەي،
كۆكسۈمنى نەم يەرگە يېقىپ كېتىمەن.

15

ئەي نىگار باغرىڭغا ئۆزەمنى ئاتسام،
پاك يۈرەك - قەلبىڭگە قەلبىمنى قاتسام.
قانمايتى دىلىمدا قىلچە ئارمانىم،
كىرىپلا لەھەتكە يېنىڭدا ياتسام.

16

يۈرىكىم سوقىدۇ يارىم سېنى دەپ،
سورايدۇ: «ئەي يىگىت يارىڭ قېنى؟» دەپ.
مەن دەيمەن: «رەقىبىم بەكمۇ قۇۋ بولغاچ،
ئاھ ئۇرۇپ يۈرمەكتە يارىم مېنى دەپ»

17

پىراقىڭ قىيىندىغاچ كۈندۈز، كەچ، سەھەر،
تەلمۈرۈپ قارىدىم مەن ساڭا قەمەر.
بىر جام مەي بىر دۆۋەت ياقۇت لىۋىڭدىن،
يا بەرگىن ۋاقتىدا بىر تاۋاق زەھەر.

18

ئاقسامۇ سۈيىڭدىن قورقماي كېچىمەن،
نىگارىم سەن ئۈچۈن جاندىن كېچىمەن،
پىراقىڭ يۈرەكنى ئېرىتەي دېگەچ،
تېمىڭدىن ئارتىلىپ كىرىدىم كېچىمەن.

ئابدىكېرىم سەلەي

## ئىككى شېئىر

### ئىلھام

بىلىمەن شائىرنىڭ ئامرىقى ئىلھام،
كەلسە ئۇ ھەممىدىن شېئىردىن تۆيۈلار.
ئىلھام - ئۇ سوۋغىسى قايناق ھاياتنىڭ،
ئىلھامىدىن دىللارغا شەرۋەت قۇيۇلار.

ياڭرايدۇ تاڭ سەھەر گۈلنىڭ ئىشقىدا،
گۈزەللىك ئاشناسى - بۇلبۇللار كۈيى.
بەختىيار زامانغا نەزمىلەر قاتسام،
تۈگىمەس ھېس - ئىلھام تا ئۆمۈر بويى.

## باھار كەلدى

سابالار خۇش خەۋەر ئەيلەپ يېقىملىق كۈلبا ھار كەلدى،
باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەجەپ خۇشبۇي ئىپار كەلدى.
ناۋا ئەيلەشتى بۇلبۇللار، چاۋاكلار چالدى سۇمبۇللار،
سېغىنغان تۇرنا، قالغاچلار ئۇچۇپ كۆكتە قاتار كەلدى.

تۇمەن خىل گۈل- چېچەك ئاچتى، ئىلھام فۇنتىنى تاشتى،
ۋەتەن قوينى بولۇپ گۈلزار، ئاجايىپ شوخ ناۋا كەلدى.
دەۋر چىللايدۇ يارەنلەر، بولۇڭ تەڭكەش زەپەر مارشقا،
باھارنىڭ پەيزىگە چۆمگەن ئاشىق دىلرابا كەلدى.

## شېئىرلار

ياسىنجان ئوسمان

### ئاھ، بىچارە يەلكەنسىز قېيىق

1

سۈزۈك يېشىل دېڭىز ئىچىدە،
پىلتىڭ ئېتىپ ئوينايدۇ بېلىق.
دولقۇنلارنى سۆيۈپ قۇچاقلاپ،
ئۇندا ئۈزەر يەلكەنسىز قېيىق،

ئۇندا ئۈزەر يەلكەنسىز قېيىق،
ئۈستىدە قىز، ئىششىقسىز يۈرەك.
كۆزلىرىنى تىكىپ ھەر ياڭغا،
دولقۇنلارنى قىلىدۇ كۆرەك.

دولقۇنلارنى قىلىدۇ كۆرەك،
كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ لەرزان.
قىرغاق بويلاپ كەتتى شۇ گۈزەل،
يۈرىكىدە ئالەمچە ئارمان.

قول ئۈزۈتۈپ قالدى يىگىتى،
ئاڭا ئامىن - ئىسەنلىك تىلەپ.
كىم ئويلىغان ئەشۇ گۈزەلنى،
كەتتى بەڭباش دولقۇن يېتىلەپ.

2

چىقتى بىردىن كۆككىرەپ بوران،
قىزنىڭ كۆڭلى تەشۋىشتە قالدى.
ئەپسۇس، بۇندا ئۆزگە بىر قېيىق،
ئۇنى شۇئان قوينىغا ئالدى.

3

تەنها قېيىق كېلۇر مۇڭلىنىپ،
ئۈمىدىنى يېغىشلاپ قاشقا.
ئاھ! بۇندىمۇ كۆرەمدى خوۋلۇق،
بىچارە بولدى، ئۇرۇلۇپ تاشقا.
ئۈمىدىنى يېغىشلاپ قاشقا.

يىگىتىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ،
كۆزلىرىنى چىرمىۋالدى ياش.
دېدى شۇئان شامال نىدا قىپ:
—سۆيگىنىمنىڭ ئىكەن باغرى تاش!
كۆزلىرىنى چىرمىۋالدى ياش.

تەلۋىلەرچە كۈلدى قاقاھلاپ،
قىز ھەممىنى چىقىرىپ ئەستىن.
ئويلاپ قالدىم: ۋىجدانسىزلارنىڭ—
پەرقى يوقكەن ئوت-گىيا، خەستىن.
قىز ھەممىنى چىقاردى ئەستىن،

4

دولقۇنلار، ئەي يېشىل دولقۇنلار،
نىچۇن پارە قىلدىڭ قېيىقنى؟
ئۆز قارىنىڭغا يۇتسەڭ بولمامدۇ؟
ئادەم سۆيەر يۈزسىز ئېيىقنى؟!
نىچۇن پارە قىلدىڭ قېيىقنى؟

× ×

سۈزۈك يېشىل دېڭىز ئىچىدە،
پىلتىلداپ ئېتىپ ئوينايدۇ بېلىق.
مۇڭلىنىمەن سېنى سېغىنىپ،
ئاھا بىچارە يەلكەنسىز قېيىق.

## رازىيە

سېغىندىم مەن، سېغىنغانسەن مېنىمۇ،
يوشۇرساڭمۇ بۇنى ئوبدان بىلىمەن.
ئېھا رازىيە سەن ئۇياقتا ئويناساڭ،
مەن بۇياقتا سەۋدايى بوپ يۈرىمەن.

بىز توغرىلىق قىسسىلەرنى سۆزلەيدۇ،
مۇخۇركامىنىڭ ئاچچىق - ئاچچىق ئىسلىرى،
ئاھ، ئېيتقىنا نە سەۋەبتىن خارلاندى،
يۈرىكىمدە يانغان ياشلىق ھېسلىرى؟

ئېسىڭدىمۇ بىز تونۇشقان مىنۇتلار،
«كۆيدۈم» دېسەم، گۈلدەك يۈزۈڭ قىزارغان.
چىقساڭ سەھەر گۈلشىنىدە دالىغا،
قۇياش كۈلۈپ، يېڭى بىر تاڭ ئاقارغان.

رىۋايەتتە ئاڭلاپ گۈزەل ھۆرلەرنى،
چۈشلىرىمگە كىرىشكەن، دەپ يۈرەتتىم.
خۇدا نېسىپ قىلارمۇ، دەپ شۇلارنى،
ئۆزۈمچىلا تاتلىق - تاتلىق كۈلەتتىم.

قاتتىق بوپ خىيالىمنىڭ ئەكسىچە،
تۇيۇقسىزلا ئۇچراپ قالدىڭ ئاپپېغىم.
قورقما مەندىن (قاراقچى، دەپ قالمىغىن)
لەۋلىرىڭگە سۆيۈۋالاي تاتلىقىم.

سەن قارىدىڭ (قارىمىساڭ بوپتىكەن)
شۇندىن بېرى ئەس ھوشۇمنى بىلمەيمەن.
بۇنداق دېسەم ساراڭ بوپتۇ، دېمىگىن،
سەۋەبىنى ھېچكىمگە دېمەيمەن.

بىز ئايرىلدۇق كۆزلەردە قان-ياش تۆكۈپ.
سەن يول ئالدىڭ مەندىن يىراق-يىراققا.
ئاي ۋە يىللار ئۆتتى، ئەجەپ كەلمىدىڭ،
ئىنسان دېگەن ئۆلمەيدىكەن يىراققا.

سېغىنغانلدا كۆككە بېقىپ تەلمۈردۈم،
تولۇن ئايدەك جامالىڭنى كۆرەي، دەپ.
سەھەر تۇرۇپ دالىلاردا يۈگۈردۈم،
سېنى سۆيگەن شاماللارنى سۆيەي، دەپ.

ئەپسۇس سېنى تاپالمىدىم ئىزدەپمۇ،
ياكى قەلبىم گۈلشىنىدىن [illegible]زدىڭمۇ؟
تاشلىۋېتىپ مېنى ئىشىق چۆلىگە،
ئۆزگىلەرنىڭ دالاسىنى كەزدىڭمۇ؟!

ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى،
قۇچاقلىشىپ ياكى سوغۇق كۈلۈشۈپ.
ئۈمىدىم شۇ: ئىشەنچىڭنى يوقاتما،
بىز ئۆتەيلى چىن ھاياتنى سۆيۈشۈپ.

× ×

سېغىندىمەن، سېغىنغانسەن مېنىمۇ،
يوشۇرساڭمۇ بۇنى ئوبدان بىلىمەن.
ئېھ، رازىيە قولۇمدا گۈل سېنى دەپ-
مەن بۇياقتا سەۋدايى بوپ يۈرىمەن.

## چېكە تىكەم

قارا كۆزۈم، قارا قاشلىق چېكە تىكەم،
مۇڭلۇقسەن نېچۈن ئىزدەپ يۈرەكىنى؟
سېنى ئالداپ قاچتى قايسى بەڭباشلار،
ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ يە بۆلەكىنى؟
مۇڭلىنىسەن نېچۈن ئىزدەپ يۈرەكىنى.

يۇلتۇزلارغا ھەمراھ بولۇپ تىڭشايتتىم،
كېچىلىرى ئەشۇ ئىزگۈ ناخشاڭنى،
تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمايتتىم، قانمايتتىم،
سېنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەچ - ئاخشامنى،
كېچىلىرى تىڭشاپ ئىزگۈ ناخشاڭنى.

چاقىراتتىڭ مېنى خىلۋەت دالىغا،
مېنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ كەتكىن، دەپ،

كېچە گۈزەل (ئاشىقلارنىڭ ماكانى)
كېچە بىلەن مۇرادىڭغا يەتكىن، دەپ،
مېنىڭ بىلەن بىللە ئوينا پكە تكىن، دەپ.

ۋارقىراپتىم، قىيا قلارنى پۈرا يتتىم،
تىنىقىڭنى ئىزلەپ دالا - تۈزلەردىن،
جېنىم - جېنىم، دۇئا ئوقۇپ تىلەيتتىم،
ئىگەم ئۈنى ساقلا يامان كۆزلەردىن،
تىنىقىڭنى ئىزلەپ دالا - تۈزلەردىن.

رەنجىدىڭمۇ ياكى «ئۆلسۇن» دېدىڭمۇ؟
تاشلىۋەتتىڭ «سۆيگۈ» ئاتلىق دوزاققا،
كېچىلىرى ئۇخلالمايمەن تولغۇنۇپ،
ئىزگۈ ناخشاڭ ئاڭلانمايدۇ قۇلاققا،
تاشلىۋەتتىڭ «سۆيگۈ» ئاتلىق دوزاققا.

تالاي كۈنلەر كۈتتۈم سېنى سېغىنىپ،
بىلمەپ تۇرۇپ ئاھ ئۇردىمىز نېمىشكە؟
قارا كۆزۈم، قارا قاشلىق چىكە تكەم،
نېمىشقا بۇلار سېنى قاچان سۆيۈشكە؟
بىلمەپ تۇرۇپ ئاھ ئۇردىمىز نېمىشكە؟

ئەللەر نېمە دېسە مەيلى، كارىم يوق،
ئادا ققىچە سەن بىلەن بىر ئۆتىمەن،
ناخشا توۋلاپ كەلگىن كۆڭلى نازۇكۇم
سېنى خىلۋەت دالىلاردا كۈتىمەن،
ئادا ققىچە سەن بىلەن بىر ئۆتىمەن.

ئەگەر تەڭرى ئاشىقلارنى تاللىسا،
بىز بارىمىز سەپ ئالدىدا تىز ىلىپ،
ئىشەن ماڭا، شەكچۈشمىسۇن كۆڭلۈڭگە،
قالماس ھەرگىز غەيرى ئەھۋال سېز ىلىپ،
بىز بارىمىز سەپ ئالدىدا تىز ىلىپ.

ꕥꕥꕥꕥꕥꕥꕥꕥꕥꕥ

ئابدۇرېھىم قاۋۇل

## بۇ كېچە، كېچە سۈتتەك ئاق

قاراڭغۇلۇق كەتتىڭغۇ يۇتۇپ،
بۇ دەم كېچە، كېچە سۈتتەك ئاق.
ياكى ئىلاھىم قولۇڭنى ئۇزۇپ -
تاشلىغانمۇ يىراق ۋە يىراق.

كۆكتە لەرزان ئۇزەر تولۇنئاي،
جىلۋىگەركەچ رەڭدار بىر سۈرەت.
تالزار، گۈلزار، ئالمىزار، ئاي...ھاي...
ئاتا قىپتۇ زېمىنگە نۇسرەت.

نازلىق بىر قىز نۇر سۆيگەن ئەتراپ،
پەرەنجىسى گويا ئاقلىچەك.
سەلكىن بىرلە ناخشىسى ياڭراپ،
راھەتلىنەر، ياشلىق ئوت يۈرەك.

ئاڭلانمايدۇ موماي ئەللىيى،
شاشلىق پەسلى بوۋاق يۈزىدە.
خەقىش قىلماس نۇر ئىزدەپ ئەمدى،
نۇر ئىپادە نۇرلۇق كۆزىدە.

كۈي ياڭرىتار شاقىراتمىلار،
شاماللاردا ئىزگۈ پىچىرلاش.
كۆكتە چولپان مەشۇقلارغا يار،
مۇڭلۇق بېقىپ ئوينىتىدۇ قاش.

يىراقلاردا ئاقارغان دالا،
پارلىنىدۇ دەريا - دېڭىزلار.
ئىگەك سىلاپ ھېسلىنار چاللار،
تال ئاستىدا قوغلاشسا قىزلار.

بۇ دەم كېچە، لېكىن ئايدىڭ ئاق،
ئاسماندا ئاي، ھەر قەلبتە ئاي.
بۇ كېچىلەر ھايات بەك قايناق،
رەڭدار ۋە ئۆز گۈزەللىكىگە باي.

× ×

قاراڭغۇلۇق كەتتىڭغۇ يۇتۇپ،
ئايدىڭ كېچە، ئەتراپ سۈتتەك ئاق.
ياكى ئىلاھىم قولۇڭنى ئۇزۇپ،
تاشلىغانمۇ يىراقتىن - يىراق.

**مۇھەممەت روزى**

## جەسۇرلۇق، مەرتلىكنىڭ سىمۋولى ئۆزۈڭ

ئاسمانغا بويي سوزۇپ تۇرىسەن مەغرۇر،
قارىغاي، كۆكىرەپ تاغنىڭ باغرىدا.
كۈيلىنەر ھەر دائىم ئەشۇ خىسلىتىڭ،
تارىخلار داستان بوپ ئەلنىڭ ئاغزىدا.

جاسارەت، چىدامىلىق ساڭا مۇجەسسەم،
كار قىلماس ساڭا ھېچ قەھرىتان ئاياز.
تۇرىسەن ياشىرىپ قار دېڭىزىدا،
بۈركۈتلەر ئۈستۈڭدە قىلىدۇ پەرۋاز.

سەن ھامان جەسۇرلۇق، مەرتلىك سىمۋولى،
مەرتلىكىڭنى ئۆگىنەر مەرتلەر سېنىڭدىن.
چىنىمىڭدىن يېشىللىق كەتمەس يىل بويى،
جەسۇرلۇق بەرق ئۇرار ياپراقلىرىڭدىن.

كۆرۈلدەپ سوقسىمۇ ئىزغىرىن شامال،
تۇرىسەن قىلماستىن ئاڭا ھېچ ئىرەن.
چۆكتۈرەلمەس سېنى قايىنام - ئەگىزلەر،
بولسىمۇ ھەر قانچە چوڭقۇر ھەم تىرەن.

قىزدۇرسا زېمىننى قۇياشنىڭ تەپتى،
بېرىسەن تومۇزغا شۇ قەدەر بەرداش.
پىژغىرىم ئىسسىقتا پۇچۇلسا جانلار،
بۇ ھالەت سېنى ھېچ ئەگدۈرەلمەس باش.

پەسىللەر ئالمىشىپ كەلگەندە ۋاقتى،
دەل - دەرەخ، گىيالار تاشلايدۇ غازاڭ.
بىرلا سەن ئۇرىنىپ يېشىل تونىڭغا،
تۇرىسەن يوقاتماي تۈرقىڭنى ھامان.

مەۋج ئۇرار كۆكسىڭدە مۇھەببەت گويا،
ياڭرىتىپ جۇشقۇنلۇق ئۆزگىچە ناۋا.
بۇلقىيدۇ بەستىڭدىن مېھرىڭگىيادەك -
جانبەخش، شىپالىق سۈزۈك، ساپ ھاۋا.

شۇڭلاشقا ئەل سېنى بەكمۇ ياقتۇرار،
ئىشتىياق - ھەۋەستە باقىدۇ ساڭا.
تارتىسەن ئۆزەڭگە ھەر بىر كۆڭۈلنى،
قۇدرىتى تەڭداشسىز ماگنىتتەك گويا.

قوزغايسەن دىللاردا ئىلھام - ئېھتىراس،
چۈنكى سەن - ياشلىقنىڭ ئالىي بەلگىسى.
يېڭەلمەس سېنى ھەم ھېچقانداق بىر كۈچ،
چۈنكى سەن - يېڭىشنىڭ يۈكسەك پەللىسى.

سەن ھامان شان - شەرەپ مەرتلىك سىمۋولى
غۇرۇرلۇق ھېس قىلار مەرتلەر سېنىڭدىن،
ۋە لېكىن، بىچارە ناتىۋانلارغا،
غېرىشچە بىر ئورۇن تەگمەس يېنىڭدىن.

سەن - ئەبەت غالىپان كۆڭۈل شاتلىقى،
جەڭگىۋار، مۇقەددەس ھايات شۇئارى.
ئەلنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈ چۈشكەن،
دىلگۇزار - جانانى، سۆيۈملۈك يارى.

كامالەت تېپىپسەن، مۇبارەك ساڭا،
كۆكلىگىن يەنىمۇ كۆركەم - باراقسان.
قۇچىقىن كەڭ ئېچىپ يول بېرەر ساڭا،
مۆرۈۋەتلىك سەخىي پايانسىز ئاسمان.

ⴰⴰⴰ

**تەلئەت ئاتاۋۇللا**

## شېئىرلار

**كولگەن گۈلۈم**

تۇرۇۋاتىما گۈلۈم چېھرىڭنى،
قارا بۇلۇت باسقان سامادەك.

كۈن پارلىسۇن ئوتلۇق كۆزۈڭدە،
نۇر چاقنىسۇن ئايدەك يۈزۈڭدە،
مېھرىڭنى بەر ئىللىق سابادەك.

سېنىڭ كۈلكەڭ مېنىڭ بەختىمدۇر،
نازلىنىشىڭ بۈيۈك شادلىقىم.
جىلۋە قىلسۇن كۈلكە چېھرىڭدە،
بېلىق بولۇپ ئۈزەي مېھرىڭدە،
تەبەسسۇم قىل ماڭا تاتلىقىم.

كۈلگىن گۈلۈم نۇرانە چېھرىڭ،
ئەنداز بولسۇن گۈلگۈن چېچەككە.
تەرك قىلساڭ مەيلى كۈلۈشنى،
مەن كۆرۈمەن راۋا ئۆلۈشنى،
ھىجران تېغى تەگمىسە - يۈرەككە.

### قەبرىستاندا يىغلايدۇ بىر قىز

كۆكرىكىنى يېقىپ قەبرىگە،
قەبرىستاندا يىغلايدۇ بىر قىز.
ھامىدەكلا قىزنىڭ دەردىگە،
كۆكتە نۇردىن كۆرۈنمەس ھېچ ئىز.

قەدىم سۇرلۇك قەبرىستانلىقتا،
«ئاھ ئانا!» دەپ يىغلايدۇ بىر قىز.
قويۇپ قىزنى خارۇ - زارلىقتا،
ئانا ياتار لەھەتتە غەمسىز.

جىمجىت كېچە، قەبرىستانلىقتا،
دەمدار كەبى بۇقۇلدايدۇ قىز.
ھەسرەت باسقان ئۇنى شۇ تاپتا،
قورقۇتقاندەك قوزىنى يىلپىز.

ئوتتۇز كۈنلۈك يېڭى قەبرىگە،
كۆكرەك يېقىپ ياش تۆكۈدۇ قىز.
(يېڭى «ئانا» ئەكىرگەچ ئۆيگە،
باغرى قاتتىق ئاتا شۇنچە تېز)

### ئۇپۇقتا چاقچاق

كۆزدىن يىراق، مۇقىم شەكىل جىسمىڭ يوق،
تىمساللىسەن پەقەت غايىپ سۆيگۈنىڭ.
رەڭلىنىسەن ھەم كۆكۈمدا قىزىل توق،
بۇ ئەمەستۇر سېنىڭ ئوتتا كۆيگىنىڭ؟

تۇس ئالىسەن بەزى، كۆزنى تالدۇرۇپ،
گويا پەرى ئارتقان سۇترەڭ رومالدەك.
ۋۇجۇدۇمدا ئىزگۈ ھېسلار قالدۇرۇپ،
يوقىلىسەن بەزى، ئۇچقۇر شامالدەك.

شۇ خىسلەتتە تارتىپ مېنى ئۆزۈڭگە،
قامال قىلدىڭ ياش يۈرەكنى سېھىرلەپ.
خەپ توختاپ تۇر! قەسىر قۇرۇپ ئۈستۈڭگە،
كۆرگۈلۈكنى كۆرسەتمىسەم بىر - بىرلەپ.

قەيسەر دۆلەتىيېك (تاجىك)

## تاغ گۈلى

تاغ گۈلى سەن ئالتۇن كەبى چاقنايسەن،
يايلاققا رەڭگا - رەڭ پايانداز سېلىپ.
يەلپۈنۈپ گۈل سۇرۇخ، قار لەيلىسى ھەم،
چۈمەر خۇش پۇراققا كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ.

يامغۇردا يۇيۇنۇپ ئاچىسەن چىراي،
ئاھا مەپتۇن قىلىدۇ مېنى جامالىڭ.
ئويناقشىپ يۈرگىنىم سەن ئۈچۈن سوقار.
بەختىمدۇر ئوتقاشتەك نۇرلۇق باھارىڭ.

تاڭ سەھەر پارلايدۇ شەبنەم قامچىسى،
تاغ گۈلى مەڭزىڭدە يورۇتۇپ تاڭنى.
تىك قىيا تاشلارنى يېرىپ ئۆتىسەن،
يۈرتىمدا سەن بەرپا قىلىپ ھۆر باغنى.

مىرزاھمد كېرىمى

# قەلەمنىڭ ساداسى

(نەسىر)

## 1

مەن قەلەم، كىچىككىنە شەيئىمەن. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ غالىپ قورالىمەن. قۇياشتىن ناھايىتى - ناھايىتى كىچىك ۋە مەندىن ئىنتايىن - ئىنتايىن چوڭ بولغان بۇ جاھاننىڭ ھەممىلا يېرىدە بارمەن. ئادەمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىمەن. يېقىنلىقىمدىن سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ ئۈستىدە تۇرىمەن. ئېھتىياجلىقىمدىن قولىنى تىنىم تاپ-تۇرمايمەن. سادىقلىقىمدىن زىيان-پايدىسىنى خاتىرىلەيمەن.

مەن كۆپلىكىمدىن سانىمنى بىلمەيمەن. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان نۇرغۇنلىغان ئادەمنىڭ قولىدا بارمەن. ئازلىقىمدىن بىر دانىمەن. كىشىگە يەككە-يىگانە ھەمراھ مەن. كېچە-كۈندۈز بىدارمەن.

تەسەۋۋۇردىن شەكىللىنىپ تەپەككۇر بىلەن مۇكەممەللەشكەن ئەپلىك مېھنەت قورالىمەن.

ئادەملەر دۇنياغا يېڭى تۆرەلگەندە مەن يوق ئىدىم. قاراڭغۇ جاڭگاللىغا چۈشكەن چاقماق، كىشىلەردە خام گۆش بىلەن پۈشۈرۈلغان گۆشنىڭ تەمىنى ئايرىيالايدىغان سېزىم پەيدا قىلدى. ئىككى تاشنى بىر - بىرىگە ئۇرۇشتىن چىققان ئوت ئىنسانىنىڭ پىك-رىنى ئاچتى، كۆڭلىنى روشەنلەشتۈردى. تۈننىڭ قاراڭغۇلىقىدىن قورقمايدىغان قىلدى! بىر يىل ئەمەس، نەچچە مىڭ يىللار ئەنە شۇنداق ئۆتتى. ئۇ چاغلاردا ئىچ قارىلىق بول-مىغاندەك، مەنمۇ يوق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ئەلۋەك تۇرمۇشىدىن تولۇق خاتىرە قالمىغان.

ئىنسانلار تاش دەۋرىدىن مىس، تۆمۈر دەۋرىگە كۆچكەندە، ماڭا بولغان ئېھتىياج كۆچەيدى. ئادەملەر ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋۇجۇدۇمنى پەي ۋە قومۇشتىن ياساپ، بوز رەخلەرگە، تېرىلەرگە، دەرەخ ياپراقلىرىغا، سامان قەغەزگە ئەمگەك قوشاقلىرىنى، مۇھەببەت ناخشىلىرىنى، جەڭ ھېكايىلىرىنى يازدى. كېيىنرەك تۆمۈرنى ئوتتا تاۋلاپ ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان شەكىل بويىچە ئۇچ چىقىرىپ، قەھرىمانلار ھاياتىنىڭ تارى-خىنى تاشقا ئۆچمەس قىلىپ ئويۇپ، ئابىدىلەرنى تىكلىدى. مەن شۇندىن بۇيان ئىنسان-لارغا ھەمراھ بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللارنى باشتىن كەچۈردۈم، جاپا-مۇشەققەتلەرنى بىللە تارتتىم. جەڭلەرگە بىللە قاتناشتىم، بىللە قانغا بويالدىم، زىندانلاردا بىللە ياتتىم، ھەتتا گۆرگە بىللە كۆمۈلدۈم...

كىشىلەر نەيزە بىلەن ماڭا تايىنىپ بىر - بىرىنى قۇل قىلىشقا، بىر - بىرىنى ئېلىپ

سېتىشقا باشلىدى. بازار ۋە شەھەرلەر مەيدانغا كەلدى. كىشىلەر قىلىچ، مىلتىق بىلەن ماڭا تايىنىپ يەر ئىگىلەشكە كىرىشتى. مەن ئارقىلىق قانلىق ھۆججەتلەر يېزىلدى.

مەن بىلەن پار ماشىنىسى لايىھەلىنىپ، ياسالغاندىن كېيىن، سودا-سانائەت دۇنيادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

مەن ئىنسانلارنى بىرجەمئىيەتتىن يەنە بىر يېڭى جەمئىيەتكە باشلاپ بارغۇچىمەن.

تارىخشۇناسلار مەن بىلەن تارىخنى باشلايدۇ ۋە مەن بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

دۇنيادا مەنسىز پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ھېچقانداق سىياسىئون يوق.

مەن مىلتىق بىلەن توپ ۋەيران قىلغان يەرنى ياشنىتىپ كەلدىم. مەن بىلەن قان تۆكۈلۈش ئازىيىپ، كۈللەش بارلىققا كېلىدۇ.

ئۇرۇشخۇمارلار مەن بىلەن پىلان تۈزۈپ، ئۇرۇشنى باشلاپ، مەغلۇپ بولغاندا يەنە مەن بىلەن تەسلىمنامىغا قول قويۇپ، شەرمەندە ئاقىۋىتىنى دۇنياغا ئايان قىلغان. ھېكمىتىم شۇنداق: بۇ ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ خەلققە تىنچلىق بەخش ئەتكۈچىمەن.

مەن بىلەن يېزىلغان قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر! بۇ باراۋەرلىك بۇزۇلسا جەمئىيەت قالايمىقانلىشىدۇ. بالا ئاتىغا مۇش تەڭلەيدىغان بولىدۇ.

بېلىق سۇدىن ئايرىلالمىغاندەك، مەن سىياسەتتىن ئايرىلالمايمەن، ئەمما ئۇنىڭ قولى ئەمەسمەن، بەلكى ئۇنى تۈزگۈچىمەن. ئۇستقۇرۇلمىنىڭ دىۋىڭگا تىلى، بازىسىنىڭ چاقىمەن.

2

پۈتۈن ئالەمنىڭ شەكلى، ماھىيىتىنى، ئادەمنىڭ پىكىر خىيالىنى ئايان قىلىدىغان نەرسە — تىل. مەن تىلنى يېزىق بىلەن ئىپادە قىلغۇچىمەن. باھار ئۆز گۈزەللىكىنى گۈل - چېچەكلەر بىلەن ئايان قىلغاندەك، مەن كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - تىلىكىنى يېزىق بىلەن بايان قىلىمەن. كاچىلار ئۆز مەقسىتىنى تىل بىلەن چۈشەندۈرەلمىسىمۇ، مەن بىلەن بىلدۈرەلەيدۇ. تىلى لال بولۇپ ئۆز مۇھەببىتىنى مەشۇقى ئالدىدا ئىزھار قىلالمىغان قايسى ئاشىق ماڭا مۇراجىئەت قىلمىغان؟ قايسى شائىر كىشىنى ئويغا سالىدىغان شېئىرنى مەن بىلەن يازمىغان؟ قايسى مۇزىكانت ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان مۇزىكىسىنى مەن بىلەن ئىپادىلىمىگەن؟ قايسى رەسسام ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان رەسىمنى مەن بىلەن سىزمىغان؟ قايسى ئالىم جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرىدىغان تەسەۋۋۇرنى مەن بىلەن ئاق قەغەزگە چۈشۈرمىگەن؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ھەممىدىن كېيىنمۇ خۇددى مۇھەببەت ئىنسانغا مەنسۇپ بولغاندەك، مەن ھاياتنى بېزىگۈچى مەدەنىيەتكە مەنسۇپمەن!

مەن قولغا ئېلىنغان ھامان خىيال تولپارى مىنۇت ئارىلىقىدا پۈتۈن كائىناتنى كېزىپ چىقىدۇ. ئىلھام پەردىسى سۇنغان مەينى ئىچىپ مۇھەببەت ئوتلىرى يالقۇنجىغان كۆڭۈلدە ھېس - تۇيغۇ ئۇرغۇپ، پىكىرلەر ئېقىمى دولقۇنلىنىپ، تەسەۋۋۇر تاۋۇستەك قانات كېرىپ، ئاق سەھىپىلەر گۈل - چېچەكلەر بىلەن قاپلىنىدۇ. مەن ئىنسانىيەتكە تۈگمەس - پۈتمەس روھىي ئوزۇق بېرىمەن.

بۇ روھىي ئوزۇق بولمىسا، ئارخىمېد قانۇنى مەن بىلەن يېزىلمىغان، پاراخوت، ئاۋىئاماتكىلار، ئوكيان - دېڭىزلاردا ئۈزەلمىگەن بولاتتى.

بۇ روھىي ئوزۇق بولمىسا، بۈيۈك فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېيىن يا پونىيە ئاسمىنىدىن ئەپۇ سوراپ، ئاتوم بومبىسى ياسالغانلىقىدىن ئەپسۇسلانماس ئىدى.

بۇ روھىي ئوزۇق بولمىسا، ئۆتكەن قەدىم زامان كىشىلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكى جاھاننامە رېئاللىققا ئايلىنىپ، تېلېۋىزور ۋە سىنئالغۇلار ئىجات قىلىنماس ئىدى.

بۇ روھىي ئوزۇق بولمىسا، ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى كەشىپ قىلىنمىغان، ئالەم كېمىلىرى، ئاي، مارس، يوپىتېرلارغا چىقالمىغان بولاتتى.

بۇ روھىي ئوزۇق بولمىسا، ئالەمدە ئۇچۇر دەۋرى باشلانمىغان، كەلگۈسىنىڭ پارلاق مەنزىرىسى ئىنسانىيەتنىڭ تەسەۋۋۇر ئېكرانىنى گۈزەللەشتۈرۈپ ئالغا ئىنتىلدۈرمىگەن بولاتتى.

بۇ روھىي ئوزۇق بولمىسا، ئىجادىيەت بولمايتتى، ماشىنا ئادەم بولمايتتى.

قىسقىسى، مەن بولمىسام، كىشىلەرنىڭ ھادىقى چىقمايتتى، ئەركىن، گۈزەل ھاياتمۇ بولمايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسانلار بىرەر يېڭىلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرسە، خۇشاللىنىپ خاتىرىلەشكە ئالدىرايمەن. ئاق قەغەز ئۈستىگە گۈل چېكىپ يا يېراپ كېتىمەن. ھېرىش - چارچاش ماڭا يات، جاپا چېكىپ ھوزۇرلىنىش - ئادىتىم. مۇشەققەتتىن قورقمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆلۈم ماڭا يولىمايدۇ. ئىنسانلارغا سادىق بولغانلىقىمدىن سۈيىقەستكە ئۇچرىمايمەن. ئۈچۈم مىڭ گرادۇسلۇق ئوتتا تاۋلانغان! ئادەمگە بولغان مۇھەببىتىممۇ شۇنچە يالقۇنلۇق، ياۋۇزلۇققا، ساختىلىققا، رەزىللىككە بولغان نەپرىتىممۇ شۇنچە كۈچلۈك، مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، دائىم سوغۇق ھالدا قولغا ئۆرىنىمەن.

ۋىجدان — مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئادەمنى ئىنسانلىق خىسلىتىگە ئىگە قىلىدىغان سېھىرلىك تۇيغۇ. ۋۇجۇدۇم مۇشۇ تۇيغۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان. ھەقىقەتنى، ئەمەلىيەتنى يازغانلىقىم ئۈچۈن، چىنلىقنى، رېئاللىقنى ئىنكار قىلغۇچى جاھىللار، كاززاپلار مەندىن قورقىدۇ. ئەدەبىياتنى - سەنئەتنى، گۈزەللىكنى، پەننى ئىنكار قىلىدىغان ئالدامچىلار مەندىن قورقىدۇ. ئۇلار شۇ قورقۇنچ بىلەن ھالاك بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى، تۇرمۇشنى كۆرمەس كۆزىگە ئېتىلغان ئوق.

ھالبۇكى، مەنمۇ ئەنە شۇنداق يورۇقلۇقنى كۆرگەندە كەينىگە داجىپ تۇرۇۋالىدىغان ھايات قارىغۇلىرىنىڭ، توخۇمىنى ئالىمەن دەپ، توخۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان باغرى تاشلارنىڭ نام - ئاتاق، مەنسەپ، پۇل ئۈچۈن خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىنى خورلايدىغان تاماخورلارنىڭ، باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى كۆرەلمەي كىشىگە ئورا قېزىپ دائىم تاتىرىپ يۈرۈيدىغان ھەسەتخورلارنىڭ، ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىپ چۆكۈپ كەتكەن تەبەسسۇملۇق سىپايىلارنىڭ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ساناپ كىندىيىۋا-

لىدىغان مۇز چىراي تەكەببۇرلارنىڭ، ھەممە يېنىشا تەڭ ئىگىلىپ تۇپىلاڭدىن تۇفاچ ئۇغۇرلايدىغان پەس تەبىئەت مۇناپىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقىمەن. داتا ئۇلاردىن قورقىمەن.

ۋۇجۇدۇمدىكى مانا شۇ قورقۇش بىلەن قورقۇمسىزلىق بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. مېنىڭ تەبىئىتىم شۇ، كىمنىڭ قولىغا چۈشۈش ئىختىيارىمغا، ئۆز ئىرادەمگە باغلىق ئەمەس. خالىغان كىشى مېنى قولىغا ئالالايدۇ. ياخشىلىق ئۈچۈنمۇ، يامانلىق ئۈچۈنمۇ مېنى ئىشلىتىدۇ. رىقابەت دۇنياسىغا ئايانكى: دوستىنىڭ، قېرىندىشىنىڭ، ئومۇمنىڭ جېنىغا، مال ـ مۈلكىگە زامىن بولۇشتىن يانمايدىغان، كۆزى كىچىك باغرى تارلار ياخشىلارنىڭ قولىدىن مېنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى، ئۇرۇنماقتا. مېنى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلەر ئېزىزلەندى. مېنى يامانلىق قىلىش، كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە قارا سانىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلەر خورلاندى، جازاغا تارتىلدى. مەن ھامان ياخشى كىشىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كەلدىم ۋە مەڭگۈ مەنسۇپ بولۇپ قالىمەن. شۇڭا زاتىمدىكى قورقۇش ئورنىنى قورقۇمسىزلىق ئىگىلەپ كەلمەكتە. بەكمۇ ھوشيارلىشىپ كەتكەن بولسامۇ يەنىلا ئېھتىياتچانمەن، مەن قارا نىيەتلەرنى يەرگە قاراتقۇچى پىدائى بولۇشنى خالايمەن، مەن ئەزەلدىن ـ ئەبەت يۈكسىلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشنىڭ شاھىدى بولۇپ قالىمەن.

3

مەن يەنىلا ئىنتايىن كىچىكمەن، ئەمما ئىنتايىن چوڭ نەرسىنى ھەددىدىن زىيادە كىچىكلىتەلەيمەن. دۇنيانى ئالقانچىلىك قەغەزگە سىغدۇرالايمەن ۋە ئەڭ كىچىك زەررىچە بولغان مالىكۇلىلارنى مىڭ ھەسسە، ئون مىڭ ھەسسە چوڭايتىپ، ئۇلارنىڭ قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن شەكلىدىن بالىلارنى ھەيران قالدۇرالايمەن.

مەن ھازىر گۈزەللەشتىم، باغ گۈللىرىدەك خىلمۇ خىل شەكىل ئالدىم. پولات، ئالتۇندىن ئۈچۈم بار. ئۇرۇق چۈشكەن يەردە ھوسۇل بەرگەندەك مېنى ئالغان قولغا بايلىق كىرگۈزىمەن. مېنى تاشلىماي جاپا چەككەن ئادەمنى ئېزىز قىلىمەن.

مەن كىشىلەرنى غەم ـ غۇسسە ئالىمىدىن، تەپەككۇر ئالىمىگە، پائالىيەت ئالىمىگە يېتەكلەپ بارغۇچىمەن، مەن يېڭىلىق ياراتقۇچى قەھرىمان، كونىلىقنى گۆمران قىلغۇچى پەھلىۋانمەن.

نادانلىق، جاھالەتنى يوق قىلغۇچى ئاقارتقۇچىمەن، گۈزەللىكنى ياراتقۇچى روھىي ئىنژېنېرمەن.

مەن ـ ئۈچۈر دۇنياسىنىڭ سانسىز ئىشلىرىدىن، قايغۇسىدىن، كۈلكىسىدىن، يېڭىلىقلىرىدىن ئىنسانلارغا خەۋەر بېرىپ تۇرىمەن.

پىتنە ـ ئېغۋا، ھەسەتنىڭ كىشىلەرنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىشى مەن بار ئىكەن مەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

مەن تەڭلىك، ۋاپا، ساداقەت بىلەن كىشىلەرنى ئىجىل، ئىناق قىلىمەن، مەن

ئارىلىقنى يېقىن قىلغۇچى. لوندوندا ئوقۇۋاتقان سىتۇدېنت ئۆز ئارزۇ تەلىپىنى شۇ كۆڭلى تاردىم بويىچە ئاتا-ئانىسىغا يەتكۈزەلەيدۇ.

كىشىلەر مەندىن ئايرىلسا نادانلىق ئىلكىدە خارلىنىدۇ، ھاسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قارىغۇدەك جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا ئازاب چېكىدۇ، ئۆزىنى قۇللۇق زەنجىرىگە باغلاپ قويىدۇ، كىشىلەر مېنى دوست تۇتسا ئەركىنلىك، ئازادلىقنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدۇ، ھوقۇق، دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ۋەتەنگە، مىللەتكە شان-شەرەپ كەلتۈرەلەيدۇ.

مەن ئارقىلىق كىشىلەرنى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغىتىدىغان، يۈكسەك گۈزەل تۇرمۇشقا ئۈندەيدىغان، قۇللۇق، ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىدىغان كىتابلار يېزىلىپ ئىنسانىيەت دۇنياسى بارغانسېرى جانلىنىپ بارىدۇ. ئادەملەرنى ئۆز تۆھپىسىدىن، غەلىبىسىدىن قانائەتلەندۈرۈپ قويمايدۇ، مېنىڭ شۇئارىم ئالغا! ئالغا! توختىماي ئالغا!!

4

دۇنيادا، ئىنسانغا مەندىنمۇ يېقىن، مەندىنمۇ سادىق يەنە نېمە باردۇ؟ كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرگەندىن ئارتۇقراق مەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، باشقا كۈن چۈشكەندە كىشىلەر بىر-بىرىدىن يىراقلىشىدۇ، مەن ئۆز ئىگەمنى ھېچقاچان تاشلاپ كەتمەيمەن، ئىرادىسىزلىك قىلىپ مېنى تاشلىغانلار ئاخىر ئۆزىنى ئازاب چۆلىگە تاشلايدۇ.

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەمنى بەختلىك ھېسابلايمەنكى، كىشىلەر خىزمەتكە مەن بىلەن بىرگە ئاتلىنىدۇ، رەئىس جۇمھۇرلار، قوماندانلار، مىنىستىرلار، شاھلار، ۋەزىرلەر مېنى ئۆزلىرىگە دائىمى ھەمراھ قىلىدۇ، گېنىراللار جەڭ غەلىبىسىنى مەن بىلەن خاتىرىلەيدۇ، ئىنژېنېرلار مەن بىلەن ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزەيدۇ، ئوقۇتقۇچىلار مەن بىلەن ئەۋلادلار قەلبىنى يورۇتىدۇ، ئادۋوكاتلار، سودىچىلار قارارنامىلەرنى مەن ئارقىلىق ئەيىپلەپ ئاق دىللارنى مەن ئارقىلىق ئاقلايدۇ، خەلق مەن بىلەن تىنچلىقتا ئىمزا قويىدۇ، ياش-ئۆسمۈرلەر مەكتەپ بوسۇغىسىغا مەن بىلەن بىرگە قەدەم قويىدۇ. ئۇلار قەتئىي ئىرادە، بوشاشماس غەيرەت بىلەن «ئانا، دادا، ئانا ۋەتەن، ئانا مەكتەپ، ئانا يۇرت، ئانا ماكان، ئازادلىق، ئەركىنلىك، مەرىپەت، پەزىلەت، ھەقىقەت، سەممىيەت، دوستلۇق، جاسارەت، ئىرادە، جۈرئەت، ئارزۇ-غايە، ئاسمان-زېمىن، غەلىبە، مەغلۇبىيەت، قەھرىمان، ئاسىي...» قاتارلىق سانسىز سۆزلەرنى مەن بىلەن يېزىپ بىلىم ئېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۈندۈزلىرى ئۆگىنىپ، كېچىلىرى مېنى شىتىرلىتىپ تېنىم تاپمىغانلار داھىي، رەھبەر، ئالىم، ئەدىب، يازغۇچى، شائىر، ھۆكۈما، سەنئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ گۈزەل جەمئىيەت قۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ.

مەن ياشاش يولۇمدا قىلچە مەغرۇرلانمايمەن، مەغرۇرلۇق ئادەمنى يېتىم قالدۇرىدۇ، ئادەمنى ئادەمدىن ئايرىيدۇ، مەن ئۆز ۋۇجۇدۇمنىڭ كىچىكلىكىدىنمۇ بەكرەك كەمتەرمەن، كەمتەرلىك ئادەمنى ئادەمگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ.

ئۆسمۈرلەر، ياشلار مېنى دوست تۇتۇڭلار، مېنى ياخشى كۆرۈڭلار، مەن بىلەن هارماي - تالماي ئىلىم - پەن كانىنى قېزىپ، جاپالىق تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا، ئاكا - ئۇكىلارغا، ئاچا - سىڭىللىرىڭلارغا، يار - دوستلىرىڭلارغا ئۈنچە - مەرۋايىت، زەر گۆھەر تەقدىم قىلىڭلار.

كىشىلەرنى دەيدىگە سېلىپ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتىدىغان ئالدامچىلار، كارغا يارىماس يوغان قورساق خوشامەتچى پورلار، تەرەققىياتقا توسالغۇ جاھىللار پىتنە تېرىپ ئارىنى بۇزغۇچى مەككارلار، كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان ھورۇنلار، كىشىنى ئوزىغا ئىتتىرىپ پايدا تاپىدىغان سۇئىقەستچىلەر قولىدىن مېنى تارتىپ ئېلىپ، گۈزەللىككە ئەنتىزە بولغىدەك مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار!

ئۆتكەننى، ئۆزىنى ماختاش بىخۇتلۇقنىڭ، يارامسىزلىقنىڭ ئالامىتى. ئاخماقلىقنىڭ ئىپادىسى. مەن گۈلدەستە ئەمەس، قامچا. گۈلدەستە قارىماققا گۈزەل، ئەمما ئۆمرى كوتا. قۇرۇپ توزۇيدۇ. قامچا سىلكىنىسىلا ئاتنى تېزلىتىدۇ.

مېنىڭ قامچا ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

1986 - يىلى 10 - ئاي.

---

(بېشى 30 - بەتتە)

ئۆزىمۇ شۇ ئەسكىلەر قاتارىدا تۇرغان بولىدۇ، - دە! بولدىلا، مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ۋاسىلنى كۆڭلەمدىكى لەنەتلىك ئىنسان قاتارىغا تىزىملاپ قوياي...» دەپ ئويلىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋاسىلنىڭ جەسىتى كورۇستانلىققا ئېلىپ مېڭىلدى. ئۇنىڭ يېتىم، غېرىبانە جىنازىسىنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلارمۇ بەكلا ئاز ئىدى. ئابدۇنەبى دەسلەپتە ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشماسلىققا نىيەت باغلىغانىدى، لېكىن ئۆلگەن مۇردىغا ئاداۋەت ساقلاشنىڭ بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، يەنە مېيىت نامىزىغا باردى.

ئارىدىن تۆت ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇنەبى يەنە «شەرق شامىلى» ماركىلىق بىر ماشىنا سېتىۋالدى. ئۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى سۇپىدا غەمكىن ئولتۇرغان غوجەككە كۆزى چۈشۈپ قالدى - دە، كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ئۇكام غوجاخۇن سەن ئەتىدىن باشلاپ كارخانىغا بېرىپ ئىشلە، - دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. غوجەك ئورنىدىن تۇرۇپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا كېتىۋاتقان ماشىنا بىردەمدىلا چاڭ - توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى. لېكىن غوجەكنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ كابىنكىنىڭ ئىچىدە بىر يۇلتۇز پارلاپ نۇر چېچىۋاتاتتى.

غوپۇر غوجا

# دېڭىزدىن تەرسىلەر

1

5- ئاينىڭ 24- كۈنى چۈشتىن كېيىن تيەنجىندىن دالىيەنگە بارىدىغان پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، سەپىرىمىزنى دېڭىزدىن باشلىدۇق. پاراكتىكا ئەترىتىمىز 18 ئۆلكىدىن كەلگەن 20 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئاساسلا پاراخوتتىكى باشقا يولۇچى مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئارىمىزدىكى كۆپ سانلىق يولداشلار ئىلگىرى دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، پاراخوتقا چىقىپلا دېڭىزنى كۈزىتىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، مېنىڭ ئۆزۈمدىن بېرى دېڭىزنى كۆرۈش، شۇنداقلا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ دېڭىز ئۈستىدە يۈرۈش ئارزۇيۇم بولغاچقا، پاراخوت ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا ئايلىنىپ، ئۆزلۈكسىز داۋالغۇپ تۇرغان چەكسىز دېڭىزغا تويماي قارايتتىم. مانا ھەش-پەش دېگىچە بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. يەر شارىنى بىر كۈن يورۇتقان قۇياش ئاستا - ئاستا دېڭىز ئۈستىگە ئېگىلىشىپ، ئاتەشتەك قىپ - قىزىل نۇرىنى كۆپ- كۆك ياقۇتتەك دېڭىز يۈزىگە چاچتى. ئۇ خۇددى دېڭىزدىن سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يوغان بىر قىزىل شارغا ئوخشايتتى. پاراخوتتىكى ھەممە كىشى پەقەت دېڭىز ئۈستىدىلا كۆرگىلى بولىدىغان بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى غەنىمەت بىلىپ، زوق بىلەن تاماشا قىلىشىۋاتاتتى. مانا قاراڭ، قۇياش دېڭىزغا يۈزىنى ياقتى. كەڭ دېڭىز راھەت قوينىنى چوڭ ئاچتى. قۇياش خۇددى بىز بىلەن خەيرلىشىۋاتقاندەك سۇ ئۈستىدە بىر دەم لەيلەپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا چۆكۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا پاراخوت ئۈستىدە بەس - بەس بىلەن چېقىلغان رەسىم ئاپپاراتلىرىنىڭ چىراقلىرى كۆزنى چاقناتتى. زەڭگەر رەڭ ئاسمان ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلاشتى. ئەمدى تېخى قانغا ئوخشاش قىزىل ھالەتتە تۇرغان دېڭىز قارا سىياھدەك تۇسكە كىردى. ئەمدى دېڭىز ئۈستىدە يىراقلاردا شالاڭ يۇلتۇزدەك چاقناۋاتقان پاراخوت چىراقلىرىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلگەندە ئەمدىلا چۆكۈپ كەتكەن قۇياشنىمۇ چاچرىتىپ چىقارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە قاراڭغۇلۇقتا ھەيۋەتلىك دولقۇنلاپ، كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋاتقان بۇ سۈرلۈك دېڭىزنىڭ قۇياش پاتقان تەرىپىگە تىكىلەتتىم.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە قۇياشنىڭ دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلىشىنى تاماشا قىلدۇق. بىز پاراخوت ئۈستىگە چىققاندا تېخى ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بىردەمدىن كېيىن يىراق شەرقتىكى دېڭىز ئۈستىدە دېڭىزنى تېشىپ چىققاندەك قىزغۇچ نۇرلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قىپ - قىزىل قۇياش خۇددى بىر غايىۋى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك، سۇ ئاستىدىن ئاستا - ئاستا بېشىنى چىقىرىپ سۇ ئۈستىنى تەيتى يوق قىزغۇچ نۇرى بىلەن يورۇتۇشقا باشلىدى. مەن قۇياش يىراقلاردىكى خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. دەل شۇ چاغدا مەن بىز ئولتۇرغان پا-

راخوتقا يېقىن جايدا ئۈزاق - ئۈزاقلارنى نىشانلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يالغۇز بىر قۇشنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ دېڭىز لاچىنىغا ئوخشىمايتتى. قارىغاندا، خۇددى بىر ئىشقا كېچىكىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغاندەك جىددىي ھالەتتە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. مەن تاكى ئۇ قۇش يىراقلىشىپ كۆزۈمدىن يۈتكىچە قاراپ تۇردۇم. مەن پاراخوت ئۈستىدە قالدىم، لېكىن خىيالىم قاناتلىنىپ ھېلىقى يالغۇز قۇشقا ئەگىشىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ مەن ئۈچۈن قۇياش كۆتۈرۈلگەن ئەشۇ يىراق شەرقنى سەير قىلىپ كەلگۈسى.

2

دوستۇم سىز دالىيەنگە بارغانمىدىڭىز؟ دالىيەن مەملىكىتىمىزدىكى شەرقىي - شىمالغا جايلاشقان تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى. بوخەي دېڭىزىغا ئۆسۈپ كىرگەن بۇ سوزۇنچاق شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپى يۇتۇلەي دېڭىز بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ھەر يىلى باھار ئۆتۈپ ھاۋا سەل ئىللىغان ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ شەھەرنىڭ ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان دېڭىز بويلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن سانسىزلىغان ساياھەتچىلەرنى كۆرىسىز. ئەگەر سىزمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ، دېڭىز بويىدىكى دولقۇنلار توختىماي سۆيۈپ تۇرىدىغان مەرۋايىتقا ئوخشاش ئۇششاق شېغىللارنى بېسىپ دېڭىزنى تاماشا قىلماقچى بولسىڭىز، شۇنداقلا كەڭ دېڭىزغا ئۆزىڭىزنى ئېتىپ ئەركىن ھالدا سۇغا چۆمۈلمەكچى بولسىڭىز، ماڭا ئەگىشىڭ.

بىز دالىيەندە بولغان كۈنلىرىمىزدە، دالىيەندىكى ئاساسلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ جەرياندا مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى دېڭىز بويىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ساياھەت بولدى.

بىز دېڭىز بويى ساياھەت رايونىغا بارغاندا، دەل چۈش ۋاقتى بولغان بولۇپ، ساياھەتچىلەر مىغىلدايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىرغاقلارنى يالاۋاتقان دولقۇنلارنى كېچىپ ئاستا يۈرۈپ، دېڭىزدىن لەززەت ئېلىۋاتقان بولسا، بەزىلىرى سۇ لېپىگە ئېگىشىپ قولۇلە قېپى، رەڭدار تاش قاتارلىقلارنى تېرەتتى. بەزىلىرى خۇشال - خۇرام، ئەركىن ئازادىلىك بىلەن سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى كۈنلۈكلىرىنى تىكلەپ قويۇپ قىرغاقتا يېتىشاتتى. بىز ئىلگىرى كىنو ۋە تېلېۋىزورلاردا كۆرگەن بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزىتىپ قىرغاقنى بويلاپ ئاستا ماڭماقتىمىز. دېڭىز ئۆزلۈكسىز داۋالغۇپ ھېلىلا تېشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. كىچىك دولقۇنلار چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدىن قولۇلە قېپى، كىچىك قىسقۇچپاقا، خەيدەي قاتارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ قىرغاقتا قالدۇراتتى. ئەتراپتىكى يېقىن جايلاردا بېلىقچىلار كېمىسى ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىز بىردەم يۈرگەندىن كېيىن ئادەم ئازراق بىر ئەپلىك جايغا يېتىپ باردۇق. ئوڭ يېنىمىز بىپايان دېڭىز، سول يېنىمىز ئېگىز قىيا ئىدى. دېڭىز بىلەن قىيا ئارىلىقىدىكى قىرغاقنىڭ كەڭلىكى بەش مېتىر

(ئاخىرى 62 - بەتتە)

تۇرسۇنجان سادىق

# تىرىك مۇردا

(ھېكايە)

بۇ شىركەتتە ھاشىم ئىسىملىك كىشىلەردىن بىر نەچچىسى بار. ئۇلارنىڭ ئاتىسىنى ۋە لەقىمىنى قوشۇپ ئاتىمىسا، بىر-بىرىدىن ئايرىماقمۇ تەس. لېكىن «ھاشىم ئۇزۇن قۇلاق» دېسە، چوڭ-كىچىك ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنى تونىمايدىغىنى يوق. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ بۇ لەقىمىگە يەنە «تىرىك مۇردا» دېگەن يېڭى بىر لەقەممۇ قوشۇلدى. ئۇ زادى ئۆلۈكمۇ؟ ياكى تىرىك ئادەممۇ؟ بۇ سوئالغا تۆۋەندىكى ئىشلار جاۋاب بەرسۇن:

ئەسلىدە، ھاشىم بۇ شىركەتنىڭ ئادەدىي بىر ئىشچىسى ئىدى. ئۇ «مەرت» ھەم «مېھماندوست» بولغاچقا، بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى بۇ شىركەتنى سورىغان جىڭلىغا ياراپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەلۇماتىدىكى بۇ كىشى بىراقلا كادىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەسلىدىكى جىڭلى ئالمىشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھازىرقى ساجىڭلى كەلدى. ھاشىم تولىمۇ سەزگۈر كىشى بولغاچقا، يېڭى باشلىقىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، مىجەزىنى تىزلا بىلىۋالدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى «مېھماندوست» لىقىغا يەنە بىر يۈرۈش ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى قوشۇپ، يېڭى جىڭلىنىمۇ ئۆزىگە ئۇلپەتداش قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن قارىتىپ، ھاشىمنىڭ ئۆيىدىكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلاردىن ساجىڭلىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. شىركەتتىكى يېڭى خەۋەرلەر بىلەن شىركەتنىڭ كەلگۈسى خىزمەت پىلانلىرى پەقەت ھاشىمنىڭ ئاغزىدىنلا سىرتقا تارقىلىدىغان بولدى. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا «ئۇزۇن قۇلاق» ئۇنۋانى بېرىلدى.

ھاشىمنىڭ «مېھماندوست» لىقىمۇ بۇ قېتىم ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئەمدى شىركەتنىڭ كېزىت - ژۇرنال، خەت - چەكلىرىنى تارقىتىش ھەم سىرت بىلەن ئالاقە قىلىش ئىشلىرىغا قويۇلدى.

ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىركەتكە يارامليق، قابىل بىر مۇئاۋىن جىڭلى سايلاشنىڭ گېپى چىقىۋىدى، ئۇنىڭ «مېھماندوست» لىقى يەنە بىر بالداق ئۆرلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئورۇنغا ئۆزىنى ئەڭ مۇۋاپىق، دەپ ھېسابلايتتى: «مەن ھەم ياش، قابىلىيىتىممۇ ھەم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش قىلىشتا چاققانمەن. شۇڭا، مەن بۇ ئورۇنغا ئەڭ... ھەي... بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز - تولا يول مېڭىشقا، ھازىرقى باشلىقنىڭ ماڭا نىسبەتەن مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ...»

ھاشىم ئەمدى بۇرۇنقى مېھمان چاقىرىش ھەم مېھمان كۈتۈش ئۇسۇللىرىنىمۇ «ئىسلاھ» قىلىش چارىسىنى ئويلاپ تاپتى. ئۇ ھازىر ساجىڭلىغا قوشۇپ بىر نەچچە يەلەننى بىرگە چاقىرماستىن، پەقەت باشلىقنىڭ ئۆزىنىلا چاقىرىش قارارىغا كەلدى. ئۆيىنىمۇ بۇرۇنقىدىن ياسىداق قىلىپ بېزىدى. بىر كۈن شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپ، ياش ئاياللارغا زامانىغا لايىق مودا كىيىملەردىن

بىر قۇر سىتىدۇالدى - دە، ئايالىنى ئۆيگە ياراشقۇدەك ياساندۇردى. ئۆزىمۇ ئۇستىباشلىرىنى تۈزىدى. ھەم سۆز، ھەرىكەتتە تەمكىن، سالاپەتلىكرەك بولۇشقا تىرىشتى...

بۈگۈن كەچتە ھېلىقى ئىزىز مېھمان كەلدى، ساجىدگلى ئۆي ئىچىگە بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ھاشىمغا قاراپ دېدى:

— ھاشىماخۇن، چوگراق، يۈزلۈك مېھمانلىرى كېلەمدۇ نېمە بۈگۈن؟ ئۆينى بەكمۇ ياسىدۇپتىپلا.

ھاشىم گەدىنىنى قاشلاۋاتقان قولىنى تېزلىكتە چۈشۈرۈپ، ھېجايدى:

— نەدىكى مېھمان ئۇ؟ ئۆزلىرىدىنمۇ ئۆك، قىممەتلىك مېھمان بولامدىغان بىزگە.

چاي كۆتىرىپ كىرگەن ياش ئايال ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، سۆزگە ئارىلاشتى:

— خۇددى بىر يەرنىڭ باشلىقىدەك بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرۈپ مۇشۇنداق قىلغۇزدىغۇ بۇ كىشى، تاڭ؟ ئۆز ھالىمىزغا باقماي...

— ئۇنداق دېمىسىلە سىڭلىم، ھاشىماخۇن باشلىق بولۇشقىمۇ يارايدىغان ئادەم جۇمۇ! - دەپ چېقىشتى جىدگلى كۈلۈمسىرەپ.

بۇ سۆز بىلەن ھاشىمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن ئويناپ كۆڭلىدە ئەقىللىق، سۆزمەن خوتۇنغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى ھەم شوخلىقىغا، ئۇستا تىلىقىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى...

يۇمشاق پىشقان قوي گۆشى بىلەن قورساق توقلاندى. مانا ئەمدى يۇمىلاق تاماق شىرەسى، ئۈستىنى ھاراق زاكۇسكىلىرى ئىگىلىدى. ھاشىم ئايالىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ، بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» بىلەن تۆت بوتۇلكا پىۋىنى ئىشكاپتىن ئېلىپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويدى. ئىچىشمىش باشلاندى، ھاشىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياش ئايال بۇ ئىككەيلەگە قېنىق دەملەنگەن چاي قۇيۇپ خىزمەتتە بولدى. بەزىدە ئۇدىئالغۇنىڭ تاللانغان ياخشى لىنتىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويسا، بەزىدە جاراڭلىق، تاتلىق كۈلكىسى بىلەن سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتەردى...

ھاشىم نۆۋەت بويىچە ساجىدگلىغا ھاراق قۇيىۋېتىپ، تۇساتتىن ئۇنىڭ قىزارغان، خۇمارلاشقان كۆزلىرى ئۆز ئايالىنىڭ ئاق سېرىق چىرايىدا، ياقۇتتەك لەۋلىرىدە، ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان نازۇك كۆكسىدە بەھوزۇر ئويناپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى. ئەمما، ھاشىمنىڭ قىزىرىپ ئېچىلغان چىرايىدا ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمىدى. ئەكسىچە كۆڭلىدە بولسا ئايالىنى بالدۇراق مۇشۇنداق چىرايلىق ياسىنىشقا دەۋەت قىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن مەست بولۇپ بېشى قىيىشىپ قالدى. ھاراق بىلەن ھوقۇق تامامىدا تۇزگەن پىلانلىرىدىكى خەيرلىك باشلىنىش ئۇنى مەست قىلىپ يىقىتتى. ئايالى بېرىپ ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇۋېدى، ھاشىم ئايالىنى سېلكىۋېتىپ غۇدۇردى:

— ياق مەن مەست ئەمەس، ئىچىمەن تېخى ... ساجىدگلى بىلەن داۋاملىق ... ئىچ ... ئىچىمەن...

جىدگلى يېقىن كېلىپ، ھاشىمنى بىر ئاز ئارام ئېلىشقا ئۈندىدى. ياش ئايال ھاشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئالاھىزەل يېرىم سائەتتىن كېيىن قايتىپ كىردى. بۇ چاغدا جىدگلى ھەدەپ سۆگەك خاجىلاشقا چۈشكەنىدى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ئايالغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— ھاراقتا ئېغىزى تەگسىلا سارائىلىقى تۇتىدىغان بۇ ئادەمنىڭ، سىلىنى بۇ يەردە يالغۇز قويۇپ، ئۆزى خورەككە چۈشۈپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، توۋا ... — دېدى ئاياڭ ساجىگلىدىن ئەپۇ سورىغاندەك تەلەپپۇزدا. جىگلى ئۈندىمىدى، پەقەت سىرلىق كۈلۈمسىرەپلا قويدى. يانىدىكى ئۆيدىن ھاشىمنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. جىگلى ئەمدى كۆزلىرىنى ئەسلى نۇقتىلارغا يېگماشتىن يۆتكىدى، لەۋدىنى يالىدى. ئاياڭ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك قىلىپ يەرگە قارىۋالدى. بىراق، ئېرىنىڭ ئۆزىنى بۈگۈن چىرايلىق ياسىنىشقا زورلىغان غەلىتە قىلىقلىرى بىلەن، بايا ئۆزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئويلىمىغان يەردىن مەس بولىۋېلىشى خىيالىغا كېلىپ، مېھماننى كۈتۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلدى ...

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، مۇئاۋىن جىگلى نامزاتى تېخىچە بېكىتىلمىدى. ھاشىمنىڭ كۆڭۈللىرى ئۈمىد، تەقەززالىق بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شىركەتكە بۇرۇنلا كەلدى — دە، تېگىشلىك كېزىتنى كۆتىرىپ، جىگلى ئىشخانىسىغا كىردى. ساجىگلى ئىشخانىدا بىر كۆزى سۇنغان كۆز ئەينىكىنى تۇتقىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ھاشىمنىڭ ئۇنىڭدىن بەكرەك ئىچى سىرىلىپ كەتتى:

— ھەي ئىست، ئەجەپ ئېسىل كۆز ئەينەك ئىدى ئۇ! بۇ كۈننىڭ ماللىرىدە ... ئەكەلسىلە، مەن چىقىپ شاققىدە ياسىتىپ كېرەي.

— بولدى، ھاشىماخۇن. بۇ كىچىككىنە ئىشقا سىلىنى ئاۋارە قىلامدىم؟! ھېلى ئۆزەم ...

— ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ كىچىك ئىشمۇ؟ سىلىگە بەكمۇ مۇھىم تۇرسا ئۇ ... — ھاشىم ئۇنىڭدىن تالىشىپ كۆز ئەينەكنى ئالدى — دە، سىرتقا يۈگۈردى. ئۇ، شىركەت دەرۋازىسىدىن چىقىۋېتىپ، خوجۇلۇق بۆلۈمىدىكى سەمەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— نەگە ماڭدىڭ ھاشىمكا، بۇنچە ئالدىراپ؟

— نەگە بولاتتى ئۇكا، قارىمامسەن، ساجىگلىنىڭ ئۆزىگە يارىشىدىغان مۇنۇ كۆز ئەينىكى چېقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنى ئوڭشاتقىلى بولمايچۇ! — دېدى ھاشىم ماختانغاندەك قىلىپ.

— نېمانچە قىلىپ كېتىۋاتىدىغانسەن ھاشىمكا. ساجىگلىمىز بۇ يەردىن كېتىدىغان تۇرسا...

— نېمە دېدىڭ؟ كېتىدىكەن دەمسەن؟ — سورىدى ھاشىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— شۇنداق، يۆتكىلىش بۇيرۇقى چۈشۈپ بولۇپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم...

سەمەت سىرلىق كۈلۈمسىرەپ كېتىپ قالدى. ھاشىم خېلى ئۇزۇنغىچە ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئەمدىلىكتە بۇ كۆز ئەينەكنى ئوڭشىتىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى...

ھاشىم ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيىگە كەلدى. ئاللىنېمىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئايالىغا دېدى:

— تەييارلىقىڭنى پۇختىراق قىل، خوتۇن! ئەمدى يەنە بىرسى كېلىدىكەن.

— نېمە؟ يېڭى بىرسى دېدىڭىزما؟

— شۇنداق، جىگلى ئالمىشىدىكەن.

— ۋاي خۇدايىم ...

ھەش - پەش دېگىچە يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ھاشىمنىڭ «مېھماندوستلۇقى» بىلەن خىزمەتتىكى «قىزغىنلىقى» بوشىشىپ قالدى. ئۇ ئەمدى بۇ «يارىماس» جىڭلىنىڭ بۇ يەردىن تېزراق كېتىشىنى تىلىمەكتە ئىدى. بىراق، ئۇ ھېچبىر كېتىدىغاندەك ئەمەس، ئىلگىرىكىدەك ئوخشاشلا شىركەتكە كېلىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ يۈرەتتى...

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، سا جىڭلى شىركەتتە كۆرۈنمىدى. ھاشىم بۇنىڭدىن سەل گۇمانلىنىپ، سەمەتنى ئىزدەپ تاپتى:

— سەن ئۇنى كېتىدىكەن دەۋاتاتتىڭ ئۇكامويۋ، تېخىچە... — ھاشىمنىڭ سۆزىنى سەمەت مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن بۆلدى:

— چاقچاق قىلىپ قويسام، كېچىسى كۆزۈڭگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ - دە!

ھاشىمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، چېكە تومۇرلىرى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ سەمەتنى چايناپ پۈركۈۋەتسىمۇ، دەردى چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى...

ھاشىم ئىشتىن بالدۇراق چۈشۈپ، ئاچچىق پۇشايمان، ھەسرەت، تەشۋىش ئىلكىدە ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قانسىز چىرايى كىشىگە ئۆلۈكنىڭ چىرايىنى ئەسلىتەتتى. ھاشىم ھويلىغا كىرىپلا توپتەك تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، سا جىڭلىنىڭ مىنىدىغان ۋېلىسىپىتى ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇراتتى. ھاشىم بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدى، يۈرىكى ئەنسىز ئاغدى. شەپە چىقارماي مېڭىپ دېرىزىگە يېقىنلاشتى. پەردە بولغاچقا بىرەر ئىشنى كۆرەلمىدى. پەقەت ئۆي ئىچىدىن سا جىڭلىنىڭ پەس ئاۋازدا پىچىرلاشلىرى بىلەن ئۆز ئايالىنىڭ نازلىق كۈلكىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ بىر ھازا ئىپادىسىز ھالەتتە تۇرغاندىن كېيىن، چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھويلىدىن چىقتى - دە، ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، خورازدەك كىدەيگىنىچە مەيدىسىنى كېرىپ، ئۇدۇل شىركەتكە — خىزمەت بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى مۇئاۋىن جىڭلى ئىشخانىسىنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى...

1987-يىل فېۋرال، قاغىلىق

---

(بېشى 58 - بەتتە)

ئەتراپىدا كېلەتتى. مەن دولقۇنلاردىن جاۋاب تەلەپ قىلغاندەك يوغان بىر قورام تاش ئۈستىدە جىم - جىت ئولتۇرۇپ دېڭىزغا تىكىلەتتىم. توۋسىز ھەمراھلىرىمنىڭ «سۇغا چۆمۈلمەمسىز، تېزراق بۇياققا كەل!» دېگەن ئاۋازلىرى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى...

ھۇ... ئۇۋا! نېمە دېگەن سوغۇق، نېمە دېگەن تۇزلۇق سۇ بۇ! سۇغا سەكرەپ بىر چۆمۈپ چىقىش بىلەن ئىلامەتدە بولغان ھېسسىياتىم ئاشۇ بولدى. گەرچە دېڭىز سۈيى تۇزلۇق ھەم 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تېخى سەل سوغۇق بولسىمۇ ئادەمگە ھەقىقەتەن ھوزۇر بېغىشلايتتى. شۇڭلاشقا مەن ھارغىنىمغا قارىماي يەڭگىل دولقۇنلار ئارا قانماي ئۈزەتتىم. تېگىدىنى كۆرگىلى بولىدىغان بۇ كۆپ - كۆك سۇدا بېلىقلارنىڭ شوخ ئۈزگەنلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. مەن دولقۇنلارغا ئەگىشىپ قىرغاققا يېقىنراق چىقتىم. لېكىن خىيالىم شوخ بېلىقلارغا ئەگىشىپ دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە ئۈزۈپ كىرىپ كەتتى. ئۇ، بۇ سىرلىق دېڭىزنىڭ سىرىنى بىلىپ كەلگۈسى.

زوردۇن سابىر


# ئەرەب يېرىم ئارىلىدا

(زىيارەت خاتىرىسى)

قەشقەردىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىققۇچى يالغۇز مەنلا ئەمەس. يۈز نەچچە يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇ يولدا ئات - ئېشەك بىلەن پىيادە، ماشىنىدا نۇرغۇن قېتىملاپ ماڭدى. ھازىر يول قىسقاردى، مۇشكۇل ئازايدى. لېكىن جاپا- مۇشەققەت، ۋەھىمە، ئەندىشە يوقالمىدى. بولۇپمۇ پاكىستان زېمىنىدا كاڭگو دەرياسىنى بويلاپ ئۈستى تەرەپى قورام تاشلار ساڭگىلاپ تۇرغان نەچچە يۈز مېترلىق تىك تاش قىيا، ئاستى تەرەپ يۈز مېتردەك تىك ھاڭ ئاستىدا بۇژغۇپ ئېقىۋاتقان پاكىستانىنىڭ ئەڭ چوڭ دەرياسى بولغان ئەگرى - بۈگرى يول بىلەن پاكىستانلىق شوپۇرلار قارامىلىق بىلەن تېز ھەيدىگەن ماشىنىدا سەپەر قىلغان ھەر بىر يولۇچى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتا ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ ماڭىدۇ. كېلگىتتىن ئىسلامئاباد قىچە بولغان 460 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خەتەرلىك يولنى بېسىپ بولۇپ، ئىسلام ئاباد ھەرەمخانىسىدا سۇنايلىنىپ ياتقان يولۇچىراستىنلا ئۆزىنى غالىپ، تەلەيلىك ھېسابلايدۇ، ھاردۇق چىقىدۇ ۋەھىمە تۈگەيدۇ. ئايروپىلاندا ( ئاجايىپ چوڭ، ھەر بىر قۇرى 15 كىشىلىك چوڭ ئايروپىلان ) ئىسلامئاباد تىن كاراچىغا، كاراچىدىن جىددىگە قاراپ ئۇچقاندا كىشى ۋۇجۇدىدا خۇشاللىقتىن باشقا نەرسە قالمايدۇ.

مەن ئەنە شۇنداق سەپەر خۇشاللىقى بىلەن مەككە مۇكەررەمگە كېلىپ، بەيتىللانىڭ يېنىدىكى « فىندۇق مەككە ( مەككە» مېھمانخانىسى ) دىن ئورۇن ئالدىم. بەش كۈندىن بېرى نۇرغۇن جايلارنى كۆردۇم، ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم. بۈگۈن مەندە يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى. مانا قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

قانداق يازاي؟ ئىسلام دىنىنىڭ بۆشۈكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى، بۈگۈنكى كۈندە بايلىق ۋە پاراۋانلىقتا ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانىڭ نەزەرى قادالغان بۇ جاينى ھەج قىلغۇچى مىليوندىن كۆپ چەتئەللىكنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېھمان سۈپىتىدە ماختايمۇ، ياكى بۇ دۆلەتكە باھا بېرىش ھوقۇقىنى كىتابخانلارغا تاپشۇرۇپ، بىر رەسسامنىڭ




ئاپتورنىڭ قەلىمى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە كۆرۈلگەنلىرىمنى ئەينى پېتىچە تەسۋىرلەيمۇ؟ مەن كېيىنكىسىنى تاللىۋالدىم.

مەن ھەرەمنىڭ يېنىدىكى « فىندۇق مەككە » ( « مەككە مېھمانخانىسى» ) نىڭ

ئۆچمەنچى قەۋەتتىكى ياتىقىمىزنىڭ ھەممىگە قارىغان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ تۇرۇپ، ئۆز ئۆزەمدىن يۇقىرىقىدەك سورىدۇم. مەن قاراپ تۇرغان بېيتۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارنىڭ كەچكى مەنزىرىسى كىشىنى ھاياجانغا ۋە ئويغا سالماي قالمايتتى. ئېھرام كەيگەن ئەرلەر، قارا پۈركەنجى ئىچىدىكى ئاياللار، بېيتۇللانىڭ تۆت تېمىدىكى قارا يوپۇق يېپىلغان «كەبە» ئەتراپىدا «لەببەيك» سۈرىسىنى (مەن كەلدىم) ۋارقىراپ ئوقۇپ ئايلانماقتا. ئۇزۇنغا سوزۇلغان «سافا - مەرۋە» ئىچىدە يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ساناقسىز ئادەملەرمۇ كۈچلۈك چىراغلار بىلەن يورۇغان زالدا ئاشكارا كۆرۈنمەكتە. چىراغلار شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك نۇرلۇقكى، قۇياشمۇ بۇ يەرگە ئۇنچىلىك گۈزەللىك جەۋلان بېرەلمەيدۇ. بېيتۇللا ئەتراپىدا يەردىن 50—60 مېتىر ئېگىزلىككە تۇرۇلۇپ تۇرغان يەتتە مۇنارىنىڭ ئۇستىدىكى چىراغلارنىڭ ئالماس ئېقىمىدەك گۈزەل نۇرلىرىنى مەن تېخى ھېچيەردە كۆرگەن ئەمەسمەن. بېيتۇللاغا يانداشقان مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان: ئۇ يەردە ئىبادەت قىلغۇچىلار، ئوقەتچىلەر، قارا ئىش بىلەن جان باقىدىغان تىنىمسىز نېگىر بالىلار، قوللىرىدىكى كىچىك خالتىلارغا قاچىلانغان كەپتەر دانلىرىنى كىشىلەرگە تەڭلىشىپ يۈرۈشكەن نېگىر ئاياللار، زەمزەمگە چىلانغان داكىلارنى قۇرۇتۇپ يۈرۈشكەن، ئارام ئېلىپ يېتىشقان، سەيلى قىلىپ يۈرۈشكەن ھەر خىل كىيىملىك، ھەر خىل چىراي ۋە تىل-زۇۋانلىق، ياش-قېرى، ئەر-ئايال ئادەملەر رېتىمسىز، تىنىمسىز قىمىرلىشىدۇ. ئۇ ئادەم ھەرىكىتى كىشىگە گويا بىردە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان چېچەك سۈيىنى، بىردە شامالدا دولقۇنلىنىۋاتقان بولۇق بۇغدايلىقنى ئەسلىتىدۇ...

— ھەر يىلى 2 - 3 مىلليون ئادەم سىرتتىن ھەج قىلغىلى كېلىدۇ. مەككىنىڭ بىر مىلليون تۆت يۈزمىڭ ئادىمى قوشۇلسا 4-5 مىلليون ئادەم بۇ شەھەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. 4-5 مىلليون ئادەم نە ياتاق، نە قورساق، نە قاتناش قىيىنچىلىقى تارتماستىن خاتىرجەم ئىبادەت قىلىدۇ، ئوقەت قىلىدۇ. سىز يازغۇچى ئەپەندىم، ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى بۇ خاتىرجەملىك ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ ۋە پەم-پاراسەت، ئىقتىساد سەرپ قىلىدۇ؟

ماڭا ھەمراھ بولغۇچى ئەرەبىستانلىق ئۇيغۇر يىگىت مەندىن سورىدى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن پەخىرلەنمەكتە. مەندىكى ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن ھوزۇرلانماقتا. ئۇ بۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. چۈنكى بۇ سەلتەنەتلىك، كۆركەم، قويىنى ئىللىقماكان ئۇنىڭ ۋەتىنى!

زامانىۋى يوللاردا كېتىۋاتقان، يۈرۈۋاتقان سانسىز ماشىنىلار، گىياسىز تاغلارنى تېشىپ ئۆتكەن غول-غولدا پەيدا بولغان زامانىۋى شەھەرلەرنى تۇتاشتۇرغۇچى تونىللار، ئۆتەشمە كۆۋرۈكلەر، قەۋەت - قەۋەت بىنالار (زىچ)، تاغلارنىڭ چوققىلىرى، ھەممە جاي نۇر بىلەن تولغان. مەن بۇ نۇرلار ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن. ھەمرىيىمگە نېمىمۇ دەيمەن؟

— سىلەرگە رەھمەت، ھەممىلا ئادەم قايىل، سىلەر تولىمۇ مېھماندوست، مېھرىۋان، سېخى!

ھەمرىيىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ھوشۇقىنى ياپىدىغان، ئۇزۇن ئاق كۆينەك كەيگەن، بېشىغا ئاق يوللۇق قىزىل غوترا سېلىۋالغان. ئۇنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق قاپلىدى. ئۇ:

— ئەلھەمدۇلىللا، بىز خۇدانىڭ نېمىتى، قۇرئاننىڭ ساخاۋىتى، — دېدى كۈلۈپ قويۇپ، — قۇرئان بىزنى باي قىلدى، بىلەمسىز، قۇرئاننى ياخشى كۆرگەن ئادەم زادى خارلانمايدۇ. بىر ئىنگلىز قۇرئان تەرجىمە قىلماق بولۇپ ئوقۇۋېرىپتۇ، ئاخىر ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭغا خۇدايىم ئىمان بىلەن بىلىم بېرىپتۇ. ئۇ مۇسا جارۇللادىن قېلىشمايدىغان ئىلىملىك ئادەم بولۇپ قاپتۇ. قۇرئانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ھەرقانداق ئادەمگە خۇدايىم تىلىگىنىنى بېرىدۇ. ئابدۇلئەزىزلەرنىڭ ئاتىسى سەئۇدىخان خۇدادىن ئەۋلادلىرىغا بەخت - سائادەت، مەرتىۋە، بايلىق تىلىگەن-دە، شۇڭا بۈگۈن ئۇنىڭ خەلقى بەختلىك!

ئۇ ماڭا سەئۇدى ئەرەبىستان خەلقىنىڭ پاراۋانلىقىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى: سەئۇدى ئەرەبىستانى ھازىر دۇنيادا بايلىقتا، پاراۋانلىقتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. بۇ دۆلەتتە مىللىي دارامەت كىشى بېشىغا نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن شەھەر ياۋروپادىكى ئەڭ زامانىۋى شەھەرلەردەك قۇرۇلۇش، ئېلېكتىر، يوللار، ماشىنىلار ۋە ماللار بىلەن تەمىنلەنگەن. بۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر دۇنيانىڭ ھېچيېرىدە يوق. بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان، باياشات سۇ ۋە شامالدۇرغۇچ بىلەن تەمىنلەنگەن مەسچىتلەر يەنە نەدە بار؟ بۇ دۆلەتتە تىجارەت شۇنچە ئەركىن، ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق سودا بىلەن توسقۇنسىز شۇغۇللىنالايدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا باي بولالايدۇ. قولىنى سېلىپ بۇ يەرگە پىيادە كەلگەن ناۋايلىق، ياماقچىلىق، يايمىچىلىق، قارا ئەمگەك بىلەن ئىش باشلاپ ھازىر نەچچە قەۋەتلىك بىر نەچچە بىنانىڭ خوجايىنى، نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا نەچچە مىليون دوللار (ئامېرىكا دوللىرى) نىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان ئۇيغۇر بايلىرى بۇنىڭغا مىسال. 30 نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ كەمبەغىلى يوق. ئۇلارنىڭ ئەڭ كەمبەغەللىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەن - مەن دېگەن بايلىرىدىن كەم ئەمەس. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپلىرى تېخىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ گراژدانى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار باي!

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەقىقەت. ئۇ ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئېلىپ سۆزلىگەندە، مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈم ئۆيلىرىدە مېھمان بولغان ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مەن تۇنجى قېتىم تونۇشقان مەككە - مۇكەررەمە پۇقراسى ئابدۇقادىر ھاجىم، سەكسەن ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇ قىزغىن، مېھماندوست، ئاقكۆڭۈل بوۋاي قەشقەر يېڭىساردىن بۇ يەرگە چىققىلى 41 يىل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ شۇنداق دېگەن: «قەشقەردىن تاشقورغانغا ئون ئۈچ كۈندە، ئۇ يەردىن ھەرەمگە 11 ئايدا يېتىپ كەلگەنىدۇق. لاداق يولى تولىمۇ مۈشكۈل، خەۋپلىك ئىدى. مىڭ تېكە (ھازىرقى خونجىراپ) دىن پاكىستانغا كەلگىچە قولۇم-

دىكى بارىم تۈگىگەن. مەن قىلمىغان ئىش قالمىدى. مەن داۋا يىلىقنى تاللىۋالدىم. بۇ ئىش ھالال ئىش. ئەرەبىستاننىڭ ئىسسىقىدا (يازدا ئەللىك گرادۇس ئەتراپىدا، قىشتا ئوتتۇز نەچچە گرادۇس) قانچىلىك تەرىمىز ئاقتى، تەر تۆكمىگەن، ئوتتا كۆيمىگەن بىرمۇ كۈنىمىز بولمىدى. قولىدەك ئىشلەپ ھەر بىر رىيال پۇلنى تېجەپ يىغىپ بۈگۈنكى كۈنىمىزنى يارىتتۇق بالام. ئاققان تەرىمىزگە خۇدانىڭ رەھمى كەلدى».

ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈنى قانداق؟ ئۇ ھازىرمۇ باي بولۇشقا قارىماي چامادان دۇكىنىدا سودا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كاكى دېگەن يەردە 6 قەۋەتلىك جايى بار. ھەر بىر قەۋەتتە ئىككى يۈرۈش (تۆت ئېغىزدىن جەمئىي سەككىز ئېغىز ئۆيچا، ئائىلىلىرى بىلەن نەچچە ئېغىز) ئۆيى باركەن. ئۆيلەر قىممەتلىك گىلەم، زامانىۋى دىۋان ۋە باشقا جاھازلار بىلەن جاھازلانغان. 50 ئېغىزدەك ئوخشاش بېزەلگەن ئۆيدە بوۋاي يالغۇز قىزى، كۈيئوغلى ۋە بىرلا نەۋرىسى (قالغانلىرى خىزمەتتىكەن) بىلەن تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بازار ئىچىدە مۇشۇنداق جايدىن يەنە بىرسى بار ئىكەن. نەۋرىسى قادىر ھاجىم بىلەن ئۇنىڭ كۈيئوغلى غوپۇر ھاجىمنى ھەر كۈنى دۇكانغا ئاپىرىپ ئەكىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىر نەچچە ماشىنىلىرى بار ئىكەن. نەۋرىلىرى ئوقۇتقۇچى، ھەربىي، دوختۇر ۋە باشقا خىزمەتلەردە ئىكەن.

— بىز بۇ يەردىكىلەرنىڭ كەمبەغىلى، — دېدى ھاجىم ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — ئالدىراش بولۇپ قالساق بىر — ئىككى ئادەم ياللايمىز، بولمىسا ھەممىنى ئۆزىمىز قىلىمىز. ئۆيىمىزدە بىر ھىندونېزىيىلىك ئايال خىزمەتچى بار. لېكىن بىزنىڭ بايلىرىمىزنى كۆرسىڭىز ئۇلار كاتتا. ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ قانچىلىك دۇنياسى بارلىقى نامەلۇم. لېكىن بىر جاينىڭ بىر يىللىق ئىجارىسىلا 300 مىڭ رىيال، ھەر يىلى بېرىدىغان زاكات پۇلىلا ئۈچ مىليون دوللار (ئامېرىكا دوللىرى). ئۇ كىشىمۇ 40 يىل ناۋايچىلىق قىلغان. ھالال تەرگە خۇدايىم بەرىكەت بېرىدۇ بالام.

راست، كېيىن بىلدىم، ئابدۇقادىر ھاجى بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەمبەغەللىرى ئىكەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئادەم ۋەتىنىدىكى (شىنجاڭدىكى) ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بىر نەچچە ئون مىڭ دوللار (ئامېرىكا دوللىرى) ياردەم پۇلى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى باي قىلىپ قويۇپتۇ.

مەن ھەمىرىيەمنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالغىنىغا خۇشال بولدۇم. چۈنكى مەن بۇلارغا قىزىقىمەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ بېيىپ كەتكەنلەر يالغۇز ئۇيغۇرلا ئەمەس، مىسىرلىقلار، تۈركلەر، يەمەنلىك، سۇرىيىلىك، ئىراق، پاكىستان، ھىندىستان، بىنگال، ھىندونېزىيىلىكلەر، ھەتتا ياۋروپالىقلار، ئافرىقا نېگىرلىرىمۇ بار. ھازىر بۇ يەردە قارا ئىش قىلغۇچىلار، مەسىلەن: كوچا تازىلىغۇچىلار، مېھمانخانا خادىملىرى، يالالىمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىنگاللىقلار بىلەن يەمەنلىكلەر. كۆرۈپ قالىسىلەر بىرەر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ سېرىق كىيىملىكلەرمۇ باي بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يەر كەمبەغەللەر باي بولىدىغان جاي. قاراڭ ئاۋۇ زەمزەم قاچىلايدىغان تۇڭلارنى ماشىنىلاردىن تالىشىپ ئې-

لىدۇاتقان ئېگىز بالىلىرىدىنى. ئۇلار بىر تۇلۇق زەمزەم ئۈچۈن بەلكى بىر، ياكى ئىككى رىيال ھەق ئالار. ئەمما 50 لۇق ئىسسىقتا بىز بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز. ئۇلار بىر - ئىككى رىيال ئۈچۈن بۇ ئىشنى خۇشال - خۇرام قىلىدۇ، چۈنكى بىر رىيالغا بىر نان كېلىدۇ. بىر كۈندە ئۇلار كەم دېگەندە 20 نان كەلگىدەك پۇل تاپالايدۇ. كۆرۈپ قالىمىز، ئۇلارمۇ ئون - يىگىرمە يىلغا قالمايلا باي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ كەمبەغەللىرى ئىگىلەيدۇ.

— سىلەردە چەتئەللىكلەرنىڭ ئوقەت قىلىشىنى چەكلەيدىغان قانۇن يوقمۇ؟

— ئېيتىشقا بولمىسۇن، بىزدە مۇكەممەل قانۇنلار بار. بۇ يەردە 40 - 50 يىل ئوقەت قىلىپمۇ سەئۇدى گراژدانى بولالمىغانلار كۆپ. ئۇلارنى قانۇن چەكلىگەن، قانۇن بويىچە تەبە ئالالمىغان (نوپۇسقا كىرمىگەن) ئادەملەرنىڭ مىراس قالدۇرۇش، ئۆي-جاي سېتىش، ھەتتا تىجارەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، قانۇن ئۇلارنى قاتتىق چەكلەيدۇ. لېكىن بۇ دۆلەت يەنىلا ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق. قۇرۇلۇش، تازىلىق ئىشلىرى تولىمۇ زۆرۈر. كۈندە قۇرۇلۇش، تازىلىق بولۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ. بىنالارنى مىسىرلىقلار، تۈركىيىلىكلەر پىلانلايدۇ، ياسايدۇ. بۇ يەردە بىناكارلارنىڭ چوڭ - چوڭ ئۇيۇشمىلىرى بار. ئۇلار نەچچە يۈزمىڭ، ھەتتا مىليونلىغان ئىشچى كۈچىگە مۇھتاج. بۇ ئىشچى سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەرەبىستان بايلىرى كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئىبادەت، جاھان سەيلىسى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆز ئىگىلىكلىرىنى چەتئەللىك خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق پۈتتۈرىدۇ. بۇخىل زۆرۈر بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈنمۇ قانۇندا يول بار.

ھەمرىيىم ماڭا دۆلەتنىڭ شەخسىلەرگە قىلىدىغان غەمخورلۇقىنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى: بۇيەردە باج ئېلىنمايدىكەن (پەقەت سىرتتىن كىرگەن ماللىغا باج ئالىدىكەن)، سېلىق يوق ئىكەن، مائارىپ پۇلسىز، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىش ھەققى بېرىلىدىكەن. دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئايدا 800 رىيال، پەننى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 1000 رىيال ئايلىق بېرىلىدىكەن. ئوقۇش راسخوتى، تاماق پۇلى دېگەنلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىلمەيدىكەن. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ياشلارغا 50 مىڭ رىيال پۇل ئىنئام بېرىلىدىكەن. ئۇلار توي قىلسا يەنە 40- 50 مىڭ رىيال بېرىلىدىكەن. بىر كىشى ئۆي سالسا دۆلەتتىن 25 يىلدا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن 300 مىڭ رىيال قەرز بېرىدىكەن، بۇ پۇلنى بۇرۇنراق تۆلىسە دۆلەت بۇ پۇلنىڭ 90 مىڭ رىيالىنى كۆتۈرۈۋېتىدىكەن، 25 يىل توشقاندا تۆلىسە 30 مىڭ رىيالىنى دۆلەت ياردەم قىلىپ بېرىۋېتىدىكەن. دۆلەت دېھقانلارغا تولىمۇ كۆپ ياردەم قىلىدىكەن، دۆلەت بويىچە سۇ پۇلى، تازىلىق پۇلى دېگەنلەر يوق، دۆلەت قىزىل دېڭىزدىن تازىلانغان سۇنى ئەكىلىپ خەلقنى پۇلسىز تەمىنلەيدىكەن (گەرچە بۇ دۆلەتتە بىرمۇ دەريا ياكى كۆل بولمىسىمۇ). چارۋىچىلارغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىكەن: قوي باقسا قويىنىڭ بىر كۈنىگە بىر رىيال، بىر كالىغا بەش رىيال، تۆگىگە ئون رىيال ياردەم پۇل بېرىلىدىكەن. مال دوختۇرلىرى پۇلسىز، مال بېجى يوق ئىكەن (دېمەك بىر قوي ئۈچۈن ئېيىغا

دۆلەت تەرىپىدىن 30 رىيال، كالىغا 150 رىيال، تۆگىگە 300 رىيال ياردەم پۇلى بېرىلىدىكەن).

ھەر بىر ئىلەرگىمۇ ئېيىغا 4000 رىيال ئايلىق بېرىلىدىكەن. زىيالىيلارغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار 7ـ 8 مىڭ رىيال، دوختۇرلار 10 مىڭ رىيال ئەتراپىدا ئايلىق ئالىدىكەن، مەملىكەت بويىچە يەتتە ئۇنىۋېرسىتېت بار ئىكەن. بۇ مەكتەپلەردە 200 مىڭ ستۇدېنت ئوقۇيدىكەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 2 مىليون ئىكەن . پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆز ئالىملىرى بار ئىكەن. مەسىلەن: تىببىي ساھەدە بۆرەك، يۈرەكلەرنى يۆتكەش ئوپېراتسىيىسىنى ئۆز دوختۇرلىرى قىلىدىكەن. يالغۇز ئۇيغۇرلاردىنلا دوكتۇردىن يۇقىرى پەن خادىملىرى 20 دىن ئاشىدىكەن. دوختۇر ئابدۇقادىر تاش بۇنىڭ بىر مىسالى ئىكەن. بۇ يەردە قاتناش تولىمۇ تەرەققىي قىلغان. 80 مىڭ كىلومېتىر ئاسفالت يول بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىڭ كىلومېتىرى قوش قاناتلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئىكەن. بۇ يوللار پۈتۈن مەملىكەت شەھەرلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. مەملىكەت بويىچە 5.5 مىليون ماشىنا بار بولۇپ، ھەر 2.8 كىشىگە بىردىن توغرى كېلىدىكەن. (ئامېرىكىدا 75 مىليون ماشىنا بار. ھەر ئۈچ كىشىگە بىردىن توغرا كېلىدۇ) جىددىدىكى ئابدۇلئەزىز ئايرودرومىدىن ھەر كۈنى 1000 دەك ئايروپىلان ئۇچىدىكەن. ھاۋا يولى تولىمۇ راۋان. جىددا پورتىدىن دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە پاراخوت قاتنايدىكەن...

ھەمرىيىم ـــ قىزغىن، تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇر يىگىتى (لېكىن ئەرەبلىشىپ كەتكەن) ماڭا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەققىدە بىلگەنلىرىنى توختىماي سۆزلەپ بەردى. ئۇ كەچ قايتتى، مەن ئەتىگەنلىككە بۇ يەردىن مىنادىكى مېھمانخانىغا يۆتكەلمەكچى. مىنا بۇ يەردىن 20 كىلومېتىر نېرىدا، مەن ھەمرىيىمنى ئۇزىتىپ قويۇپ دېرىزىدىن كەچكى مەنزىرىگە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردۇم. ھەممىلا يەر نۇر ۋە ئادەمگە تولغان. ئاپئاق كىيىم كىيگەن مىليونلىغان ئادەملەر بۇ يەرگە مەككە بەيتۇللاسى تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا. ئېھرام ئىچىدىكى بۇ ئادەملەر نەچچە ئەللەردىن ـــ ياپونىيە، فىلىپپىن، يېڭى زېلاندىيە، ئامېرىكا، برازىلىيىدىن... ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدىن كېلىشكەن. «ئەل رىيازۇ» گېزىتىگە يېزىلىشىچە، زۇلھەججىنىڭ 9ـ كۈنى ئاللانىڭ بىر مىليوندىن كۆپ مېھمىنى ھەج پەرزىنى ئادا قىلغىلى ھەرەمگە كەلگەن.

مەن كەچ بولغاندا، تېلېۋىزورنى ئاچتىم. تېلېۋىزوردا كەبىنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى مەشھۇر ھېكايىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە فىلىمى بېرىلمەكتە. قايىنام ـ تاشقىنلىق، ئېلېكتر نۇرلىرى، قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار بىلەن قورشالغان ھازىرقى بەيتۇللا ھەرەمنىڭ بۇندىن تەخمىنەن 5 مىڭ يىل بۇرۇنقى مەنزىرىسى ئېكراندىن ئۆتمەكتە.

...قارايغان گىياسىز تاش تاغلار، قۇملار ئۇچۇپ يۈرگەن، ئادەمزات ئىزى چۈشمىگەن چۆللەر ئېكراندىن ئۆتتى. تاغلار ئارىسىدىكى بۇ كىچىككىنە بوشلۇقتا ئاتلىق ئادەم ئۆزىگە مىنگەشكەن، پۈركەنچىلىك ئايالنى يەرگە چۈشۈردى.

سەن مۇشۇ يەردە تەۋەللۇت قىلىنىسەن (تۇغۇلىسەن) ـــ ئەر ئاتتىن چۈشمەيلا ئايالغا

قاراپ قويۇپ شۇنداق دېدى. بۇ كىشى قويۇق ساقاللىق، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، بەدىنى قوپال، ساغۇچ ماتادىن يېپىنچا ئارتقان ھالدا ئايالغا قاراپ قويۇپ كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى.

— ھەي ئىبراھىم! — دېدى ئايال يوغان، قارا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — بۇ سېنىڭ ئىشىڭمۇ؟ خۇدانىڭ ئەمرى — بۇيرۇقىمۇ؟

— ھەي ھاجەر، — دېدى ئەر كىشى، كەينىگە قاراپ قويماستىن، — بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

بۇ ئەر كىشى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن 1200 يىل كېيىن ئۆتكەن پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىدى.

ئېكراندا ھاجەرنىڭ چىرايى كۆرۈلىدۇ: ئۇ مەمنۇن ۋە قانائەت بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاجەر بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىكەن، قىز تولىمۇ ياخشى بولغاچقا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە ئۇنى ئۆز ئېرىگە كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىدىكەن، لېكىن ھاجەر ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، سارە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا «بۇ ئايالنى كۆزدىن يوقىتىسەن» دەپ بېسىملىق قىلىدىكەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاخىر خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بۇ كىچىك ئايالنى مۇشۇ چۆلگە ئەكىلىپ تاشلايدىكەن.

ئېكراندا ئۇچۇۋاتقان قۇم، ھۇۋلىغان بوران، تۇمانلىق جىلغىلار، چاڭ-توزانلىق ئاسمان كۆرۈنىدۇ، ئاندىن بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئارقىدىن يالىڭاچ بالا، ئۇنىڭ ئاچچىق بىلەن قۇمغا ئۇرۇلغان ئاياغلىرى، ئالاقزادە بولۇپ سۇ ئىزدەپ يۈگرەپ يۈرگەن ئانا كۆرۈنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاجەر ئانىمىز شۇ چۆللۈكتە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى تۇغىدىكەن. بالىنى چۆمۈلدۈرۈپ زاكىغا ئېلىش ئۈچۈن، ئانا سۇ ئىزدەپ يۈرگىنىدە بالىنىڭ پۇتلىرى تەگكەن قۇملۇقتىن بۇلاق چىقىدىكەن، ھاجەر ئانا سۇنى كۆرۈپ ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئالدىنى قۇم بىلەن توراپ، «زەمزەم، زەمزەم» (توختا، توختا) دەيدىكەن. زەمزەم سۈيى ئەنە شۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغى تەگكەن يەردىن چىققان بۇلاق ئىكەن، كېيىن بۇ يەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاغدىن تاش ئەكىلىپ تام تۇرغۇزۇپ كەبە قىلىپ ياسايدىكەن. ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان كەبە، ئەنە شۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان جايى؛ ئانا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرگەن ئارىلىق سافا — مەرۋە. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ تۇنجىسى قايزارنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەت پەيغەمبەر تۇغۇلغان. ھازىر ھەج قىلغۇچىلار ئەنە شۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان جايى — كەبىنى يەتتە ئايلىنىدۇ. سافا-مەرۋەدە ئۇ باشتىن بۇ باشقا ھاجەر ئانىمىزنى ياد ئېتىپ، يەتتە قېتىم يۈگرەيدۇ. ھەج قائىدىسىدە كەبىنى تاۋاپ قىلماق پەرز، سافا — مەرۋىنى يەتتە قېتىم ئايلانماق ۋاجىپ، دەپ بېكىتىلگەن. ھەج قىلغۇچىلار ئېھرام باغلاپ، بۇ پەرز بىلەن ۋاجىپنى چوقۇم ئورۇنلىشى لازىم.

مۇندىن بىر نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن، بىر بوۋاق ئىڭراپ ياتقان، بىر ئانا يۈگرەپ

سۇ ئىزدەپ يۈرگەن قۇملۇق جىلغا ھازىر بىر مىلياردتىن كۆپ مۇسۇلماننىڭ قىبلىگاھى. ھازىر بۇ يەرگە بىر نەچچە يۈز مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر، ئېسىل كېلەم-جاينامازلار بىلەن بېزەلگەن، سالقىن، پاكىز، سېلىق مەرمەردەك ئەرەب تېشى ياتقۇزۇلغان ھەيۋەتلىك بەيتۇللا ياسالغان. بۇ بەيتۇللا — جامە ئۆزىنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى گۈزەللىكى، چوڭ-ئازادىلىكى بىلەن دۇنيادا بىرلا. مىسىر ئىنژېنېرلىرى، بىناكارلىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن قايتىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. جامەگە ئادەمنىڭ كىرسە كىرگىسى كېلىدۇ، سېلىق - پارقىراق تاشلىرىدا ياتسا ياتقۇسى، مۇزدەك جانغا ئارام سۇلىرىنى ئىچسە، ئىچكۈسى كېلىدۇ. قاچانلا قارىسىڭىز، مەيلى كېچە يۇ، كۈندۈز بولسۇن بۇ يەردە مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرىسىز. بىرلا ئايال سۇ ئۈچۈن ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرگەن جاي—ھازىر كاتتا شەھەر، مۇقەددەس جاي. بىر بالا تېپىرلاپ ئىڭراپ ياتقان جاي—ھازىر قىبلىگاھ، بىر مىلياردتىن كۆپ ئادەمنىڭ تەلپۈنىدىغان جايى. مانا بۇ، ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن يول — تارىخ — تەرەققىيات.

## مىنا مېھمانخانىسىدا

مەن «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» (رابىطەتۇل ئالەمۇل ئىسلامى) نىڭ ھەج ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان مىنا مېھمانخانىسىغا كۆچۈپ چىقتىم. بۇ يەرگە ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن كەلگەن مېھمانلاردىن باشقا، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەج ئۆمەكلىرى جايلاشقان. مەن «جۇڭگو ھەج ئۆمىكى» گە قوشۇلدۇم. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ۋاجىدى باشلىق بولغان بۇ ئۆمەكتە 14 ئادەم بار ئىكەن، بىز 15 ئادەم ھەج پائالىيىتىمىزنى مۇشۇ مېھمانخانىدىن باشلىدۇق.

بۇ يەردىكى ھەج پائالىيىتى: ھارپا (ئايەم) كۈنى ئەرەپاتقا چىقىش، ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇپ (ناماز ئوقۇپ) خۇدادىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبە سوراپ پاكلىنىش. كېچىدە مۇز تەلپىگە قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردە بىر كېچە تۈنەش، تاڭدا يېقىن مىناغا قايتىپ كېلىپ شەيتانغا تاش ئېتىش ۋە ئاخىرىدا ھەرەمگە كىرىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ كەبىنى يەتتە، سافا-مەرۋەنى يەتتە ئايلىنىپ بولۇپ چېچىنى ئالدۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغىلى كەلگۈچىلەر چەزمەن ئورۇنلىشى لازىم بولغان پائالىيەت. بۇ پائالىيەت ئۈچۈن دۇنيادىكى 60 دۆلەتتىن كەلگەن بىر مىليوندىن كۆپ ئادەمگە مۇشۇ مىنا ئەتراپىدىكى بوش يەرلەر، تاغ قاپتاللىرى، ھەتتا قاقاس تاغنىڭ چوققىلىرىغا نەچچە يۈز مىڭ چېدىرلار تىكىلگەن. بۇ چېدىرلار شامالدۇرغۇچ، مۇزدەك سۇ، تېگىگە سېلىنىدىغان سېلىنچا بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

مىنادىكى چېدىرلاردا ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە مۇددەت بىلەن ئىبادەت ئۈچۈن كۆچۈپ چىققان مىليونلىغان خەلقنى تاماق، ئۇسسۇلۇق، داۋالاش، قاتناش بىلەن تەمىنلىمەك ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن سەئۇدىيە ھۆكۈمىتى نەچچە مىڭلىغان ئىشچى كۈچى (بېنگال، يەمەن ئىشچىلىرى)، ساقچى - ھەربىيلەر، ماشىنىلار، دوختۇر، خا-

نىلار (سەييارە)، ئاشخانا، تەرەتخانا، نەچچە مىليون دوللارلىق خىراجەت بىلەن بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى تېزلا پۈتتۈرگەن. مەن مىنا مېھمانخانىسىنىڭ سالقىن ئۆيىدە ھېچقانداق مۇشەققەت كۆرمىدىم. لېكىن ئەتراپىمىزدىكى ئىسسىق تاشلىقتا ئېھرام بىلەن ماكان تۇتۇپ يېتىشقان نەچچە يۈزمىڭلىغان ئادەملەر (قېرىلار، ئاياللار، بالىلارمۇ بار) 50 گرادۇس ئەتراپىدىكى ئىسسىق، چاڭقاش، قاتتىق يەردە يېتىش، پىيادە مېڭىش قاتارلىق مۇشكۇلاتلارغا چىداشلىق بەرمەكتە. مەن مېھمانخانىدا ئالدىدىكى سەھنىدە تۇرۇپ، مىنادا ھەريان مېڭىشىپ قىمىلداپ يۈرگەن ئوخشاش كىيىملىك (ئېھرام ئىچىدە، يەنى يالىڭاچ بەدەنگە بەلنىڭ تۆۋىنى ۋە يۇقىرىسىغا ئورالغان ئاق رەخ)، يالاڭباش ئادەملەرگە ئۇزاققىچە - ئۇزاق قاراپ تۇردىمەن. بۇ قاراپ تۇرۇشۇم تاماشا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىش ئۈچۈن. ئېتىقاد ئىنسانغا روھ، ئىرادە ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىكەن. ئىنسان ئېتىقاد يولىدا ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىكەن. ئېتىقاد يولىدا تارتقان مۇشەققەت ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك ۋە بەخت بېغىشلايدىكەن. ھەرقانداق بىر ئىنسان بىر ئېتىقاد بىلەن ئۆزىگە روھى ئوزۇق، خۇشاللىق ۋە بەخت تاپىدىكەن...

مىنا ئاسمىنىدا يەردىن 200 مېتىردەك ئېگىزلىكتە بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان چارلاپ يۈرمەكتە. تاشلىق تاغلارنىڭ قاپتاللىرى، ھەتتا تاغ ئۈستىمۇ چېدىرلار بىلەن تولغان. ھۆپپىلدەپ تۇرغان تومۇزدا ئادەملەر تاشلىق ساي، تاغ قاپتاللىرىدا تەرگە مېلىنىپ چاڭقاپ، ھاسىراپ تۇرۇشماقتا. تىك ئۇچار ئايروپىلانلار، نەچچە يۈزلىگەن دوختۇر ماشىنىلىرى بۇ ئادەملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈگرەپ يۈرمەكتە. ھوشسىزلانغان ياكى سەكراتقا چۈشكەن نىمجان ئادەملەر ئۆزلىرىنى بەختلىك، مۇرادىغا يەتكەن ھېسابلايدۇ. باشقىلار ئۇلار ئۈچۈن ئىشلەپ چارچىغان ئەرەبىستان خادىملىرىمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداقلا بەختلىك ۋە تەلەيلىك ھېسابلايدۇ. بۇلار نېمە ئۈچۈن؟ ئېتىقاد ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

مەن مىنا مېھمانخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، ئەتراپىمدىكى قىمىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ يۇقىرىدىقىلارنى ئويلىدىم. مىنا — مەككە شەھىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، شەرقىي جەنۇب تەرىپىتىكى بىر جىلغا، ھازىر بىر كىچىك شەھەر. ئۇ، ئەمەلىيەتتە مەككە شەھىرىنىڭ بىر پارچىسى. ئۇ يەرگە مەككىدىن بارىدىغان نۇرغۇن، راۋان، كەڭ، زامانىۋى يوللار بار. بۇ يوللار ستىرولۇق كۆۋرۈكلەر، تاغ تەشمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەتراپى قارا تاشلىق پاكار تاغلار بىلەن قورشالغان بۇ قاقاس ساي زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنىدىن (كونىچە 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) بىر كۈن بۇرۇن (يەنى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن باشلاپ) ئاۋات تاۋاب - ئىبادەت، سودا - سېتىق مەيدانىغا ئايلىنىدۇ. مەككىدىن مىناغا قاتنىغۇچى ماشىنىلار شۇنچىلىك تولىكى، كېچىسى بىر ئېگىزدىن يوللارغا قارىسىڭىز، ماشىنا چىراغلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، ئاسماندىكى سامان يولى ياكى بىر ئوت يولىنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

مەن شۇ كۈنى كەچتە «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» نىڭ مىنادىكى مېھمانخانىسىنىڭ يولىغا قارىغان ئېگىز سۇپىسىدا تۇرۇپ، نەچچە يۈزمىڭ ئادەم مىغىلداپ تۇرغان كەڭ

سەيناغا قاراپ ئۇزاق تۇردۇم: بۇ يەر ئادەم دېڭىزى، لېكىن بۇ يەردە باشقا سەيلە-بايرام ئورۇنلىرىدىكىدەك ناخشا، ساز، كۈلكە - ماجىرا يوق. ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا قارىماققا غەمكىنلىك، جىددىي، سۈرلۈك. گويا بۇ ئادەملەر مۇسىبەت تىلەكىدەك، خۇشاللىقنى ئۇنتۇشقاندەك ... لېكىن بۇ ئادەملەرنىڭ قەلبى بەخت ۋە رازىلىق ئىلكىدە. ئۇلار مۇلايىم، سىلىق-يۇمشاق، ئۇلار ئۆز ئارا ئىناق - مېھرىبان. بۇ چىرايلارنى كۆرگەن ئادەم مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھاجىلار توغرىسىدا ئېيتقان مۇنۇ جاۋابىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالىدۇ:

— ھاجىلارنىڭ نىشان-بەلگىسى قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ بىرسى مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزدىن.

— ھاجىلارنىڭ نىشان-بەلگىسى، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەيغەمبىرىمىز، - كىيىملىرى جۇل - جۇل، قورسىقى ئاچ، ھېرىپ - چارچىغان، چاچلىرى ئۆسكەن، كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلغان، قەلبى پاكىز ئادەمنىڭ ئەينى ئۆزى.

سەپ تارتىپ قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان ھەرخىل رەڭلىك، بىرخىل كىيىملىك (ئېھرام ئىچىدە) ئادەملەر توپىدا كىملەر يوق دەيسىلەر؟ پارلىق قېرىلار ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ سايىۋەنلىك بوسۇلكىلىرىدا، ناردىسىدىلەر ئاتىلىرىنىڭ يەلكىلىرىدە، يېڭى توي بولغان قىزلار ئۆز يىگىتلىرىنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ... توپ بىلەن بىللە يولدىن ئۆتمەكتە.

مەن مىنادىكى بۇ مېھمانخانىدا 60 نەچچە دۆلەتنىڭ ھەج ئۆمەكلىرىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە، لېكىن ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلمەيمەن. يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن شەمشىدىن ئەپەندى باشلىق بولغان 25 كىشىلىك ھەج ئۆمىكى، بۇلغارىيىلىك كۆپىنچىسى تۈركلەردىن بولغان ئالتە كىشىلىك ھەج ئۆمىكى بىلەنلا سۆزلىشەلەيمەن. شەمشىدىن ئەپەندى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، بىر قانچە خىل تىل بىلىدىغان خۇشخۇي ئادەم. مەن كۆپىنچە شۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىمەن. ئۇ كىشى ئەرەبلەر، ئىسلام دىنى ۋە ھازىرقى دۇنيا توغرىسىدا ماڭا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەج ئۆمىكىدىكى قالغان ئەزالار ئۆزبېك، قىرغىز، ئەزەربەيجان، تاتار، تۈركمەنلەرمۇ ماڭا ئۆز بىلگەنلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بېرىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز بىلىمىمنى خېلى كۆپەيتىۋالدىم.

ياپونىيە ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى (دابەن دىنىي مەھكىمە باشلىقى) شەن كۇجوڭ جاۋ ئەپەندى (ئەرەبچە ئىسمى ئابدۇل رەھىم ياماگوچ) بىلەنمۇ خەنزۇچە خەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرالىدىم. مەن ئۇنىڭدىن خەنزۇچە خەت بىلەن:

— ياپونىيىدە قانچىلىك مۇسۇلمان بار؟ - دەپ سورىدۇم، ئۇ ئوخشاشلا خەنزۇچە خەت بىلەن:

— دابەندە 40 مىڭ مۇسۇلمان بار، - دەپ جاۋاب يازدى.

— سىلەر نېمىشقا ئىسلام دىنىغا كىردىڭلار؟

— ئىسلام دىنىدا نۇرغۇن ھەقىقەت بار، - دەپ يازدى ئۇ.

ئىتالىيىلىك ياش گېئولوگىيە ئالىمى، ئامېرىكىلىق بىر پروفېسسور، بىرازىلىيە-
لىك بىر باي، فرانسىيىلىك بىر كىنو شىركەت خادىمى ھەم بىزنىڭ بۇخىل سوئاللى-
رىمىزغا شەن كۈجۈك جاۋ ئەپەندىگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. بىز شەمشىدىن ئەپەندى
بىلەن ئىككىمىز ئوخشاشلا سوتسىيالىستىك دۆلەتتە چوڭ بولغان. بىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن
ھايات يولىمىزمۇ ئوخشايدىكەن. ئەرەب يېرىم ئاردىلى بۇ قەدىمىي چۆللۈك، ئىجتىما-
ئىيەتتە زوراۋانلىق، قۇللۇق دەۋرىنى بېشىدىن جىق كۆچۈرگەن، خەلقى تەبىئەتتىن تولا
ئازار يېگەن بۇ جايدا بۇندىن 1408 يىل ئىلگىرى ( يەنى 622 - يىلدىكى ھىجراتىنىڭ
1 - يىلىدىن باشلاپ ) ئىشغالىيەت باشلىغان ئىسلام دىنىي بۈگۈنكى كۈندە يەر شارى-
نىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈك-
سەك نامايەندىسى بولغان دۆلەتلەردە، زامانىۋى ئىلىم - پەن ئەھلى ئارىسىدا تەسىر
پەيدا قىلماقتا. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىز شەمشىدىن ئەپەندى بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈس-
تىدە ئۇزاق ۋە مەنىلىك پاراڭلاشتۇق. بىز دۇنيادىكى ھەر خىل ئىدىئولوگىيە، ئېتىقاد،
پەلسەپە ئېقىملىرى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىشتۇق. لېكىن يۇقىرىقى مەسىلىگە
قانائەت ھاسىل قىلغىدەك جاۋاب تاپالمىدۇق. ئاددىي جاۋابلار ئەلۋەتتە تولا. لېكىن
جاۋاب چوڭقۇر پەلسەپە، ئىلىم ئاساسىدا بۈگۈنكى ئەمەلىيەتكە باب بولۇشى لازىم ئىدى.

زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى سەھەردە ( بىزچە ئايەم كۈنى ) بىز مىنادىكى بۇ مېھمان-
خانىغا جايلاشقان مېھمانلار نۇرغۇن ماشىنا بىلەن ئەرەپات تېغىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

ئەرەپات — مىنادىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تۈزلەڭلىك، ھەج قىلغۇچى-
لار مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە ئەتىگەنلىكى كېلىپ كۈن پاتقىچە تۇرۇشى شەرت. بۇ يەردە قۇر-
ئان تىلاۋەت قىلماق، ئەرەپاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى قوشۇپ قەسىدە قىلىپ بىر ئەزان،
ئىككى تەكبىر بىلەن ناماز ئوقۇماق، ھەج پائالىيىتىدىكى ئۈچ پەرزنىڭ بىرسى. ئەرە-
پات تۈزلەڭلىكىدىكى جەبەلى ئەرەپات تېغى مۇھەممەت پەيغەمبەر ھەج قىلغۇچىلارغا
ئاخىرقى قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەن جاي ئىكەن.

ھەج پائالىيىتىنىڭ پەللىسى بولغان بۇ كۈن تولىمۇ ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك بو-
لىدىكەن. مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ھەر تەرەپتىن بۇ تۈزلەڭلىككە قاراپ ئاقىدىكەن.
بىز سالقىن شامالدۇرغۇچلۇق، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ماشىنىدا، ئەتراپىمىزدىكى پىيا-
دىلەر توپى بولسا سەپ-سەپ بولۇپ، قولتۇقلىشىپ ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بايراقلى-
رىنى كۆتۈرۈشۈپ قوللىرىغا كۈنلۈك، دولىسىغا جايدان ئارتىپ «لەببەيك» سۈرىسىنى
ئوقۇپ كېتىپ بارماقتا. مانا شۇ سەپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھايات بىلەن خوشلىشىش ئالدى-
دا تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىغان نىمجان قېرىلار، دۇنيانىڭ ھەممىلا
ئىشىنى قىزىقچىلىق بىلىدىغان باللار، ھاياتىدا مۇشۇ كۈننى ئەڭ مۇقەددەس
بىلىپ ئۆمۈر بويى شۇ كۈننى تەقەززا بولۇپ كۈتۈشكەن ساددا دىل ئادەملەر،
يەنە بۇ كۈندە خۇدادىن ئۆزىگە باقى ئالەم سەپىرىنى تىلەيدىغان
مۇرتلار بىلەن، بۇ كۈننى ھاياتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس كۈن سۈپىتىدە ئېسىدە ساقلايدى-
غان ئىخلاسمەنلەر... ھەر خىل پىكىرلىك، ھەر خىل ئېتىقاد، كۆز قاراشتىكى ئەر-ئايال،

ياش-قېرىلار بار . بۈگۈنكى دەبدەبىلىك پائالىيەت ھەممىلا ئادەمنىڭ دىلىدا ئېتىقاد قىلىنغۇچىغا كۈچلۈك ئىشەنچ، سېغىنىش، بېقىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئادەملەر مۇلايىم، لېكىن جىددىي؛ ئىرادىلىك، لېكىن چارچىغان؛ مىسكىن، لېكىن غەيۇر كۆرۈنىدۇ .

بىز سالقىن ، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ماشىنىدا كېتىپ بارىمىز. ئەتىراپىمىزدا ئېقىۋاتقان ئادەم ئېقىمى بىزنى ئۆز ئېقىنىدا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ . بىز شۇ ئېقىنىنىڭ بىر پارچىسى، لېكىن بىزدە مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرىپىنى قىلغان ھاجىلارنىڭ سۈپىتى يوق. بىز ماشىنىدىكىلەر ئىچىدە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ جامائەت ئەرباپلىرى، ئىجادكارلار، دەۋرىمىزنىڭ پەيلاسوپلىرى (ھەر خىل كۆز قاراشتىكى) ، ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە سادىق سىياسىئونلار بار . بىز « دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى » نىڭ مىنادىكى مېھمانخانىسىدا ياخشى غىزا ، سالقىن ئۆي بىلەن كۈتۈلۈپ ئەتراپىمىزدىكى چېدىرلاردا ، كۆۋرۈك ئاستى، تام تۈۋلىرىدە يېتىشقان ھەج ئەھلىگە تاماشا ۋە كۆزىتىش نەزىرى بىلەن قارىغۇچىلار. بىزدە شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقادقا قارىغاندا سوئال ۋە مۇلاھىزە كۈچلۈك . بولۇپمۇ بىز جۇڭگو ، سوۋېت ، بۇلغارىيىلىك ھاجىلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئالاھىدىلىكىمىز روشەن. بىزنىڭ سۆھبەت ، چاقچاق ۋە مۇئامىلىمىزدە بۇ ئالاھىدىلىكىمىز ئىپادىلىنىدۇ . بىز ماشىنىدا كېتىۋېتىپ مىسىرلىق ياۋروپالاشقان زىيالىيلارنىڭ ، ياكى سۇدانلىق قەددىي-قامىتى تولىمۇ كۆركەم قاراتەنلىك ئەزىمەتلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ، گۇمانلىق قاراشلىرىغا دۇچ كېلىمىز . ئۇلار كۆزلىرى بىلەن گويا: «سىلەر، ماركسىنىڭ ياۋروپادىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلماي بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭلار؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مانا بۇ ئۆز ئارا چۈشىنىشمەسلىك ، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ ئۇزۇن يىل ئىشىكنى تاقاپ ياشىغانلىقىمىزدىن پەيدا بولغان . مەن ئۇلارغا سۆزلەشنى ، بۈگۈنكى ھاياتىمىز نازۇك سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشنى تولىمۇ خالايتتىم ، لېكىن مەن تىلسىز.

بىزنىڭ ئەرەپاتتىكى تۇرالغۇمىزمۇ توقۇما سىم بىلەن قورشالغان، دەرۋازىسىنى ئەرەبىستان ئەسكەرلىرى ساقلايدىغان ، چېدىرلىرى شامالدۇرغۇچ ، يۇمشاق گىلەم ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەنگەن ئالاھىدە جاي . بىز بۇ يەردە ياخشى غىزا بىلەن كۈتۈلدۇق . ئالاھىدە يوپۇق بىلەن ياسالغان، ئاستىغا ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان مەسچىت ۋە تەرەت ئالىدىغان ئورۇنلار بىزگە راھەت ۋە ئوڭايلىق بېغىشلايدۇ . بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملىرىمىزنى پەرز ئادا قىلىۋاتىدۇ، دېگەنىدىن كۆرە ، ساياھەت قىلىپ يۈرۈيدۇ، دېگەن تۈزۈكرەك. ئۇلار مەسچىتنىڭ سالقىن گىلەملىرى ئۈستىدە، ئۆز چېدىرلىرى ئىچىدە نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ راھەتلىنىپ ئۇخلاشماقتا . مەن يېنىمىزدىكى چېدىرغا جايلاشقان بۇلغارىيىلىك تۈركلەر بىلەن سۆزلەشمەكتىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىدىن سۇلايمانوۋ چىققانلىقى بىلەن ماختاندى ۋە بۇلغارىيىدىكى 2 مىليون تۈركنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى . ئۇلار بىز ئۇيغۇرلارنى زادىلا بىلمەيدىكەن . قىرغىزلار بىلەن قازاقلارنى ئايتماتوۋ ، مۇختەر ئەۋەزوۋلار ئارقىلىق بىلىدىكەن . ئۆزبېكلەرنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن. سەۋەبى بۇ ئالتە كىشىلىك ھەج ئۆمىكى بۇخارادىكى ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ

ياش تالىپلىرىدىن تەشكىللەنگەن. مەن ئۇلارغا بىزنىڭ شەھىرىمىزدىمۇ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىم ئۇيغۇرلاردىن 500گە يېقىن ئادەمنىڭ ھەج قىلغىلى بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم.

كەچقۇرۇن بۇ يەردىكى بىر كۆللۈك ئىبادەت ئاخىرلىشىش ئالدىدا، قۇرئان ئوقۇپ ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن خۇدادىن كەچۈرۈم سوراپ دۇئا قىلىش باشلاندى. ھەممىلا يەردە دۇئا، يىغا-زارە ۋە قۇرئان ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمانلار. مەن بىزنىڭ ئۆمىكىمىزدىكى چىن ئىخلاس بىلەن گۇناھى ئۈچۈن خۇدادىن كەچۈرۈم سوراۋاتقان پېشقەدەم كادىرلارغا ھەيرانمەن. ئۇلار يېلىنماقتا، يىغلىماقتا. بىرسىنى دوراپ ئەمەس، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن يىغلىماقتا. بۈگۈن ئۇلار نېمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدۇ؟ ئىنسان ئۆزىنى ھەممىدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ. ياسالمىلىق، ئالدامچىلىق، زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارمۇ ئۆز گۇناھلىرىنى سالماقلايدۇ. لېكىن ئىنسانلارغا بىر يامان ئەيىپ ئورتاق، ئۇ بولسىمۇ ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن ئەپۇ سورىمايدۇ.

— ئەرسات كۈنى قىياس كۈنى،- دېدى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركمەنىستانىدىن كەلگەن ھاجىم مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقىنىمنى چۈشەنگەندەك ئۆزىچىلا ماڭا سۆزلەپ،- مۆڭگۈزلۈك مۆڭگۈزسىزنى ئۈسسىگەنلىكى ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ. ئىنسان نېمىنى قىلمايدۇ دەيسىز؟ ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ مىڭدىن بىرسى ئاشكارىلىنىدۇ. قالغانلىرىنى ئۆزلىرى ئەرسات كۈنى بويىنىغا ئالىدۇ. خۇدايىم بىزنى گۇناھ قىلغىلى ياراتقان ئەمەس؛ ۋە مەيوئەللىمەن ئەھەددى ھەتتى يەقۇلا ئىننەمە نەھنۇ فتنە تۇفە لەتەكفۇرا !

بۇ كەپنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: ھارۇت، مارۇت ئاتلىق ئىككى پەرىشتە ھېچكىمىگە ساختىلىقنى ئۆگەتمەيدۇ. لېكىن بۇلار دەيدۇكى، بىز ئېلىپ كەلگەن ۋە سۆيەتلىگەن نەرسە پىتنە، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېزىپ يۈرمەڭلار! ھارۇت بىلەن مارۇت ئىنسانلارنى ئازدۇرغۇچى پىتنىلارنى تارقىتىدۇ. لېكىن ئۇنى قوبۇل قىلىش- قىلماسلىق ھەركىمنىڭ ئۆز ئىشى.

ئەرەپاتتىكى داغدۇغىلىق ئىبادەت توغرىسىدا مەن سوۋېت ئىتتىپاقى، بولغارىيىلىك ياشلار بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم. بىر فرانسۇز يىگىت مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ۋە مەندىن:

— سىز ياپونمۇ ھە؟ - دەپ سورىدى. ئىنگلىز تىلىدىن ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلغۇچى شەمشىدىن ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى ۋە فرانسۇز يىگىتكە بىزنى چۈشەندۈردى. فرانسۇز يىگىت بىر كىنو شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگىلى بىر نەچچە يىل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەمەۋىلەر ياۋروپانىڭ غەربىدە يەنى بىزنىڭ قوشنىمىز ئىسپانىيىدە تۇرلۇك

ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنى قۇردى. 730-يىل پارچىلىنىشتىن بۇرۇن قۇرۇلغان بۇ ئەمەۋى ھۆ-
كۈمەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىگە چۈشەنمىدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى بوش ئى-
دى. شۇنىڭ ئۈچۈن 15- ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ 800 يىللىق ھاكىمىيەت بىر كاچات بىلەنلا
قوغلاندى. ئۇ يەرلەردە مەن مۇسۇلمان، دېگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. نېمىشكە شۇنداق؟
سەۋەبى، ياۋروپالىقلار ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەس، ھەيۋىسىنى قوبۇل قىلىشقان. مانا
بىز زورلۇق، ھەيۋە بىلەن ئەمەس، بىلىم، ئىزدىنىش، ئەقىل ئىشلىتىش بىلەن ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلدۇق. ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ
يەتتۇق. قاراڭلار، شۇنچە ئادەم ئەرەپات كۆلى قوللىرىغا قۇرئان تۇتۇپ پاكلىنىش ئۈ-
چۈن ياش تۆكمەكتە. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۈگۈن ئىنسانىيەتنىڭ پاكلىق، گۈزەللىك
ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا — بۇلغانغان دۇنيا، ھاۋا-
مۇ، يېمەكلىكلەرمۇ، ئادەملەرمۇ بۇلغانغان! قانچىلىغان قاتىللار تەخت ئۈستىدە، خەلق-
نىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. قانچىلىغان جىنايەتچىلەر سىياسەت ۋەكىلى، ھەقىقەت ۋەكىلى
بولىۋېلىۋاتىدۇ! بۇنى كىم ھېسابلاپتۇ؟ پۈتۈن ئىنسانىيەت مانا بۈگۈنكىدەك چىرىن ئىخ-
لاس بىلەن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ پاكلانغان بولىسىدى، ئىنسانىيەت بەختلىك بولغان
بولاتتى. دۇنيادا ياۋۇزلۇق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، زوراۋانلىق
يوقالغان بولاتتى. بۈگۈنكى دۇنيا پاكلىققا مۇھتاج.
خۇددى بېلىق سۇسىز ھايات تۇرالمىغىنىدەك ئىنسانىيەتمۇ گۈزەللىكسىز، پاكلىقسىز
ياشىيالمايدۇ.

تەرجىمان ئۇنىڭ گېپىنى زوق بىلەن خۇددى شېئىر ئوقىغاندەك تەرجىمە قىلىپ
بەردى. سېرىق چاچ، كۆك كۆز، قامەتلىك فرانسۇز يىگىت تۆۋەندىكى كەلىمەنى ياد ئو-
قۇدى: ۋە خەلق نەلەكۇم، مافىل ئەرزى جەمىئە (تەرجىمىسى: زېمىننى ئىنسانلارنىڭ
مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتتىم).

—شۇنداق، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، — بىر ئەقىدىنى قوبۇل قىد-
لىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش كېرەك. فەئىلەم ئەننەھۇ، لائىلاھە ئىللاھۇ (ئاۋۋال بىل، ئان-
دىن ئىمان ئېيت)، زېمىن بىزنىڭ نېمىتىمىز، لېكىن بىز بۇ نېمەتنى بۇلغاۋاتىمىز!

ئۇنىڭ ئېھرام ئىچىدىكى گەۋدىسى تىترىدى، كۆپكۆك كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

—ۋەجەدىلەھوم بىللەتى ھىيە ئەھسەن، — دېدى ئەزەربەيجانلىق چارساقال، بۇدرە
چاچ ئادەم بېشىنى لىڭشىتىپ. بۇ كەلىمەنىڭ مەنىسى: سەن بىرسى بىلەن سۆزلەشسەڭ نا-
تىق بول، دېگەن بولىدۇ. بۇ كىشى تولىمۇ سۆزمەن، بىلىملىك ئىكەن. ئېسىت، بىزنىڭ
تىلىمىزنى بىلگەن بولسا سۆزىنى ئاڭلىساق بولغانىكەن.

فرانسۇز ياپونىيىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار نېمىلەرنى
دېيىشەركىن؟ مېنىڭ بۇنى بىلگىم كەلدى، لېكىن ئامال يوق. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خاتىد-
رەمگە شۇ يەردىلا قوندۇرۇۋالدىم. «بۈگۈنكى دۇنيا پاكلىققا مۇھتاج» دېگەن سۆز ماڭا
تولىمۇ ياقتى. ئىنسانىيەت تارىخي، ئىنسانىيەتنىڭ پاكلىق، گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش تارىخي. مەن ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئارزۇسىنى شۇ كۈنى كېچىدە

مۇزتەلىپەدە تۇنەگەن چېغىمدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىدىم.

مۇزتەلىپە — ئەرەپات بىلەن مىنا ئارىلىقىدىكى، مىنانىڭ غەربىگە جايلاشقان بىر يېرىم كىلومېتىردەك ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان تۈزلەڭلىك. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ ئىچكىرىسىدە مەشئەرىل ھەرەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار. ھەج قىلغۇچىلار كۈن پاتقاندىن كېيىن، ئەرەپاتتىن مۇشۇ مۇزتەلىپە تۈزلەڭلىككە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ مەشئەرىل ھەرەم تېغىغا يېقىنراق جايىدىن ئورۇن ئېلىپ، بۇ تاشلىق تۈزلەڭلىكتە بىر كېچە ئىبادەت قىلىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار ناماز شام بىلەن خۇپتەننى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇپ بولۇپ، خۇداغا سېغىنىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىبادەت تاكى تاڭ يورۇغىچە داۋاملىشىدۇ.

بىزگە ئاتاپ ئالدىنئالا تاشلىق يەرگە كېلەملەر سېلىنغان، يازنىڭ ئىسسىقى بىلەن قىزىغان، قۇرغاق يەر ئۈستىدە كېچىنىڭ سالقىن شامىلى بىلەن راھەتلىنىپ يېتىش ياكى ئولتۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەتراپقا قارىسىڭىز، سانسىز چىراغلار بىلەن يورىغان چەكسىز تاشلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە دۆلەت، مىللەت، جىنسىي، رەڭگى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان مىليوندىن جىق مۇسۇلمان تەبىئەتنىڭ ئىللىق قوينىدا ۋاجىپ ئادا قىلماقتا. پۈتۈن تۈزلەڭلىك شۇنچىلىك يورۇق، شۇنچىلىك قاينام-تاشقىنلىقكى، بەلكى يەر يۈزىدىكى ھېچقانداق بىر چۆللۈك بۇنداق نۇر ۋە ئىنسان مېھرىدىن تېخى بەھرىمەن بولالمىغان بولسا كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىز جەننەتتىن قوغلانغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە تېپىشقان ۋە ئەر - ئايال بولۇپ جۈپلىشىپ ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى مۇشۇ يەردە ئالەمگە چاچقان ئىكەن. بۈگۈنكى ئىنسانىيەت ئەنە شۇ ئۇرۇقتىن تارالغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت رەسۇلۇللا مۇشۇ مەشئەرىل ھەرەم تېغىدا توختىغان ۋە ئۆزىنىڭ: «ئەرەبلەر غەيرىي ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، غەيرىي ئەرەبلەرمۇ ئەرەبلەردىن ئۈستۈن ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئۈستۈن ئەمەس، قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەردىن ئۈستۈن ئەمەس... خوجايىنلار قۇللىرىڭلارغا مېھرىبان، ئادىل بولۇڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى قىلىدۇ...» دېگەن مەشھۇر ئاخىرقى نەسىھەتىنى بۇ يەردە تەكرارلىغان ئىكەن.

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن، باغرى ئىسسىق، جانغا ئارام بېغىشلايدۇ، ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىغىڭ كېلىدۇ. لېكىن مەن چەرخ يۇلتۇزلۇق ئاسماننى سۈرەتلەيدىغان بۇ ئەرەب زېمىنىدىكى مەنزىرىنى كۆز يۇمماستىن كۆرمەكچى، خىيال ۋە تەپەككۇر بىلەن تاڭ ئاتقىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ مىليون خەلقنىڭ سېلىق، سۈرلۈك، ئاستا ئاۋازىدىن پەيدا بولغان كۈچلۈك شاۋقۇننى ئاڭلىماقچى. مەن بۇ شاۋقۇندىن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتقا، ياشاش ۋە ياشىتىشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئاڭلىماقتىمەن. ئىنسان بىر ئاتا - بىر ئانىدىن تارالغانۇ، يىللار ئۆتۈپ ئۇلار بىر - بىرىگە دۈشمەن، خۇددى ياۋايىلار، توپىدەك بىر - بىرىنى ئۇۋلاش كويىدىكى دۆلەت، گۇرۇھ، مىللەت، تەبىقىلەرگە بۆلۈ-

نۈپ كەتكەن. ئەسلىدە قېرىنداش بولۇپ يارالغان ئادەملەرنى بۇنداق كېلىشكىلى بولمايدىغان ماجىرا ۋە قىرغىنلارغا باشلىغان زادى قانداق بىر كۈچ؟ مەن ئويلايمەنكى، بۇ كۈچنى تەبىئەت ئەمەس، ئىسلامىيەت ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلغان.

مۇزتەلپەدىكى ئېلېكتر نۇرلىرى، ئىنسان قەلبىدىن چىقىپ كۈچلۈك شاۋقۇن سالغان ئۇلۇغ سادا ماڭا بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ قاباھەتكە قارشى جەڭ باشلىغانلىقىنى ئاڭلاتتى: دۇنيا باراۋەرلىك، پاراۋانلىق، مېھرىبانلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە. لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ خېلى نۇرغۇن قىسمى تېخى بۇنى قارشى ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار مەنپەئەت، بايلىق ۋە ئۆز گۇرۇھىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن باشقىلارنى تالان-تاراج قىلىش كويىدا.

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى قاغايدىغانلارمۇ بار. مۇزتەلپەدىكى تۈنەك ماڭا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئەجدادىغا بولغان مۇھەببىتىنى چۈشەندۈردى. ئىنسان مۇھەببەتكە مۇھتاج بولغىنىدەك، سەممىي-ساداقەتكىمۇ مۇھتاج. رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي: «بىر ئادەم گۈزەللىككە قانچىلىك سەممىي بولسا، ئىنسانىيەتتىن شۇنچە يىراق بولىدۇ» دېگەن سۆزنى قايسى بىر مەنىدە ئېيتىدۇدىكىن؟ «گۈزەللىك» بىلەن «ئىنساب» ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلسا خاتا بولارمۇ؟ دۇنيادا مەن چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر قانچىلىك كۆپ بولسا، مەن چۈشەنمەيدىغان گەپلەرمۇ شۇنچىلىك جىق ئوخشايدۇ. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، بۈگۈنكى ئىنسانىيەت گۈزەللىككە مۇھتاج. ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى يەر يۈزىدىكى ئەڭ زور گۈزەللىك. ئۇنىڭ ساختىلىق، رەزىللىك، ۋەھشىيلىككە قارشى تۇرۇشى گۈزەللىككە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقى. مەن ئەتىگەنلىكى مىنادىكى شەيتانغا تاش ئېتىش مەيدانىدا بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

قائىدە بويىچە، ھەج قىلغۇچىلار مۇزتەلپەدىن چوڭ شەيتانغا ئېتىش ئۈچۈن قوينىڭ مايىقىدەك تاشتىن يەتتە دانە تېرىۋېلىش كېرەك (قالغىنىنى مىنادىن تەرسىمۇ بولىدۇ).

ھەج قىلغۇچىلار نېمە ئۈچۈن مىنادا شەيتانغا تاش ئاتىدۇ ۋە بۇ پائالىيەت ھەج قائىدىسىدە ۋاجىپ دەپ بېكىتىلگەن؟

رىۋايەت قىلىنىشىچە: خۇدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى ئىسمائىلنى خۇدا يولىدا قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى باشلاپ مۇشۇ مىناغا كېلىدۇ. جەمرەتۇل ئەقەبە ئىسىملىك چوڭ شەيتان ئادەم سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى توساپ: «داداڭ يالغان ئېيتىدۇ، خۇدادىن ۋەھىي كەلگىنى يالغان، ئۇ سېنى ئالداپ ئۆلتۈرمەكچى» دەپ ئازدۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئالدانمايدۇ ۋە ئاللاتائالاغا بولغان ساداقىتىنى ئىسپاتلاپ، دادىسىغا ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىشقا خۇشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى ياتقۇزۇپ، ئىتتىك پىچاقنى تەگكۈزۈش بىلەن ئوغلىنىڭ بوينىغا سۈركەيدۇ. لېكىن پىچاق ئۆتمەيدۇ. يەنە سۈركىسە يەنە ئۆتمەيدۇ. شۇنچە بېسىلگەن

ئىتتىك يىپپاقنىڭ كىچىك بالا بوغىزىدا زادىلا ئۆتمىگىنىگە خاپا بولۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يىپپاقنى تاشقا ئۇرىدۇ. ئۇ يۇل تاش پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا خۇدادىن: «ئىبراھىم، قۇربانلىقىڭ قوبۇل بولدى» دېگەن ۋەھى كېلىدۇ ۋە ئاسماندىن پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كۆك قوچقار چۈشىدۇ. شۇندىن بېرى قۇربانلىق ئۈچۈن قوي سويۇلۇپ كەلمەكتىكەن.

مانا بۇ ساداقەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان جاينى مۇھەممەت پەيغەمبەر تاۋاپ قىلغان ھەم مۇزتەلپەدىن يەتتە تال تاش تېرىۋېلىپ شەيتانغا ئاتقان.

مىنادىكى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان بۇ جاي شۇندىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاجىپ ئادا قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان. ساداقەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان جاي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساداقەتنىڭ دۈشمىنى بولغان ئېزىتقۇ شەيتانغا ئىنسانلارنىڭ غەزىپىنى ئىپادىلەيدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، مىنادىكى چۆرىسى ئاق تاش بىلەن توسالغان، ئوتتۇرىسىغا تاشلاردىن تۆت چاسا بەلگە قاتۇرۇلغان بۇ جاي قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە نەچچە يۈزمىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرىدا تاش، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ توساق يېنىغا بېرىشىدۇ ۋە غەزەپ بىلەن شەيتانغا تاش ئېتىشىدۇ. ھەج قائىدىسىدە، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە قوپاللىق قىلمىشى، قىستىمىشى، ئىتتىرىشىش، چوڭ تاشلارنى ئېتىش قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، غەزەپلەنگەن خەلق ھامان بۇ چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ، ھەج قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىشىدۇ؛ ئادەملەر بىر - بىرىنى قىستايدۇ، ئىتتىرىدۇ، ھەتتا دەسسەيدۇ؛ يوغان تاشلارنى، ھەتتا باشقا نەرسىلەرنى ئاتىدۇ.

مىنادا 2 - 3 كۈن تۇرۇش ھەج قائىدىسى. بۇ كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن نەچچە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ سەپ بولۇپ ئۆز چېدىرلىرىدىن چىقىپ، مىنادىكى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جايغا قاراپ ئاقىدۇ. قائىدە بويىچە، مەككىنىڭ ئەڭ يىراق تەرىپىدىكى بىرىنچى شەيتاندىن باشلاپ، ئۇندىن كېيىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا، ئاخىرىدا چوڭ شەيتان جەمرەتول ئەقەبەگە تاش ئېتىش (ھەر بىر شەيتانغا ئارقىمۇ ئارقا يەتتە دانە تاشنى ئاللاھۇئەكبەر، دەپ ئېتىش) كېرەك. لېكىن ھاجىلار ئۆز غەزىپىنى باسالماستىن قائىدىنى بۇزۇپ، ئاۋۋال چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. ئۇلار خۇددى مەككە - بەيتۇللادىكى ھەجرۇل ئەسۋەد تېشىنى سۆيۈشكە ئېنتىلگەندەك، ياكى مەدىنە ھەرەمىدىكى رەسۇلۇللانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا مەسچىتنىڭ تاملىرى، قەبرە ئەتراپىدىكى تۆمۈر رىشاتكىلارنى سىلىغۇيلىشقا ئۆزىنى ئاتقاندەك شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن قورشاۋ يېنىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

قارىماققا، بۇ ئىشلار بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلماننىڭ ئۆز دىنىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئاددىي ھەرىكەت، ھېسسىياتقا بېرىلىشنىڭ ئالامىتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. لېكىن يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىساق، بىز بۇ ھەج پائالىيىتىدىكى بىر باسقۇچ (ۋاجىپ) دىن ئىنسانلارنىڭ ساداقەت، گۈزەللىك دۈشمەنلىرىگە: بولۇپمۇ بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

بۇگۈنكى يەر يۈزىدە ئىنسانىيەتنى ساداقەتسىز، مېھرىبانلىق، ئۆز ئارا مۇ-ھەببەتسىز ۋاز كېچىشكە قىستاۋاتقان ۋەھشى «شەيتان» لار يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئەڭچوڭ «چەمبەرتول ئەقەبە» لىرى باردۇ-ھە؟ ئىنسانىيەت ئەلۋەتتە ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا، ئۇلارنى غەزەپ-نەپرەت تاشلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلاشقا قادىر. چوڭ-كىچىك شەيتانلار بىر مەھەل ئۆزلىرىنى پەرىشتە، ئەۋلىيا، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ تەق-دىرىنى بەلگىلىگۈچى «خۇدا» قىلىپ پەدەزلەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئىنسانىيەت راست بى-لەن يالغاننى، گۈزەللىك بىلەن قاباھەتنى پەرقلەندۈرۈشتە مول تەجرىبىگە ئىگە. ھا-مان بىر كۈنى بۇ يالغان «پەرىشتە»، «خۇدا» لار ئىنسانىيەتنىڭ غەزەپ-نەپرەت تاش-لىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

مىنادىكى شەيتانغا تاش ئېتىش مەيدانىدىن تاڭغا يېقىن قايتىپ كەلدۇق. مەن شەمشىدىن ئەپەندىگە يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئېيتتىم.

بىز 4-قەۋەتتىكى ياتىقىمىزغا چىقىپ-ئۇيقۇسىراپ چىققىنىمىزدا، تاغلارنىڭ بې-شىنى قۇياش نۇرى ئالتۇن ھەل بىلەن بېزىگەنىدى. بۈگۈن بىر يىلدا بىر كېلىدىغان قۇر-بان ھېيت كۈنى، مۇشۇ قۇياش يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىنىلا ئەمەس، ھەممىلا جاينى، مېنىڭ يىراقتىكى ئانا يۇرتۇمنىمۇ ئۆز نۇرلىرى بىلەن مۇبارەكلەيدۇ. چۈنكى، مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ بۈگۈن قۇربان ھېيت!

## سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى فەھەدبىن ئابدۇل ئەزىز جانابلىرى ھوزۇرىدا

1988-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى (زۇلھەججىنىڭ 11-كۈنى) يەنى قۇربان ھېيتنىڭ 2-كۈنى ئەتىگەنلىكى مەن ماشىنىدا چىقىپ بازارغا (مەككىگە) ماڭماقچى بولۇپ تۇرغى-نىمدا، ماڭا ئەرەبچە كېيىنگەن چىرايلىق بىر يىگىت پادىشاھ ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىنغىنىم-نى ئۇقتۇردى. بىز جۇڭگودىن ھەج قىلغىلى كەلگەن بىر مىڭ بىر يۈز نەچچە كىشىگە ۋا-كالىتەن ئىككى ئادەم، يەنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ۋاجىدى ئاكا ئىككىمىز پادىشاھنىڭ مىنادىكى قەسرىدىكى پادىشاھ ھوزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن تەييارلاندۇق. بىز كاستىيۇم-بۇرۇلكا، گالىستۇك-لار، ئۇيغۇر دوپپىسى بىلەن ياساندۇق (گەرچە كۈن ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولسىمۇ). ماڭا بۇ ياسىنىش كۈلكىلىك ۋە ئازابلىق تۇيۇلدى. تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىدىن ئۆتۈپ سالقىن، ئازادە قوبۇل زالىغا كىرگەندىن كېيىن، مىللىي كىيىم بىلەن ياسىنىشنىڭ مە-نىسىنى چۈشەندىم. زالدا ھەر خىل كېيىنگەن، ھەر خىل چىراي، ھەر خىل رەڭلىك ئا-دەملەر (تامامەن ئەرلەر) ئولتۇراتتى. ئاق، قىزىل چېكىتلىك ئاق غوترا (باشلىق ياغ-لىق) سېلىپ، ئۈستىگە ئېقال (چەمبىرەك) كىيىۋالغان، ئاق يىپەك تون (ئۇزۇن كۆينەك)، ئۈستىگە ياقا، پەش، يەڭ ئۇچلىرىغا زەر كەشتىلەر تۇتۇلغان قارا، سېرىق، ئەترەك ئاباي (لىباس يېپىنچا) كېيىشكەن، قامەتلىك، قارا بۇرۇت، قاش-كۆزى قارا، ئاق يۈزلۈك يىگىتلەر مېھمانلارنى كۈتۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ يۈرۈشە-دۇ. ساغۇچ، قىسقا يەڭ ھەربىيچە كېيىنگەن، شاپ بۇرۇت، كەۋدىلىك يىگىتلەر ئۇزۇن قىلىچلىرىنى پولاتلىتىپ سۇرلۇك مېڭىشىپ، كىچىك قەدەھلەردە مېھمانلارغا يېشىل رەڭ-

لىك ئىچىملىك (ئالىي چاي) قويۇپ يۈرمەكتە. مەن مېھمانلارغا قارىدىم، سەھنىگە يېقىن
جايدا پاكارراق، قارا بۇرۇتلۇق تۇركىيە زۇڭلىسى تۇرغۇت ئۆزال كاستىيۇم - بۇرۇلكا كىي-
گەن ھالدا، ئۇنىڭ يېنىدا تىك ئۆرە ياقىلىق قارا ئۇستىباش كىيگەن بېنگال زۇڭلىسى
(بۇلارنى ماڭا باشقىلار تونۇشتۇردى)، مىسىر ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى،
جامائەت ئەربابلىرى پادىشاھنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا. ئورۇندۇقلاردا دۇنيا-
نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەج ئۆمەكلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، تەكلىپ بىلەن
بۇ يەرگە كەلگەن مەشھۇر زاتلار سەھنە يېنىدىكى يان ئىشىككە قاراشماقتا. نۇرغۇن تې-
لېۋىزور، رەسىم ئاپپاراتلىرى سەھنىگە كۆزلىرىنى توغرىلاپ جىمجىت قېتىپ قېلىشقان...

بىز سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، بولغارىيە ۋەكىللىرى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شەمە-
شىددىن ئەپەندى، بولغارىيىدىن بىر ئاز سانلىق مۇسۇلمان مىللەت ۋەكىلى) ئەڭ ئارقىدىن
ئورۇن ئالدۇق (بىزنىڭ يېنىمىزدا ياپونىيە، فىلىپپىن ۋەكىللىرى بار).
بىز ئۆز ئارا پاراڭلىشالايمىز. ياپونىيىلىك شەنكو جوڭ جاۋ (ئابدۇل رەھىم ياماگوچ)
ياپونىيە مىللىي كىيىمى بىلەن ھېلىدىن - ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا تەمشىلى-
دۇ. لېكىن تەرتىپ ساقلىغۇچى سەئۇدى يىگىتلىرى (ھېلىقى چىرايلىق، ئوخشاش كىيىن-
گەن يىگىتلەر) بەلگىلەنگەن ئورۇندىن يۆتكىلىشكە ھېچكىمگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ياپو-
نىيە ھازىرقى دۇنيادا قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەئۇدى ئەرە-
بىستانى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە. شۇنداق تۇرۇپ ياپونىيە ۋەكىلى نېمىشقا تۇرغۇت
ئۆزال زۇڭلى بىلەن بىللە سەھنە ئالدىدىن ئورۇن ئالمىدى؟ دېگەن سوئال ئۇنىڭ
جىددىيلەشكەن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. بىز ئۈچ سوتسىيالىستىك دۆلەت ۋەكىللى-
رىدە بۇ خىل نارازىلىق يوق. چۈنكى بىز، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن دىپلوماتىك مۇ-
ناسىۋەت ئورناتمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇسۇلمانلار.

— سىلەر ئۇيغۇرنىڭ، مەن ئۆزبېكنىڭ ۋەكىلى، - دېدى شەمشىددىن ئەپەندى ئەخ-
مەت ۋاجىدى ئاكا ئىككىمىزگە چاقچاق قىلىپ، - ئاۋۇ يۇقىرىدا ئولتۇرغان نېگىرلار سو-
دان، نېگىرىيە، ئىفوپىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى، لېكىن بىز پادىشاھ بى-
لەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە ئاۋۋال دۆلىتىمىزنى، ئاندىن ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرىمىز.
مىللىتىمىزنى تونۇشتۇرۇشنى بېشىمىزدىكى دوپپىلىرىمىز ئۈستىگە ئالىدۇ.

پادىشاھ كىردى، پۈتۈن زالدىكىلەر ئورنىمىزدىن تۇردۇق. پادىشاھ بېشىغا باي-
قى ئەرەب يىگىتلىرىدەك ئىقال بىلەن غوترا كەيگەن، ئۈچىسىغا ئەترەڭ ئاباي (يېپىن-
چا)، سۈتتەك ئاق توف كەيگەن، چىرايلىق - كىچىككىنە ساقال قويغان، ئاق يۈزلۈك،
ساغلام - تېمەن پادىشاھ فەھەد بىن ئابدۇل ئەزىز جانابلىرى تولىمۇ خۇشال، خۇشۋاخ
ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، يە-
نى ئابدۇل ئەزىز خان ئائىلىسىنىڭ بۇ دۆلەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلىرى بىلەن
جامائەتكە تونۇلغان پەرزەنتلىرى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مەش-
ھۇر ئەربابلىرى بار ئىدى. تەبرىك، مەدھىيە، مىننەتدارلىق سۆزلىرى باشلاندى. ۋەزىر
ئەزەم، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئۆمەر نەسىف، مىسىر

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر دوكتورى ئۆز نۇتۇقلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، پادىشاھ نۇتۇق سۆزلىدى. بىز ئەرەبچە بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ نۇتۇقلارنى چۈشىنەلمىدۇق. لېكىن بىلىدىغان ئاتالمىلار، ئومۇمىي كەيپىياتقا قاراپ سۆزلەرنىڭ تەخمىنى مەنىسىنى پەرەز قىلدىم. سۆزلەر تەبرىك، مىننەتدارلىق ۋە مەدھىيىگە مەركەزلەشكەن بولسا كېرەك.

ئەتىگەن سائەت 11 لەر بىلەن قوبۇل قىلىش باشلاندى. پادىشاھ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار سەھنىدە (يەنى ئالدىنقى قاتاردا) قاتارلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتى. مېھمانلار قاتار تىزىلىشىپ ئۇلار بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشتى. پادىشاھ ھۆرمەتلىك مېھمانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئىككى مەڭزىگە يېقىشىپ كۆرۈشتى. ئادەتتىكى مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەن ئەسلى پادىشاھ، سەپ بولۇپ تىزىلغان مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتىدۇ ۋە بىز بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوبۇل قىلىش ئاخىرلىشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇنداق بولمىدى. پادىشاھ ئىككى سائەت ئۆرە تۇرۇپ، ھەر بىر ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ بىرمۇ بىر ئەھۋاللاشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا كۆرۈشكۈچىلەر قاتارىدا مەنمۇ پادىشاھ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ:

— چە يىنا، زوھورىدىن سابىر! - دېدىم. پادىشاھ كۈلۈپ كەتتى. ئەرەب تىلىدا زوھور (خىلھور) — گۈل دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدىكەن، «دىن» قوشۇلغاندا مېنىڭ ئىسمىم «دىننىڭ گۈلى» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن. پادىشاھ شۇنىڭغا كۈلگەنىكەن.

مەن يېشى يەتمىشكە يېقىنلاشقان، بايلىقتا دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇۋاتقان، 1 مىلياردتىن كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولغان ئادەمنىڭ ئىككى سائەت ئۆرە تۇرۇپ، ئاددىي ئادەملەر بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا يوق ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ئىلاجىسىز رەسمىيەت يۈزىدىنلا كۆرۈشۈۋاتقان بولسا ئۇنىڭ چىرايىدىن زېرىكىش، رەنجىش ئالامەتلىرى بايقىلىدۇ، دېگەن نىيەت بىلەن پادىشاھنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئاق يۈزىدە، يوغان، خۇما كۆزلىرىدە شادلىق ۋە قىزغىنلىقتىن باشقا ھالەت تېپىلمىدى، مەن خۇشاللىق ۋە مىننەتدارلىق بىلەن مېنى قوبۇل قىلىۋاتقان بىر ئاددىي ساھىپخانىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆز گۇمانخورلۇقۇمدىن خىجىل بولدۇم.

پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغان مېھمانلار مەمۇرىي ۋە ھەربىي ساھىپخانلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئەترەڭگىلەم ئۈستىدە مېڭىپ زىياپەت زالىغا كىرىشتۇق. پادىشاھ زالغا ئاخىرىدا كىردى، زىياپەت باشلاندى. ماڭا داستىخاندىكى غىزا ۋە زىياپەت رەسمىيەتلىرىمۇ ئۆزگىچە بىلىندى. بۇ يەردە نەقەدەھ سۆزى، نە ئۆرە تۇرۇپ رومكا ئۇرۇشتۇرۇشلار، نە ئارقا - ئارقىدىن قوشۇلۇپ تۇرىدىغان خىلمۇخىل مېزىلىك قورۇما (سەي)، يېمەكلىكلەر، نە ھەر خىل شېشە - رومكىلار يوق، ھەممىلا غىزا ئۈستەلگە تىزىلغان: چوڭ لىگەنلەردە ئىسسىق پولۇ، ھەر بىر لىگەندە پولۇ ئۈستىدە پۈتۈن پېتى قويۇلغان

تونۇر كاۋىپى (پاخلان)، قوشۇمچە ھەر خىل مېۋە - چېۋە، يېمەكلىكلەر ۋە قەھۋە، مۇز-دەك سۇ...

بىز تەكەللۇپسىز، ئەركىن - ئازادە، خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدىكىدەك غىزالاندۇق. غى-زادىن كېيىن ئىختىيارىچە تارقالدۇق.

پادىشاھ ھوزۇرىدا بولغان تۆت - بەش سائەت ۋاقىت ئىچىدە، نە داغدۇغىلىق چاۋاك-لار، نە ھېسسىياتلىق ناخشا - مۇزىكا، نە سۈرلۈك - داغدۇغىلىق ساقلىقنى ساقلاش كۆ-رۈنمىدى. ھەممىلا ئىش تولىمۇ ئاددى، تەبىئىي ۋە قىزغىن بېجىرىلدى. مەن قوبۇلدىن كېيىن بىر ئەرەبىستان پۇقراسىنىڭ مېھمانغا بارغاندەك، ساھىبخان تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇگۈنكى مېھماندارچىلىقتىن رازى بولۇپ قايتقاندەك تەبىئىي، يەڭگىل ۋە يې-قىملىق ھېسسىيات بىلەن ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم.

— مۇسۇلمان پادىشاھلىرى تولىمۇ سۈرلۈك، تەككەببۇر بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. پادىشاھ فەھەد جانابلىرى ماڭا بۇنداق تەسىرات قالدۇرمىدىغۇ؟

— مەلىك ئابدۇلئەزىز جانابلىرى ئۆزىنىڭ 48 ئوغلىغا باي بىر دۆلەت قۇرۇپ بەردى. بۇ دۆلەتنى ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتە يالغۇز بالىلىقىلا تاپشۇرۇپ بې-رىپ قالماي ئۆزىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، ئۆزىنى تۇتۇش، ئىسلامغا، دۆلىتىگە، خەلققە سادىق بولۇشتەك ياخشى خىسلەتلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپ بەرگەن. بالىلىرى دادىسىنىڭ ۋە-سىيىتىگە سادىق. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قايسى ئوغلىنىڭ يېشى چوڭ بولسا، شۇ ئوغۇل پادىشاھ بولىدۇ. كىم پادىشاھ بولسا، قالغان ئوغۇللار ئۇنى قەتئىي ھۆرمەت قى-لىدۇ، ئۇنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. مەلىك ئابدۇلئەزىز جا-نابلىرى 1953 - يىلى ۋاپات بولدى. شۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن سەئۇد، فەيسال، خالىت، قاتارلىقلار ۋاپات بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى: «بىز ئىككى ھەرەمنىڭ خادى-مى» دەپ ئاتىدى. ھازىرغىچە خان جەمەتىنىڭ ھەممىلا ئەزالىرى ھۆكۈمەت بەرگەن ئا-ىلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. خەزىنىدىن خالىغىنىچە پايدىلىنىش، خەلقتىن زورلۇق - زوم-بۇلۇق بىلەن باج يىغىش بۇ يەردە يوق. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دۆلەت قانۇنىدا: ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ خان جەمەتى ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بار، دەپ بېكىتىلگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پۇقراسى مۇھەممەت قاسىم ئەمىن بۇخارى مېنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى توغرىسىدىكى سوئالىمغا يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەردى.

مەن بۇ پادىشاھلارغا قىزىقىپ قالدىم، بىر قالاق خەلق، ياشايدىغان ئۇنۇمسىز تۇپراق ئۈستىدە يېقىنقى 60 - 70 يىل ئىچىدىلا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىش بولغانلىقى، بۇ ئۆزگىرىشنى ياۋروپادىكى ئىلغار سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ ياكى ئامېرىكىدەك، ياپون-يىدەك سانائەت تەرەققىياتى تېز بولغان دۆلەتلەرنىڭ 200 يىللىق تەرەققىياتىغا سې-لىشتۇرۇشقا بولىدۇ. بەزىلەر: «ئەرەبلەر نېفىت بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ. نېفىتى تۈگە-سىلا ئۇ دۆلەتلەر تۈگەيدۇ» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر: «ئەرەبلەردە پۇل جىق، لېكىن

ئۇلار ئېلىدىم - پەن، سانائەتتە يەنىلا قالاق» دېيىشىدۇ. مەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللار بۇ گەپلەرنىڭ خاتا ياكى بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. هازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى: دۆلەت ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، ئالىي مائارىپ تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى يۇكسەك دەرىجىدە ياخشىلانغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بولۇپمۇ، يەرلىك سانائەت بىلەن سودا - سېتىق ياۋروپا ئورتاق بازىرىغا قاتناشقان دۆلەتلەردىن ئۈستۈن دىگۈدەك يۇكسەلگەن. شەھەرلىرى، يوللىرى، قاتناش، ھەربىي ئىشلىرى يۇقىرى دەرىجىدە زامانىۋىلاشقان بىر زامانىۋى دۆلەت. بۇ دۆلەتنىڭ يولى، بايلىقى بولۇپلا قالماي، يەنە مۇكەممەل دۆلەت قانۇنى، ئۆزىگە خاس دېموكراتىيىسى، خېلى قاتتىق تۈزۈم - تەرتىپلىرى بار.

مەن بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بىلىشكە قىزىقتىم، بۇ دۆلەتنىڭ قايتا قۇرغۇچىسى بولغان مەلىك ئابدۇلئەزىز بىن ئابدۇراخمان سەئۇد (الملك عبدالعزيز بن عبدالرحمن آل سعود) خۇددى مۇھەممەت پەيغەمبەردەك ساۋاتسىز ئادەم تۇرۇقلۇق، بۇ ئەمەۋىلەرنىڭ ئاخىرقى ئادىل پادشاھى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز 719 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا بىر نەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىپ، پارچىلىنىپ ئابباسىلار، ئوسمانلىلار تەرىپىدىن ئۈزۈن يىللار مۇستەملىكە قىلىنىپ خارابلاشقان دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ گۈللەندۈرەلىدى؟

مەن مۇشۇ مەسىلىدە ئىزدەندىم. بىلەرمەنلەرگە مۇراجىئەت قىلدىم ۋە ئانچە - مۇنچە بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالدىم. مېنى بۇ ئىشتا بىلىم ۋە ساۋادقا ئىگە قىلىشتا زىيرىكمەي ياردەم قىلغان ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەت قاسىم ئەمىن بۇخارى ئاكىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(بېشى 90 - بەتتە)

شۇ تاپتا قايىم بۇ تىلەمچى ئايالنى ئۆيىگە نېمە دەپ ئەكىرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەيدۇ. ئىش قىلىپ خۇددى يوقاتقۇچى ھېسسىيات ئۇنى ئەشۇنداق غەلىتى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ... قىز قايىمغا قاراپ ئىللىق بىر تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ، ساپايىنى سوقۇشقا باشلىدى. قايىم ئۇ نەغمىنى ئېسىدە ساقلاپ قالدى. قىز قايىمنىڭ تۈكلۈك قوللىرىنى ئاستا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كونۇپكىسىنى ئۆزى باستى».

بۇ تەپسىلاتلاردىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشى تېخى قىزلىق ھاياسى پەردىسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىشىگە نىسبەتەن غەيرىي تەسىر بەرمەي قالمايدۇ.

ئومۇمەن قىلغاندا، «ئۇيقۇلۇق سەھەر» ھېكايىسى يۇقىرىدىكىدەك ئازغىنە يېتەرسىزلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلغار تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بىلەن ئىجادىيەت بېغىمىزدا ئېچىلغان يەنە بىر خۇشپۇراق گۈل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئاپتورنىڭ يەنىمۇ تىرىشىپ، تۇرمۇشنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى كىشىلەر تېخى تونۇپ ھېس قىلمىغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئىجادىيلەپ چىقىشقا تىلەكداشمىز.

ئەمەت دەرۋىش

## ئىجادىي ئىزدىنىشنىڭ شېرىن مېۋىسى

«زېمىن، قارا ئادەملەر دېگەن، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا!» قاتارلىق پوۋېستلىرى ۋە بىر قىسىم قىزىقارلىق ھېكايىلىرى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان يولداش ئەختەم ئۆمەر پىروزا ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىغا تەقدىم قىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرى تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، تاللانغان ۋەقەلىكنىڭ راۋان، ئاممىباپلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ يەڭگىل ۋە خاس يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىتابخانىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىلى 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيقۇلۇق سەھەر» ناملىق ھېكايىسى يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلىرىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتۇپ بەرگۈچى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور تىلەمچىلىك كەسپىي ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامداشقا ئادەتلەنگەن بىر ئەۋلاد كىشىلەر بىلەن تىلەمچىلىكنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا چىش تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇپ، مېھنەت ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامداشنى ئاساسىي مەقسەت دەپ بىلگەن باشقا بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ئىشقى-مۇھەببەت ۋەقەسىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانىي مېھرى-مۇھەببەتنىڭ ھەممىسىنى يېڭىشقا قادىر كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش بىلەن بىرگە، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرىنىڭ ساداقەت، سەمىمىيلىك ۋە توغرۇلۇق ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئىنسانىي مۇھەببەتكە ھالال مېھنەتنى بىردىكتۈرۈپ قارايدىغان ئېسىل ئەخلاقىغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

بىز ھېكايىنى ئوقۇشىمىز بىلەنلا كۆز ئالدىمىزغا ئاتا كەسپىنىڭ سادىق ۋارىسى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە پارچە نانغا تەلمۈرۈشكە ئادەتلەنگەن تىلەمچى




ئايال سىياقىدىكى قىزسا ئادەت بىلەن، ھالال ئوقەتلىك ئائىلىنىڭ ئەركە ئوغلى قايىمنىڭ كومىدىيىلىك پائالىيىتى نامايەن بولىدۇ. دەسلەپتە تىلەمچى ئايال سىياقىدىكى قىزسا ئادەتىنىڭ كىيىملىرى قولىدىكى پارچە-پۇرات نان، پاكى ئاتىغا يـ

لىرىنى ئىپادىلەشكە سەرپ قىلىنىدىغان بىردىنبىر دەسمايىسى بولغان ساپايىنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى يېقىملىق ئاۋازغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئاۋازىغا مۇشتاق بولۇپ، ئۇنى قايتا ئاڭلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئالغۇغا ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان قايىم سائادەتنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرۇمالىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى تولۇن ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ، ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاتا ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي، سائادەتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، تىلەمچىلىككە كۆنۈش شەرتى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ بارىدۇ. ئۆز ئوغلىدىن كەلگەن بۇ خىل ئېزا- ئاھانەتكە چىدىمىغان دادا ھەسرەت ئىچىدە ئېغىر كېسەللىككە مۇپتىلا بولىدۇ. لېكىن، سائادەتلەر ئائىلىسىنىڭ تىلەمچىلىك كەسپى بىلەن قىلىنغان تاپاۋەت ئارقىلىق زامانىسىغا يارىشا ياسالغان ئالىي جاھازىلىق ئۆيدە تۇرۇپ سائادەتنىڭ بۇ ئۆيگە خۇيمۇ ماسلاشقان ھۆرى- پەرىدەك گۈزەل جامالىدىن قانغىچە ھوزۇرلىنىۋاتقان قايىمنىڭ كاللىسىدا ئىككى يول: يەنى، ئىشقى-ھۇھەببەتكە چېتىلغان تىلەمچىلىك ئارقىلىق ھايات كۆچۈرۈش يولى بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ھالال مېھنەت بەدىلىگە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش يولى روشەن گەۋدىلىنىپ، ئۆز ئارا كەسكىن مۇنازىرە باشلىنىدۇ. سائادەت پادىشاھنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق تىلەمچىلىكنىڭمۇ ئوغۇرلۇق قىلغاندىن، بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قايىمنى بۇ يولغا چۈشۈشكە رىغبەتلەندۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن قايىمدا ھالال مېھنەت ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈش ئىدىيىسى غالىپ كېلىپ سائادەت باشلىغان تىلەمچىلىك يولىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ھېكايىنىڭ دىراماتىك توقۇنۇشى دەل مۇشۇ ئېپىزوتلاردا ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. دەسلەپتە سائادەتنىڭ گۈزەل جامالىغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىزلا كۆنگەن قايىمنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرىدىن ۋاز كېچىپ، جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشى كىتابخاندا قايىمنىڭ ئىرادىسىزلىكىگە نىسبەتەن باشقىچە ھېسسىيات ئويغاتماي قالمايدۇ. لېكىن، ئاپتور بۇ ئېپىزوتلارغا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقىغا بولغان چۈشەنچىسىنى كىشىلەرنىڭ ماكانغا ئەمەس، بەلكى زامانغا لايىقلىشىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئارزۇسىنى تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈۋەتكەن. زامانىمىز ياشلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك يۈكسەك غايە كۆز قارىشىنى يەنى نوقۇل ھالدىكى شەخسىي بەخت كويىدا ھەپىلىشىپ ئۆزىنىلا ئويلاپ يۈرۈيدىغان شەخسىيەتپەرەسلىكنى ئەمەس بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ئۈمىدۋارلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئادەتلىنىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئىنسانىي غايە كۆز قارىشىنى تەرغىپ قىلغان.

دۇرۇس، سائادەتنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، تىلەمچىلىك كەسپى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغاندىن، بۇلىغاندىن مىڭ ھەسسە ياخشى. بۇ كەسىپكىمۇ

ئاز-تولا مېھنەت، يەنى كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ تۇرۇش، ساپايى تۇرۇش، ناخشا ئوقۇشقا ئوخشاش مېھنەتلەر سىڭگەن بولىدۇ. لېكىن، بۇ بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قايسى خىل مېھنەت بىلەن كەلگەن بەختنىڭ ھەقىقىي بەخت ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، قايىمنىڭ ياسىداق ئالىي جاھازىلىق ئۆيىدىن ۋاز كېچىپ، تىلەمچىلىك كەسپىنى تاشلىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ جەريانغا سىڭدۈرگەن ئىدىيىسىدىن بىز ئاپتورنىڭ سائادەتكە ئوخشاش كونا ئەنئەنىگە پۈت-قولى چۈشۈلۈپ ئۇنىڭ تار رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە، كەسپىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ماكانىنى يېڭىلاشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ياشلاردىن دەۋر نېمىلەرنى كۈتۈۋاتقانلىرىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ماكسىم گوركى: «يازغۇچى شۇنى ياخشى بىلىشى ۋە ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى كېرەككى، ئادەم ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بويىچە «ياردەماس» ئەمەس ... ئادەملەر ئوڭاي يول بىلەن بايلىق توپلاشقا ۋە باشقا ھەر خىل ئېپلاشلىقلارغا ئېنتىلىدۇ» دېگەنىدى. گوركىنىڭ بۇ سۆزىدە تۇرمۇشنى ئۇنىڭ بەدىئىي پىكرى ئارقىلىق قان بىلەن گۆشتەك ئاجرالماس بىر گەۋدە قىلىپ، قايتا ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت دەپ تونىغان يازغۇچىدىن كۈتىدىغان تەلەپ ۋە ئۇ ئارقىلىق يېتىدىغان نىشان ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مەلۇم تەرەپتىن قارىغاندا يەنە ئۇنىڭدا يازغۇچىلارنىڭ ئادەملەرنى قايسى يولغا قانداق باشلاش كېرەكلىكى ئېنىق يەكۈنلەنگەن. تىلەمچىلەر تۇرمۇشىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدىغان نورمال ئەھۋال، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل تۇرمۇش كۆرۈنىشى. لېكىن، بۇ خىل تۇرمۇش كۆرۈنىشىنى بەدىئىي ئەدەبىيات پورمىسىدا قانداق ئىپادىلەش، نېمە مەقسەتتە ئىپادىلەش جەھەتتە تېخى ھېچكىم ئىزدەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ تېمىنى يورۇتۇشقا جۈرئەت قىلغان ئاپتور يازغۇچىغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، تار رامكا ۋە پۇچەك ئەقىدە تۈپەيلى زامانىغا نەزەر سالالماي بىچارە ھالەتتە ئېگىراۋاتقان بەزى ياشلارغا تۇغما تەبىئەتكە ماس بولمىغان غەيرىي ئىللەتلەردىن ئۈزۈل-كېسىل ئازاد بولۇپ، ئىقتىسادىي ھالاۋەتنى ئادەمگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغۇچى مەنىۋى ئەخلاق بىلەن بىرلىكتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ھەقىقىي بەختنىڭ تەمىنى تېتىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا بولغان قارىشى، تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى ئوخشىماسلىق سەۋەبلىك بەخت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ ئوخشىماي كەلدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ بەخت دېگەن بۇ ئۇقۇمغا بېرىلگەن تەبىرمۇ ئوخشاش بولمىدى. بۇ ھال ھازىرمۇ، كەلگۈسىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، دەۋرىمىز ياشلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بولۇپمۇ ھاياتىنىڭ پۈتكۈل مۇساپىنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارغا سەرپ ئېتىمەن دېگەنكىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەخت ئەشۇ مۇددىئا يولىدا ئېرىشكەن مېۋىدىن كەلگەن خۇشاللىق لەززىتى بولماستىن، بەلكى ئەشۇ مېۋىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا دۇچ كېلىۋاتقان مۇشەققەت پەيتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى بولۇپمۇ دەۋر ياشلار ئالدىغا قويغان

جاپالىق، ئەمما شەرەپلىك ۋەزىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونىغان ئاساستا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمىغان، بەلكى ئاز تولا مېھنەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بېيىشىنى مەقسەت قىلىدىغان تىلەمچىلىك كەسپىگە ئەقىدە تۇپەيلىۋارىس بولۇپ يېتىشىپ چىقىۋاتقان سائادەت ۋە ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيگەن قايىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن مۇھەببەت ۋەقەسى ئارقىلىق كىشىلەرگە خورلۇق ھېس قىلىنىدىغان بۇ كەسىپنى ئۆزگەرتىش مۇددىئاسىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتىي ياشلىق كۈچىنىڭ ئېمەلەرگە، قانداق ئىشلارغا سەرىپ قىلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن.

— مەلۇمكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلەپ چىققان ئاساسىي مەزمۇنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئەشۇ مەزمۇنلاردا گەۋدىلەنگەن مەلۇم ئىدىيە ۋە ئۇنى تېرەنلىككە ئىگە قىلغۇچى ھاياتىي كۈچىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە روشەنلىككە ئىگە قىلىنغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ نۇقتىدا ھېكايىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى رېئاللىق ھالەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تەبىئىي مۇناسىۋەتلىرى ئىچىدىن مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى ھادىسىلەر بىلەن پىششىق تونۇشۇپ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى پۇختا ئىگىلىگەن ئاپتور تونۇشقان ۋە ئىگىلىگەنلىرىنى -يېڭىچە ئىدىيىۋى تونۇشتا ئىپادىلەپ بېرەلىسە ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىدىيىۋى كۈچى شۇنچە جانلىق ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. «ئۇيغۇلۇق سەھەر» ھېكايىسى ئۆزىدە كۆتۈرۈپ چىققان يېڭىچە ئىدىيىۋى پىكىر بىلەن بۇ تەلەپنىڭ ئۆلچەملىرىگە خېلىلا يېقىنلاشقان دەپ ئېيتالايمىز. يېڭى زاماندا تۇغۇلغان بولسىمۇ، زاماننىڭ يېڭىلىقلىرىدىن ئەقىدە تۇپەيلى خەۋەرسىز قېلىپ (ياكى ئۇنىڭغا ماسلىششقا جۈرئەت قىلالىماي) بەختىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇمىغان، دۇنياغا ۋە تۇرمۇشقا تېخى مەقسەتتە ئەمەس بەلكى ئەقەللىي بىر تونۇشتىمۇ بولمىغان بىر قىز بىلەن ئوخشاشلا بىر دەۋردە تۇغۇلغان بولسىمۇ، قىزغا نىسبەتەن مەلۇم ئىلغار تۇيغۇغا ئىگە يىگىت ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىشقى-مۇھەببەت ئۆز ئارا بىرىكىش ھاسىل قىلىپ، ئاخىرىدا قايسى يوسۇندا داۋاملاشقان تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي لەززەتلىك تۇرمۇش بولىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشقا قايسى مەقسەتتە قاراشنىڭ لازىملىقىدىن ئىبارەت تۇپكى نۇقتا ئەسەردە خېلىلا روشەن يورۇتۇلغان. گەرچە قايىم باغلانغان ئىشقى-مۇھەببەت رىشتىسى، ئىككى ياشنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئۈزۈلۈش گىرداۋىغا بېرىپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇ قىزدىكى ئويغۇنۇش ۋە تونۇشتا ئۆزگىرىش ياسىشى تۇپەيلى يەنىلا مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە چىڭىيىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قايىمنىڭ سائادەت كەيدۈرگەن جەندە ۋە ساپايىلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھېچبىر تەۋرىنىشسىز ھالدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېتىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سائادەتنىڭ ئوتلۇق مېھرى - مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى ياشلارنىڭ مۇھەببەتكە ھالال مېھنەتنى بىرىكتۈرۈپ قارايدىغان، تۇرمۇشنى مەلۇم مەقسەتتە تونۇپ، ئۇنى ھالال مېھنەت بىلەن گۈللەندۈرۈشكە، ئاۋۇندۇرۇشقا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ ئىنچىكە ھالدىكى بەدىئىي سۈرىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خالاس. بۇ ئىدىيە تۆۋەندىكى ئېپىزوتلاردا مەركەزلىك كۆرۈلىدۇ:

«ساﺋادەتنىڭ نۇرلۇق، قارا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى ئورۇقلاپ، سارغىيىپ قالغانىدى، ئۇ ئويغۇنۇپلا قايىمغا قايغۇلۇق نەزەردە قارىدى.

— سىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بۈگۈنكىدەك تاتلىق ئۇخلاپ باقمىغانىدىم، ئاتىمىز... — دەپلا بېشىنى تۆۋەن سالدى ئۇ.

— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — قايىم يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، پۈتۈپ قالغان ئاۋازىنى يېرىم ياتا چىقىرىپ سورىدى.

— سىزنى دەپ ...، — ساﺋادەت بېشىنى كۆتەردى. قايىم ئۇنىڭ كۆز چاناقلى-رىدا سىماپتەك لىغىلداپ تۇرغان ياشنى كۆردى.

— تالاغا چىققانىدا كېيىدىغان ئىگىن — ئايىغىڭ قېنى؟

— ئۇنى، ئۇنى ... ئەمدى ماڭا سىز بولمىسىڭىز... باشقا ھېچكىمنىڭ لازىمى يوق. بىلمەيتىكەنمەن. بولدى ئەمدى ئۇنى سورىماڭ، خوش بولاي سىزدىن.

ساﺋادەت قايىمنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى...» ئېنىقكى، ساﺋادەت ئىدىيىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ياساپ، ئۆزىگە خاس تۇرمۇش يولىغا كىرىش مەقسىتىدە قايىمنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە يۇۋاشلىق بىلەن باش ئېگىدۇ. ھېكايىنىڭ دەسلەپكى ئېپىزوتلىرىدا قايىمنىڭ ئاتا — ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىزلا ساﺋادەتنىڭ ئۆيىگە كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە كۆنۈش ئەھۋاللىرىدىن قايىمغا نىسبەتەن غەلىتە قاراشتا بولغان كىتابخان يۇقىرىقى ئېپىزوتلار ئارقىلىق قايىمنىڭ مەردانىلىقىغا، ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭمۇ تۇرمۇش قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالىغانلىقىغا مەمنۇن بولماي قالمايدۇ.

«ئويغۇلۇق سەھەر» ئوڭاي بايلىق توپلاپ، شەخسىي بەختىنىڭ كويىدا ھەپىلىشىش-تىن ئىبارەت يامانسۈپەتلىك شىردىن ئويقىغا غەرق بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلار ۋە تەرەققىياتلاردىن بىخەۋەر قېلىپ، پەقەت تار رۇجەكتىن چۈشكەن سۇس شولىنى دۇنيا-نىڭ راھىتى مۇشۇ دەپ تونۇغان كىشىلەرگە نىسبەتەن رۇجەكنى ئەمەس، بەلكى ئە-شىكنى داغدام ئېچىپ، قۇياشنىڭ ھەقىقىي نۇرىنى كۆرۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن چاراقلىق قوڭغۇراق بولۇشى سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئۇنىڭدىكى ھەر — بىر تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا سىڭگەن مەلۇم پىكىر ئەشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش يولىدا تېپىۋال-غان جاراھەتلىرىگە شىپالىق دورا بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل ئىدىيىنى ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ ئاساسلىق يىپ ئۇچى بولغان ساﺋادەتنىڭ كەسپكە خاس پورىمىدا سەھنىگە چىققان دەسلەپكى كۆرۈنۈشلىرىدىن ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىز.

ھەممىمىزگە ئايانكى، بالاغەتكە يەتكەن بىر قىزنىڭ ياشلىقتا پەقەتلا ماسلاشمىغان ھالدا كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە پارچە نانغا تەلمۈرۈشى ئۇيغۇر مىللىي مۇھىتىنىڭ يەكلىشىگە ۋە نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. ئەمدى، ئەشۇ بالاغەتكە يەتكەن قىز نېمە ئۈچۈن سائىللارغا خاس پورىمىدا سەھنىدە كۆرۈنىدۇ؟ ئاپتور بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغاندا، ماكانىنى دەۋر قىل-غان يەرلىك ئالاھىدىلىكلەردىن كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىزدەشكە ئېتىبار بىلەن قا-رىغان. ئۇيغۇرلاردا سەدىقە يەتتە خىل كىشىگە راۋا بولىدۇ، دەيدىغان بىر خىل قاراش

بار. بۇ يەتتە خىل كىشى ئاساسەن، تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە مادارى يوق، قېرى، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر تەندەرۇس، قابىل كىشىلەرگە سەدىقە بېرىلسە بۇ خىل سەدىقە بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ئۈچۈن چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشنىڭ گۇناھلىق تەرىپى بەرگۈچى ئۈچۈن تەندەرۇس، مادارلىق ئالغۇچىنى مېھنەتسىز تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە كۆندۈرۈپ قويغانلىق تەرىپىدە بولسا، ئالغۇچى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەندەرۇس، قابىل تۇرۇغلۇقمۇ ھالال مېھنەت بىلەن تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈشتىن باش تارتىپ، پارازىتلارچە ھايات كەچۈرۈش يولىغا چۈشۈپ قالغانلىق تەرىپىدە بولىدۇ. ئاپتور بۇ نۇقتىدا مىللەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى بىلەن مەھەللىۋى ئادەتنىڭ بىر - بىرىگە زىت تەرەپلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئادەتنى ئومۇمىي خاراكتېرغا بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت مۇددىئاسىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

«ئويقۇلۇق سەھەر» ھېكايىسى رېئاللىنى ۋەقەلەرنى ئىدىيىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يورۇتۇپ، كىشىلەرنى مەلۇم تەربىيىگە ئىگە قىلغانلىق تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى ھېكايە ۋەقەلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنىڭ چىنلىقى ۋە ئىنسانىنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى تەشكىل قىلغۇچى نازۇك ھېسسىياتلىرىنى مىللىي خاسلىقتا، ئۆزىگە خاس ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىمۇ بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. قارايلى، ھېكايە ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچى سىيۇژىتىدا سەھنىگە چىققان قايىم بىلەن سائادەتنىڭ بولۇپمۇ، بۇنى كۆرگەن قايىمنىڭ ئىشقى-ھەۋەس ئوتىنى سائادەتنىڭ قەلبىگە تۇتاشتۇرغان نازۇك تەپسىلاتلاردىن تاكى سائادەتنىڭ ئىككى قاتلانغان دوخاۋا كۆرپىدە بىھوزۇر ئولتۇرۇپ مۇھەببەت كەمىرىنى قايىمنىڭ يۈرىكىنى نىشانلاپ ئاتقانلىقىغا قەدەر، قايىم سائادەت تەرىپىدىن باغلانغان ئىشقى رىشتە بىلەن يۆتۈلۈنۈپ، سائادەتنىڭ ياسىداق ئۆيىدە ياشلىق ھەۋەسىنىڭ بۇلاقلىرىغا قانغىچە چۆمۈلگىنىگە قەدەر بولغان تەپسىلاتلاردىكى كىشى قەلبىنى تىترەتكۈچى نازۇك ھېسسىياتلار كىتابخاننى تەبىئىي رەۋىشتە ئەشۇ مۇھىتقا ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ ھال ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش يېقىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى.

ھېكايە يۇقىرىقىدەك ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە ئەشۇ مەزمۇننى يورۇتقۇچى ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىر قەدەر ياخشى چىققان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئۇنىڭدا يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئەگەشكەن ئايرىم نۇقسانلارمۇ بار. بۇ ھېكايىنىڭ باش قىسمىدىكى قايىم بىلەن سائادەتنىڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىشى تەسۋىرلەنگەن ئايرىم ئىپىزوتلاردىن بەزىبىر تاسادىپىلىقلارغا يول قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

قايىم سائادەتنىڭ ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ياشلارغا خاس بەزىبىر چاخچاقلارنى قىلغاندا سائادەت ھېچبىر قارشىلىقسىزلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ ۋە دوخاۋا كۆرپىدە ئولتۇرۇپ ناخشا ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىدۇ، قايىمنىڭ ئۇيغالغۇ كونۇپكىسىنى بېسىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇقلۇق، قايىمنىڭ ئۆزىگە ئىزھار قىلىۋاتقان ئىشقى-مۇھەببەت تۇيغۇلىرىغا قىلچە قارشىلىق بىلدۈرمەي، كونۇپكىنى باسىدۇ: «قايىم ئايالنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئايال بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغاندەك، ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ئاندىن ھويلىغا كىردى.

(ئاخىرى 84 - بەتتە)

تۇرسۇن ھامىت


## نەسىرىددىن رابغۇزى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى» ئەسىرى ھەققىدە

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا پىروزا ژانىرى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە زور شۆھرەت قازانغان مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ بىرى نەسىرىددىن رابغۇزىدۇر.

نەسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رابغۇزى قەشقەرگە قاراشلىق ئۇلۇغ يوللۇغ رابات ئوغۇزدا تۇغۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ئاپتور ئۆزىگە رابغۇزى دېگەن ئىسىمنى تەخەللۇس قىلغان. ئۇلۇغ ئاتلىغ قۇتلۇغ زاتلىغ دەپ تەرىپلەنگەن نەسىرىددىن رابغۇزى XIII – XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا بىلىملىك ئادىمى بولۇپ رابات ئوغۇزدا قازى بولغان، ئۇ بۈيۈك پەيلاسوپ، ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى، «تارىخى خانى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى چوڭقۇر بېرىلىپ ئوقۇغانىدى. ئۇ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى سۇدەك بىلىدىغان كىشى ئىدى.

ئۇ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەت ۋە ئەپسانىلاردىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 1309–، 1310–يىللىرى «قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. رابغۇرى بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر چۈشەنچىلىرى بىلەن بېيىتىپ تولۇقلىغان. بۇ زور ھەجىملىك ئەسەرنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى رومانلارنىڭ بىرسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەسەر «قەسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. شۇ نام بىلەن خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلار ھېيت-ئايەم، نوروز بايرىمى، سەيلە مەشرەپلەردە، توي-تۆكۈنلەردە ئەسەرنىڭ پارچىلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ۋە بېرىلىپ ئاڭلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈن تۈركى خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە كۆپ ئوقۇلغان. ھەتتا نۇرغۇن ھېكايەتلەر، رىۋايەتلەر ئېغىزدىن – ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن.

«قىسسەئى رابغۇزى» ئەسىرى چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا پىروزا بىلەن يېزىلغان كىتابىتىكى قىسسەلەرنىڭ ئارىلىرىغا مەدھىيىلەر، گۈزەل لىرىك شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. رابغۇزىنىڭ بۇ لىرىك پارچىلىرى كىتابىتىكى ۋەقەلىك مەزمۇنى ۋە گۈزەل تەسۋىرلەر بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. «قىسسەئى رابغۇزى» ئەسىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تەرىپلىگەن خاقانىيە تىلى– قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ نەسىرىددىن رابغۇزىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ تىل، پىكىر ھېسسىيات، تەسۋىر جەھەتلەردىن زور تەسىرىگە



ئۇچرىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

«قىسسەئى رابغۇزى» دىكى لىرىك شېئىرلاردا، بىر قىسىم تەسۋىرلەردە بولۇپمۇ «باھارىيات» شېئىرىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «باھار مەدھىيىسى» بىلەن پىكىر، ئوبراز جەھەتلەرگىچە مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىق بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. قىسسەئى ئەسەرنىڭ تىل ئۇسلۇبى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى ياكى ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ئەسەرىدە تىلغا ئېلىنغان قەشقەرچە تىل ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك» تەك بۈيۈك ئەسەرنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ داۋاملاشقانلىقى، ۋارىسلىق قىلىنغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

نەسىردىن رابغۇزى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا پىروزا ژانىرىغا ۋە لىرىك شېئىرلاردىكى غەزەلىياتقا ئاساس سالغۇچىلار قاتارىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

«قىسسەئى رابغۇزى» كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى پىروزىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، تەسىرى چوڭ مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

«قىسسەئى رابغۇزى» XIII – XIV ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر پىروزىسى ھەم شېئىرىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىش شۇ دەۋرلەردىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنى تەتقىق قىلىش ھەم شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسەرنىڭ ئەسلى قوليازما نۇسخىسى تېپىلمىغان. XV ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى لوندوندىكى ئۇلۇغ بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان. XVI ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

كىتاب «قىسسەسۇل ئەنبىيا رابغۇزى» نامى بىلەن قازاندا 1859 – يىلدىن 1881 – يىلغىچە بەش قېتىم نەشر قىلىنغان. 1895 – يىلدىن باشلاپ تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان. تاشكەنت نەشرىدە تىل جەھەتتىن ھازىرقى زامان تىلىغا يېقىنلاشقان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن قىسمەن ئۆزگىرىش بولغان.

تۆۋەندىكى پارچە 1881 – يىلدىكى قازان نەشرىدىن تاللاپ ئېلىندى:

باھارىيات

كۈن ھەمەلغە كىردى ئىرسە كەلدى ئالەم نەۋروزى،
كەچتى بەھمەن زىم مەردىر قىش قالمەدى قارى – بۇزى.

(ھەمەل كۈنلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن ئالەمگە نورۇز كەلدى. زىمىستان سوغۇق قىش كېتىپ قار مۇزلار ئېرىپ تۈگىدى.)

كۈن كىلەرمىك كۆركى ئارتىپ تىزدىلۇر ئۆلمىش جاھان،
تاڭ پەزىرلەپ نەقىشى بىرلە بىزە نۇر بۇ يەر يۈزى.

(كۈنلەر مىڭ خىل گۈزەللىك بىلەن كەلدى، جاھاندىكى پۈتۈن ھايات تىلىق تىرىلدى، تاڭ يەر يۈزىنى گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزىۋەتتى.)

تاڭ ئاتاردە تۆرت ساردىن ئىسنە يۇر بادى سەبا،
كىلك يۇرەر كىندىك يەپارتىك ئىسلە نۇريا بان يۇزى.

(تاڭ سەھەر ۋاقتىدا ھەر تەرەپتىن شامالّلار چىقتى. دالالار ئىپاردەك خۇش پۇ-
راقلار بىلەن تولدى.)

تىرلىگى بىكىن ياغىزدىن ئۇياغى ياشىل قىزىل،
ئارەسى بۇ تاق ياپۇرغاق تول چېچەكلەر تۇپ تۇزى.

(كەڭ كەتكەن قارا چىلان يەرلەر يېشىل قىزىل تۇس ئالدى، شاخ - پۇتاق يو-
پۇرماقلار ئارىسىدا تۇرلۇك چېچەكلەر ئېچىلدى.)

ئۆرلىسە يىغلاپ بۇلۇتلەر، كۇل چىقار بوستانۇ - باغ،
تال يىغاچلەر ئەڭ سالىشۇر ئۇينا يۇربىگ، باي قىزى.

(بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ كۆزىدىن ياش تۆكسە باغۇ - بوستانلار گۈللىدى. دەل -
دەرەخلەر ئىغاڭلاپ بەگ-باي قىزلىردەك ياسىنىپ ئويناشتى.)

كىرشانى قىرقانى ئەگىلىك ياقسا تاغلەر سۇرەتى،
تولىغى تەنسۇق تاۋاردىن رۇم، خىتاي ئەتلەس جۇزى.

(دالا قىرلار شەپەق بىلەن نۇرلىنىپ تاغلار قىزىل ئەگلىك ياققاندەك كۆرۈندى.
رۇم جۇڭگونىڭ زەر ئەتلەسلىرىدىن تون كەيدى.)

لالە سەفراقىن ئاچاردە سايراپ ئىسرۇرسەندۇ ۋاچ،
تۇرنا ئۇن تارتىپ ئۆتەردە سەكرەشۇر پاقلان قوزى.

(لالە گۇللىرى ئېچىلغاندا بۇلبۇل ئۇنلۇك سايرىدى. تۇرنىلار سايراپ ئۆتكەندە
يەردە قوزا - پاقلانلار سەكرەپ ئويناشتى.)

كۆكتە ئويناپ قول سالىشۇر قوۋ، قاز، قىل، قەرلىغاچ،
يەردە ئويناپ جۇپ ئالىشۇر ئاسى، كىش، قۇندوزى.

(ئاسماندا غاز، ئۆردەك، قىل قالىغاچلار قانات قاقسا يەردە قاما، كەمچەت،
قۇندۇزلار جۇپ بولۇشتى.)

نايىشكەرلەر مۇنبەردىدە تۇتى قۇش مەجلىس تۇتار،
قومرى بۇلبۇل مۇقرە بولۇپ ئۇن تۇزەر تون كۇندۇزى.

(شىر دىلىكلەر مۇنبىرىگە شاتۇتىلار تۇپلانسا پاختەك ۋە بۇلبۇللار مەس بولۇپ
كېچە كۇندۇز سايراشتى.)

بىر ياغىز يەر كۆك مەگىزلىك پاشنا يۇر مەيدان بولۇپ،
ئوفرەشۇر ئايتە چېچەكلەر تىگرەسىندە يۇلتۇزى.

(قوڭۇر يەرلەر كۆپ - كۆك ئاسماندەك ياشناپ كەتتى، چېچەكلەر ئاي ئەتراپى-
دىكى يۇلتۇزدەك جىمىرلىدى.)

ھور ئەيىن ئۇجماغ ئىچىندە ئىلك سالۇر تەھسىن قىلۇر،
ياز ئۇزە مۇنداغ غەزەلنى ئەيدى ناسىر رەبغۇزى.

(ھۆر قىزلار جەننەت ئىچىدە مەدھىيە ئوقۇدى. باھار توغرىسىدا بۇ غەزەلنى نەس-
ردىن رابغۇزى ئېيتتى.)

× ×

زۇلەيخانىڭ كۈندىن - كۈنگە ئىشقى غالىپ كەلدى. ئۇ بىر كۈنى يۇسۇپنى بوستانغا چاقىردى. ئېيتتى:

— ئەي يۇسۇپ مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر نەرسە بار ھېچ ئۆزەمگە سۆزلەمە يۇۋاتىمەن

يۇسۇپ ئېيتتى:

— مەن كۆڭلۈڭدە نېمە بارلىقىنى نەدىن بىلەي؟ زۇلەيخا ئېيتتى:

— سېنى سۆيىمەن.

يۇسۇپ ئېيتتى:

— مېنى سۆيگىچە ئۆز ئېرىڭنى سۆيگىن.

زۇلەيخا ئېيتتى:

— ھېچ سەبرە تاقىتىم قالمىدى مېنىمە قىلاي؟ ماڭا بىر نەسىھەت بىلەن پەند ئۆگەتكىن.

يۇسۇپ ئېيتتى:

— بۇنىڭ چارىسى سەبىردۇر، سەبرە قىلغىن. مېنىڭ يۈزۈمگە قارىمىغىن.

زۇلەيخا ئېيتتى:

— مېنىڭ كۆزۈمنىڭ يورۇقى سېنىڭ دىدارىڭدۇر.

يۇسۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىن كېيىن زۇلەيخادىن قاچتى، ئۇ كۈنى قېشىغا كەلمىدى. تاڭ سەھەردە زۇلەيخا يۇسۇپنى قىچقىرىتتى. زۇلەيخا ئېيتتى:

— ئەي يۇسۇپ، بوستان ناھايىتى كۆركۈپتۇ، تۈرلۈك چېچەكلەر ئېچىلىپتۇ، مېۋىلەر ھاسىل بولۇپتۇ. قوپقىن، بوستانغا بارايلى.

نەزىم:

سەبا ئىسىنە يۈردى، يىغاچ بالقىسالەر،
بۇلۇت يىغلە يۈردى، چېچەكلەر كۈلەر.
بوستان ئىچىندە كىرىپ دائىما،
سېنىڭ بىرلە كۆڭلۈم ئاۋۇنماق تىلەر.

مەنىسى:

تاڭ شامىلى چىقسا دەرەخ شىلدىرلار،
بۇلۇت ياش تۆككەندە چېچەكلەر كۈلەر.
بوستان ئىچىگە كىرىپ دائىما،
سېنىڭ بىلەن كۆڭلۈم شاتلانماق تىلەر.

يۇسۇپ ئېيتتى:

— ئەي زۇلەيخا، مېنىڭ بوستانىم كەينىمدا قالدى، ماڭا بوستان كېرەك ئەمەس.

**مەشھۇر كىشىلەرنىڭ كىتاب ھەققىدە ئېيتقانلىرى**

كىتاب — كېچە-كۈندۈزدىكى ھەمراھ، سىز ئۇنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، ئۇ كۆڭلىڭىزنى باسقان دەرد - ھەسرەتلەرنى ئۇنۇتتۇرىدۇ، سىزگە بىلىم بېرىپ قابىلىيىتىڭىزنى ئاشۇرىدۇ؛ ئۇ ئەزەلدىن ھەسەت قىلمايدۇ، يامانىدىن بىزار بولۇشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ؛ ئۇ ھامان تاپشۇرۇقىڭىزنى ئەستايىدىل ئورۇنلايدۇ، ۋاقىتنىڭ قانچە ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ دوستلۇق ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ.

— ئەلى ئىبنى ئەلى رەھىم

كىتاب — زامانىمىزدىكى ئەڭ ياخشى ئۇلپەت.

— ئەل مۇتەنەببى

كىشىلەر گۈزەل ئەخلاقتا تايىنىپ شان - شەرەپ قازىنىدۇ، كىتابقا تايىنىپ مەڭگۈ نام قازىنىدۇ.

— فرانسىسكو پېتراركا

خەنزۇچە «كىتاب ھەققىدە ئەقلىيە سۆزلەر» دېگەن كىتابتىن خوپۇرغوجا تەرجىمىسى.

ئىسمائىل ئىبراھىم

# توپال يېزىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار توغرىسىدا

توپال — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي - جەنۇبىغا جايلاشقان، كۆركەم، مۇنبەت زېمىن، مول سۇ بايلىقى بار بىر يېزا. توپالنىڭ يەر كۆلىمى 1117.8 كۋادرات مېتىر (1.676.787 مو) بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1400 مېتىر كېلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 58.015مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە زېمىنىنىڭ 4.24 پىرسەنتىنى، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 2790 مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە زېمىنىنىڭ 0.17 پىرسەنتىنى، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان يايلاق 171.654 مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ 10.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر يېزا تەۋەسىدە 15 كەنت كومىتېتى، بىر ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، 102 مەھەللىۋى گۇرۇپپا، 5385 ئائىلە، 23178 نوپۇس بار.

«توپال» سۆزى تەخمىنەن مىلادى 300 - يىللىرى «تويپال» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇندىن ئىلگىرى «تاش بالىق»، «ئەل ئىھرام» دەپ ئاتالغان.

توپالنىڭ «تويپال» يەنى تۆت ئەتراپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى چوڭقۇر دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىشى تەبىئىي شارائىتقا ئۇيغۇن. چۈنكى، شەرقىي - شىمالىي قۇمالتاغ، غەربىي بوستان تېرەك تېغى بىلەن، جەنۇبىي قىزىلسۇ قوي قىرمىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ يۇدۇغۋاش يېزىسى بىلەن، شەرقىي ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قارا كېچىك يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە «توي» چوڭقۇرلۇقنى كۆرسەتسە، «پال» سۆزى قىر يەنى ئېگىزلىكنى كۆرسىتىدۇ — دەيدىغان گەپلەرمۇ بار.

دېمەك، توپال تەبىئىي شارائىتى ۋە مەنزىرىسى گۈزەل، سۇ مەنبەسى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، سۇغۇروش ئىشلىرى قولايلىق، قىش - ياز سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئېقىن سۇ ئىچىدىغان جاي. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق كۆپ چىقىدىغان يېزىسى، ئاشلىق ماكانى، شۇنىڭدەك يايلىقى كۆپ، چارۋا بېقىشقا ئەپلىك، چارۋىلىرى كۆپ. توپالدا كان بايلىقلىرىدىن ئاھاك تېشى، ئاش تۇزى كۆپ چىقىدۇ.

توپال - مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەڭ كۆپ جايلاشقان يۇرت، توپالدا 57 ئورۇندا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خارابە ئىزلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت 17 ئورۇن بار:




1) توپالنىڭ قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بوستان تېرەك ئاۋاتى دېگەن يېرىدە تاش قەلئە، ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىغان خارابە ئىزى بولۇپ، توپالغا 27 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2) ئاق دالا قەدىمىي شەھىرى. بۇ ئورۇن ئوپال لىنىڭ شىمالىي، قىرىق بۇلاقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قىزىل جىلغا، لاي ئېقىن دېگەن ئىككى جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ جاينىڭ شىمالىنى مەي توغراق دەپمۇ ئاتايدۇ.

شەھەر خارابە ئىزى - تۆت ئەتراپى دۆڭلۈك، ئوتتۇرىسى ئوي بولۇپ، چوڭ ئېتىزنى ئەسلىتىدۇ. 1972-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانا ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 15 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇندىن 3 - 4 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ماددىي نەرسىلەر قېزىۋېلىندى. مەسىلەن: ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلىنىشقا باشلىغان دەۋرنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدىغان كۆل - كۆمۈر پارچىسى (ئوتۇن كۆمۈرى)، چالا كۆيگەن ئوتۇن، تاش پىچاق، ئۆي سايمانلىرى، سىلىقدالغان تاش قورال، سۆڭەكتىن سۈركەپ ياسىغان ۋاشاق (ئوق ئۇچى)، تاش كەتمەن، تاش ئوغاق، ئىگەرسىمان ياغۇنچاق، سالغا تاش (گىننەك)، تاش تەڭلە، تاش ئۇرچۇق، قۇم سېغىز ئارىلاشتۇرۇلغان كۆك ساپال پارچىسى، سىرلىق ساپال، كېيىنكى دەۋرگە ئائىت مىس پۇل، ساپال چىراغ، چۆيۈن چىراغ قاتارلىقلار. سىلىقدالغان تاش قوراللاردىن 48 دانە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈز ۋە ئەگرى ياسالغان تاش پىچاقتىن 11 سى، ياغۇنچاقتىن 14 ى بار. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە ۋە قەدىمىي رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا بۇ يۇرتنىڭ تارىخىنى 5000 يىلدىن مۇقەددەم دېيىشكە بولىدۇ.

3) يارقورغان — بۇ جاي ئوپال قۇمباغ كەنتىنىڭ شىمالىي، سۆسەرنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان، قەلئە ئىچىگە ئېلىنغان خارابە بولۇپ، غەربىدە ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە سېپىل ئىزى بار. ئەتراپىتىكى تۈزلەڭلىكتە ئادەم جەسەتلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى نۇرغۇن. بۇ جايدا قەدىمىي دەۋرلەردە نۇرغۇن جەڭ بولغانلىقىنى، جەسەتلەرنىڭ قالايمىقان كۆمۈلگەنلىكى، بوراندا ئېچىلىپ قالغان ئادەم سۆڭەكلىرىدىن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

1980 - يىلى 6 - ئايدا كونىشەھەر ناھىيە سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ياقۇپ ئاخۇن يانتاق چېپىش ئۈچۈن قەلئەگە چىققان. دەرۋازىدىن 15 مېتىر ماڭغاندا، بوراندا ئېچىلىپ قالغان بىر ئاتنىڭ تۇۋىقى كۆرۈنگەن. بۇ كىشى شۇ جاينى كولىغان (ئارخېئولوگىيىلىك كولاشنى بىلمىگەن بۇ كىشى قالايمىقان كەتمەن چېپىپ كولىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەر بۇزۇلۇپ كەتكەن). بۇ جايدىن ئات ئۈستىدىكى ئادەم (ئادەمنىڭ سۆڭەكلىرىدىن قارىغاندا، جەڭدە ئۆلگەنلىكى، باتۇر پالۋان ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. چۈنكى، ئۇچىسىدا ياپچاق، ساغدا قىتا ئوقيار بولۇپ، ۋاشاقلىرى مىستىن ئۇچلۇق قىلىپ ياسالغان. ئاتنىڭ ئىگىرى بۇزۇلغان، لېكىن ئېيىلنىڭ ھالقىلىرى ساقلانغان، بىلىدىكى قىلىچ تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، كولاش جەريانىدا كەتمەن تېگىپ ئۈچ پارچە بولۇپ سۇنۇپ كەتكەن). 4 - 5 دانە مارجان (پالۋان بويىنىغا ئاسقان بولۇشى كېرەك) چىققان. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ھەربىي توختايدىغان مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ماددىي پاكىتلار كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلار كۆرگەزمە ئۆيىدە ساقلانماقتا.

بىز ئىزدەلگەن ۋە تەكشۈرۈپ چىققان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، يازما خاتىرە ۋە تەزكىرىلەردىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈلگەن، خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن جايلار بار. مەسىلەن:

(1) 1 - كەنتتە (قەدىمكى ئىسمى قارىۋاش) چىدىر بوستان دېگەن قەدىمكى جاي بار. بۇ كەنتنىڭ شەھەرگە بارىدىغان تاشيول تەرىپىدە «تۇرا» دېگەن جاي بار، بۇ جايدىن ھەر خىل ساپال پارچىلىرى ۋە مىس پۇل چىققان.

(2) قارىۋاش كەنتىنىڭ ئاخىرىدا قاراخان «پادىشاھ مازىرى» دېگەن يالغۇز قەبرە بولۇپ، ئېگىز يار ئۈستىگە قويۇلغان، ئۇنىڭ جەنۇبىدا «پادىشاھلىق دۆڭ»، «خان كۆرۈك»، «ئاغىچە مازار» دېگەن جايلار بار.

(3) 2 - كەنتتە (قەدىمكى ئىسمى بەشباغ) «نۇپاتچىم» دېگەن يالغۇز قەبرە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «نۇپادىشايىم» ئىكەن.

بۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمالىي تاغ باغرىدا «ئالماق ئاتام» دېگەن مازار بار. يەنە «غېرىپ مازار»، «مىرات باخشى تام» دېگەن مازار بار. تاش يول بويىغا يېقىن (پاختا زاۋۇتىنىڭ غەربىي شىمالىدا). سۇ بويىدىكىن مازىرىنىڭ خارابىسى بار. كىشىلەر ئۇنى ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئوغلى — شاھزادە دەپ ھۆرمەتلىشىدۇ. بۇ ئاكا ئۇكا ئىككى شاھزادە بولۇپ، يېڭىچە (قۇمباغ كەنتىنىڭ غەربىدىكى دۆۋىلىك) تىكىچەكدە شېھىت بولغان. ئاكىسى ئويتىلىن 6 - كەنت (كۆكچە توگمەن بېشى) مەھەللىسىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ ئىككى شەخسىيگە تەزكىرە توختىتىلغان بولۇپ، ئەيسا ئىمامدا ساقلانغانىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا» يوقۇلۇپ كەتتى، دېيىشىدۇ.

(4) 3 - كەنتنىڭ (قەدىمىي ئىسمى يارغۇ) 11 - مەھەللىۋى كومىتېتىدا شېھىت مازار، 1- مەھەللىۋى كومىتېت قىلىچ بۇغراخان قەبرىسى بار.

(5) باش يارغۇ، ئوپال ئارت (ئوپۇلات قىرىدىق بۇلاق) نىڭ (ھازىرقى 4 - كەنت) شەرقىي - شىمالىدا قىزىل مەسچىت ئاتام قەدىمكى شەھىرى، ھەزرىتى موللام تېغى، شەرقىي باغرىدا قارا تاش مازار غوجام، موللام تېغىنىڭ شىمالىدا لەگزە (ھازىرمۇ سىدىپلى بار) قاتارلىق جايلار بار.

(6) 5 - كەنتتە (موللام تېغى) مەھمۇد قەشقىرى مازىرى، تۇردۇش غېرىبى مازىرى، ئابدىرېھىم نازارىنىڭ قەدىمكى ئۆيىنىڭ ئىزى ۋە قەبرىسى، ھەزرىتى پادىشاھىم قەبرىسى، يەتتە ئېزىزلىرىم قەبرىسى قاتارلىق مازار ۋە قەبرىلەر بار.

(7) 7 - كەنتتە (قەدىمكى ئىسمى قەييۇم باغ قۇمباغ كەنتى) خۋاجەسە يېپىدىن

مازىرى (مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتا تەرەپ چوڭ دادىسى)، بۇبى رابىيە خېنىم مازىرى (مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئانىسى)، خۇاجە قونار مازىرى بار.

(8) 6 ـ كەنتتە يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان ئوپتىكىن مازىرى، بۇۋى مەريەمخېنىم مازىرى بار.

(9) 9 ـ كەنتتە (قەدىمكى ئىسمى دۆڭ ئۆستەڭ) سۇلتان سېخى ئاتام، ئاغىچى مازار قاتارلىقلار بار.

(10) 10 ـ كەنتتە (ھۆل جىگدە) يۇلغۇن بۇغراخان مازىرى بار.

(11) 12 ـ كەنتتە قىلىچ بۇغراخان ۋە ئاغۇلۇق مازىرى بار.

(12) 13 ـ كەنتتە (قارا ئۆستەڭ «نوقەپ») ئىمامىلىرىم (ئىمام مالىك ئەكبەر، ئىمام مالىك ئەژدەر، شاھ تالىپ سەرمەس) مازىرى بار.

(13) 14 ـ كەنتتە يەرقوتان مازىرىم (سۇلتان سىر ئاتام) بار.

ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي ئىزلاردىن:

(1) مورغ، تاش، قەلئە، ئۇيغۇر نامىلىرى بىلەن ئاتالغان ئىزلار.

(2) ئاق دالا قەدىمىي شەھىرى.

(3) شاھ سۇپا (موللام تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا موللام بېغى كەنتىگە تەۋە).

(4) لەڭزە (ئوپۇلاتنىڭ ئايىغىدا).

(5) شېھىتلىرىم (شېھىتلىكىم) (سۇلتانىباغنىڭ شىمالىدا).

(6) سۇلتانىباغ (موللام تېغىنىڭ غەربىدە).

(7) يار قورغان (قۇمباغ كەنتىدىكى سۆسەردە).

(8) ئازىخ (قۇمباغ كەنتىدىكى سۆسەر ئاغزىدا).

(9) تەكرگاھ (موللام بېغى كەنتىنىڭ غەربىي، نورۇز بۇلاقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە).

(10) نورۇز بۇلاق (سۆسەر ئېقىنىدا)

(11) ماجان بۇلاق (خۇاجە سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ ئالدىدا، قۇمباغقا تەۋە).

(12) خۇاجە قونار (يېپەك يولىدىكى سودا ئالماشتۇرۇش ئورنى دۆڭ ئۆستەڭ كەنتىدە).

(13) دۆلەت بۇلىقى (ھازىرقى قوي خوجۇلۇقنىڭ ئورنىدا).

(14) شور قورغان (قەدىمكى قاراۋۇلخانا، قوي خوجۇلۇقتا).

(15) خان كۆۋرۈك (قارىباش كەنتىدە).

(16) ھەرەم باغ (قارىباش كەنتىنىڭ شىمالىدا «تۇرا» شۇ كەنتىدە).

(17) قورغان (ھازىرقى بازارنىڭ ئورنىدا).

(18) ئەسكى سار شەھىرى (ئىمامىلىرىمنىڭ ئاستىدىكى توغرا قىلىقتا).

(19) باغچا شەھىرى (كۆكچە كەنتىنىڭ ئايىغى، يېپەكچى مەھەللىسىدە). قاتارلىقلار بار.

# تۆت مىڭ تىللالىق تۆت كەلىمە سۆز

(چۆچەك).

قەدىمكى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ مەخمۇت ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، سودىگەر ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. مەخمۇت ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، سودىگەر يۇرتىنىڭ كاتتا مۇدەررىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنى ئوقۇتۇپتۇ، مەخمۇت تىرىشچان، زېرەك بالا بولغاچقا، ئىلمىي ھېكمەت جەھەتتە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۇپتۇ، يىللار ئۆتۇپتۇ، سودىگەر ۋە ئايالىغا قېرىلىق يېتىپتۇ. مەخمۇت 16 ـ 17 ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ، بىر كۈنى سودىگەرنىڭ مەزلۇمى ئېرىگە مۇنداق دەپتۇ: بىز قېرىپ قالدۇق، ئۆلۈم دېگەن قاش ـ كىرپىك ئارىسىدا، ئاۋادا بىزگە قازايى ـ قەدىر يەتسە ئوغلىمىزنىڭ چىرىقىمىزنى ياندۇرۇپ ئولتۇرالىشىدىن ئەنسىرەيمەن ...

مەزلۇمىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەئەججۇپلەنگەن سودىگەر ـ «ئالجىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ شۇنچە قابىل ئوغلىمىز تۇرسا نېمىدىن غەم يەيسەن؟!» دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.


ـــ دېگەنلىرىڭىز راست، ئوغلىمىز بىر كۈنمۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغان، بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن. يا بىرەر ھۈنىرى بولمىسا، يا تىجارەت يوللىرىنى بىلمىسە، بىز كۆز يۇمغاندىن كېيىن، كۈنى قىيىن بولارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، دەپتۇ.

سودىگەر مەزلۇمىنىڭ سۆزىنى يوللۇق بىلىپ، مەسلىھەت قىلىپ ئوغلىغا تىجارەت يوللىرىنى ئۆگەتمەكچى بولۇپتۇ. ئەتىسى ناماز بامداتتىن يانغاندا ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ.

ئوغلى ئىشىكتىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئەدەب بىلەن كىرىپتۇ. سودىگەر ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئوغلىغا مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئوغلىغا تۆت مىڭ تىللا تۇتقۇزۇپ، بىر قانچە كۈن ئىچىدە مال سېتىۋېلىپ سەپەرگە جابدۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئوغلى «خوپ، دادا» دەپ خۇشلىنىپ رەستىگە يول ئاپتۇ.

ئۇ ئەمدىلا رەستىگە يېتىپ كېلىشىگە ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ، مەخمۇتقا سالام قىپتۇ.

مەخمۇت «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بوۋا» ـ دەپ جاۋابەن سالام قىپتۇ. بوۋاي: «ئوغلۇم كېلىپ قاپسەنغۇ؟» دەپ سوراپتۇ.




مەخمۇت ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. «ئۇنداق بولسا دەپتۇ بوۋاي ـ مەندە قىممەتلىك ماللار، ئېسىل مال ـ

لار كۆپ، مالنى ھەندىن سېتىۋالغىن ئوغلۇم».

سودىگەر ئوغلى مەخمۇت — «خوپ بوۋا، ماللارنى كۆرۈپ بېقىشقا ئىجازەت بېرىڭ،» — دەپتۇ.

بوۋاي: «ئەكەل ئوغلۇم پۇلۇڭنى، سۆزۈمگە قۇلاق سال» — دەپ پۇلنى ئاپتۇ ۋە مەخمۇتقا قاراپ ئېسىڭدە بولسۇنكى، «تۇز يېگەن يەرگە قارا سانىما»، «ئەتىگەنكى ئاشنى ئېتىن يانىما»، «ئەدەب بىلەن بول، بىئەدەب بولما»، «ئۆيدە ياتماي، دۆڭدە يات» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ خەير دەپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

مەخمۇت بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭلىگە پۈككۈۋاپتۇ ۋە ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىشنى خالىماي تونۇش — بىلىشلىرىگە ئېيتىپ قويۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ سودىگەرلەرنىڭ كارۋىنىغا ئەگىشىپ مېڭىپ گۈزەل بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.

مەخمۇت بۇ شەھەردە سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى چۈشۈرۈپ بېرىش، يۆتكەپ بېرىش بىلەن بولۇپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قاپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گەزمال دۇكانلىرى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر دۇكاندار ئۇنىڭ سولغۇن رۇخسارىنى كۆرۈپ ئۇنى چاقىرىپتۇ. مەخمۇت دۇكاندار ئالدىغا كېلىپ ئەدەب بىلەن سالام قىپتۇ ھەمدە دۇكاندار سورىغان سوئاللارغا سەمىمىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

دۇكاندار مەخمۇتنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىي بالا ئىكەنلىكىنى پەملەپ مەخمۇتنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىش نىيىتىنى ئېيتىپتۇ. مەخمۇتمۇ ئاچ — توق قېلىپ، ئىسسىق — سوغۇق دەردىنى تارتىپ كۆرگەچكە، دۇكاندارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي كۆنۈپتۇ. ئەسلىدە، دۇكاندارنىڭ مال دۇنياسى پۈتۈن شەھەرگە مەشھۇر بولغان بىلەن پەرزەنتى يوق ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، دۇكاندار بىلەن مەخمۇت خۇددى ئاتا — بالىدەك بىر-بىرىگە ئېجىل بولۇپ كېتىپتۇ، بىراق، دۇكاندارنىڭ ئايالى يامان ئايال ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن مەخمۇتنىڭ ئايدەك چىرايىغا ئاشىق بولغىلى ئۇزۇن بولۇپ يۈرگەنىكەن. مەخمۇت ھەر كۈنى سەھەردە دۇكانغا چىقىپ كەچ قايتىپ كىرگەچكە، نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي ئاۋارە ئىكەن.

بىر كۈنى دۇكاندار ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە مېھمانغا چىللىماقچى بولۇپ، مەخمۇتنى ئۆيىدە قالدۇرۇپ خىزمەتكارلار بىلەن لازىمەتلەرنى بازاردىن سېتىۋېلىشقا كېتىپتۇ. دۇكاندارنىڭ ئايالى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ مەقسىتىگە يەتمەكچى بوپتۇ...

مەخمۇت دۇكاندارنىڭ ئايالى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ئانا، مەن «تۇز يېگەن يەرگە قارا سانىما» دېگەن سۆزنى مىڭ تىللاغا سېتىپ ئالغان، سىلە ماڭا ئۇزۇندىن بېرى تۇز بېرىپ كېلىۋاتىلا، ئالدىلىرىدا ئۆلۈشكە رازىمەنكى، مۇنداق رەزىللىكنى ھەرگىز قىلالمايمەن! دەپ پىچاقنى ئېلىپ ئۆزىنى بوغۇزلىماقچى بوپتۇ. دۇكاندارنىڭ ئايالى قورقۇپ كېتىپ مەخمۇتنىڭ قولىدىكى پىچاق-

قا ئېسىلغانىكەن، پىچاق قولىنى كېسىۋېتىپ قان چىقىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا دۇكاندار ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايال دەرھال ھۆكىرەپ يىغلاپ، مەخمۇت ئۈستىدىن دۇكاندارغا شىكايەت قىلىپ: «بۇ ھارامنى! ئادەم ئىكەن دىسەم ھايۋانكەن. بۈگۈن سىلىنىڭ يوقلۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ماڭا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. تەلەپ قويغانىدى، ئۇنىمىسام بېغىمغا ئېسىلدى، چىڭ تۇتۇۋالسام پىچاق بىلەن كېسىمەن دەپ قولۇمنى كېسىۋەتتى. بۇ ھايۋاننى تېزراق يوقاتسىلا» دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دۇكاندارنىڭ غەزىپى تېشىپتۇ. ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ، خىزمەتكارغا قەلەم-قەغەز كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ ۋە سەھرادىكى باغ باشقۇرغۇچى باغۋەنگە بىر نامە يېزىپ ئۇنى خىزمەتكاردىن دەرھال ماڭغۇزۇپتۇ.

باغۋەن دۇكاندار ئەۋەتكەن نامىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئەسلىدە، دۇكاندار مەخمۇتنى ئاشۇ باغۋەن ئارقىلىق يوقاتماقچى ئويلىغانىكەن، باغۋەن نامىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، باغ ئىچىگە بىر ئورا كولاپ تەييارلاپ مەخمۇتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

دۇكاندار كەچ كىرگەندە مەخمۇتنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئەتە ئەتىگەندە سەھرادىكى باغدىن بىر سېۋەت مېۋە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

مەخمۇت دۇكاندارنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تاڭ يورىماستىنلا باغقا يول ئاپتۇ.

ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا، بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئىككى دوست سالاملاشقاندىن كېيىن دوستى مەخمۇتنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. مەخمۇت ئالدىرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ دوستىغا رەھمەت ئېيتىپ يولغا ماڭماقچى بوپتۇ، دوستى ئۇنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. مەخمۇت ئىلاجىسىز «ئەتىگەنلىكى ئاشتىن يانما» دېگەن سۆزنى ھېلىقى تىللاغا سېتىۋالغانىدىم. دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئىككى دوست چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى دۇكاندارنىڭ ئايالىدىن ئاڭلاڭ. دۇكاندارنىڭ ئايالى ئېرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ. ئۇ مەخمۇتنىڭ جامالىنى كۆمۈۋەتكىچە كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، سەھەر تۇرۇپ ئەرەنچە ياسىنىپ باغقا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ باغقا كىرگەندە باغۋەن تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن، ئورىنىڭ قېشىغا بېرىشىغىلا ئۇنى دۇكاندار ئەۋەتكەن ئادەم دەپ ئويلاپ ئورىغا ئىتتىرىپ كۆمۈۋېتىپتۇ.

مەخمۇت دوستى بىلەن خوشلىشىپ باغقا بېرىپتۇ ۋە باغۋەنگە بىر سېۋەت مېۋە قاچىلىتىپ ئۆيگە ساق سالامەت قايتىپتۇ.

بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان دۇكاندار دەرھال ئېتىنى توقۇتۇپ باغقا قاراپ يول ئاپتۇ، ئۇ باغقا يېتىپ كەلگەندە، باغۋەن كېلىپ سالام قىپتۇ ۋە دۇكاندارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇنىڭدىن كالىغىراپ قالغان دۇكاندار، باغۋەنگە ئورىنى ئاچقۇزۇپتۇ. ئورىدىن ئۆز ئايالىنىڭ ئەرەنچە كىيىنگەن جەسىتى چىقىپتۇ، بۇنىڭدىن دۇكاندار ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

ئۇ ئايالنىڭ قىلغان قىلىقلىرىدىن ئۆمۈرۋايەت قايتا ئۆيلەنمەسلىككە قەسەم ئىچىپتۇ ھەمدە شۇ شەھەردىكى سودىگەرلەر بىلەن بىرگە باشقا مەملىكەتلەرگە بېرىپ سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن، ماللىرىنى ئات - تۆگىلەرگە ئارتىپ سەپەرگە يول ئاپتۇ. ئۇلار تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ بىر پايانسىز چەزىرىگە كەپتۇ، بىر قانچە كۈن مېڭىپمۇ بىر باشقا چىقالماپتۇ. ئۇلارنىڭ سۇلىرى تۈگەپتۇ، سودىگەرلەر ۋە تۆگىلەر ماجالىدىن كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن سۇ ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئىككى كۈن ئىزدەپ بىر قۇدۇقنى تاپقان بولسىمۇ، قۇدۇق بەكمۇ چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇلار سۇغا ۋە مەشكاپلارنى تاشلاپ قۇدۇقتىن سۇ ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاغامچىلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. سودىگەرلەر بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن قۇدۇققا بىر نەچچە ئادەم چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەرلەر بۇ دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈپتۇ، بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ زار - زار يىغلاپتۇ.

شۇ ئارىدا مەخمۇت قۇدۇققا ئۆزى چۈشمەكچى بولۇپ توپ ئارىسىدىن چىقىپتۇ. دوكاندار ئۇنى دەرھال توسۇپ: «ئوغلۇم قۇدۇققا چۈشمىگىن، ئۆلسەكمۇ بىرگە ئۆلەيلى» دەپ يالۋۇرۇپتۇ، مەخمۇت دوكاندارغا: «خاتىرجەم بولۇڭ ئاتا، خۇدا خالىسا يەنە سىز بىلەن بىرگە بولىمەن»-دەپ سودىگەرگە ئۆزىنى قۇدۇققا چۈشۈرۈشنى ئىلتىجا قىپتۇ.

مەخمۇت قۇدۇققا باشقىلارنىڭ ئەكسىچە، پۇتى بىلەن ئەمەس بېشى بىلەن چۈشۈپتۇ. مەخمۇت قۇدۇققا چۈشۈشى بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن قىلىچ تەڭلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قۇلىقىغا «قولۇڭنى تارت!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا تەڭلەنگەن قىلىچلار كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر مەخلۇق پەيدا بوپتۇ ۋە مەخمۇتتىن «ئەي ئادەم نەسلى، سەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى قۇدۇققا بېشىنى يۇقىرىغا پۇتىنى تۆۋەنگە قىلىپ چۈشكەنىدى، سەن ئۇلارنىڭ ئەكسىچە چۈشۈشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟»-دەپ سوراپتۇ.

مەخمۇت-«مەن بۇرۇن ‹ئەدەب بىلەن بول، بىئەدەب بولما› دېگەن بىر كەلىمە ھېكمەتلىك سۆزنى مىڭ تىللاغا سېتىپ ئالغانىدىم، ھەر بىر دىۋىلارغا ئەدەبسىزلىك بولمىسۇن دەپ بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ چۈشتۈم.»- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ سۇ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ ئەسلى دىۋىلەرنىڭ ماكانى ئىكەن، دىۋىلەر پادىشاھى ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق ئۈستىدىكى ئادەم، ئۇلاغلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى بېسىلىپتۇ. سودىگەرلەر مەخمۇتقا كۆپتىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ماللىرىدىن بىر ئۈلۈش بۆلۈپ بېرىپتۇ.

ئۇلار بۇ چەزىرىدىن ئامان - ئېسەن چىقىپ مەنزىلگە يېقىنلاشقاندا، ئۇشتۇمتۇت ھاۋا بۇزۇلۇپ ئالەم قاراڭغۇلىشىپتۇ. ھاۋا گۈلدۈرلەپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ ۋە مېلىنىڭ يامغۇردا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تاغ ئۆڭكۈرلىرى ۋە ئويمانلاردا پاناھلىنىپتۇ، مەخمۇت ئۆز ماللىرىنى ئېلىپ ئېگىز تۆپىلىككە ئورۇنلىشىپتۇ. دوكاندار بۇنىڭدىن بەكمۇ نارازى بولۇپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يامغۇر مۆلدۈرگە ئايلىنىپتۇ، ھايال ئۆتمەي كەلكۈن بولۇپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئۆڭكۈر ۋە ئويمانلارنى پاناھ قىلىپ ياتقان سودىگەرلەرنىڭ ئۆزى ۋە مېلى كەلكۈندە ھالاك بولۇپتۇ.

(ئاخىرى 105 - بەتتە)

# ئەمىر تۆمۈر ھەققىدە لەتىپىلەر

تۆمۈرلەڭ قىشلىق ساياھەتىدىن قايتقانىكەن، يولدا ئەپەندىم ئۇچراپ سوراپتۇ:

— خوش پادىشاھ! ساياھەتىڭىز قانداق ئۆتتى؟

— ناھايىتى ياخشى! — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ ئەمىر تۆمۈر.

— دۈشەنبە كۈنى بىر قىشلاققا چۈشكەنىدىم، ئۇ يەردە يانغىن بولۇپ، كۆپ ئۆي، ئادەملەر كۆيۈپ كەتتى. سەيشەنبە كۈنى باشقا بىر قىشلاققا ئۆتتۇم؛ ئۇ يەردە بىر قوتۇر ئىت ئىككى ئادەمنى ئارىغا ئېلىۋالغانىكەن، ئادەملەرگە قوتۇر يۇقمىسۇن، دەپ ئىت ئارىغا ئېلىۋالغان ئادەملەرنى كۆيدۈرگۈزىۋەتتىم. چارشەنبە كۈنى بىر قىشلاققا ئۆتكەنىدىم، يامغۇر يېغىپ ھەممە ياقنى سۇ بېسىپ كەتتى، بالا بۆلەنگەن بۆشۈكلەر، كالا، قويلار تازا ئاقتى، كەچكىچە بۇلارنى تاماشا قىلدىم. پەيشەنبە كۈنى يەنە بىر قىشلاققا ئۆتتۇم؛ ئۇ يەردە بىر بۇقا زەنجىرنى ئۈزۈپ چىقىپ، كوچىلاردىكى بىر نەچچە ئادەمنى نابۇت قىلدى. جۈمە كۈنى بىر قىشلاققا ئۆتكەنىدىم، ئۇ يەردە بىر ئادەم ساراڭ بولۇپ قالغانىكەن، ئۇنى ئاستۇرۇپ ئۆلتەرگۈزىۋەتتىم. شەنبە كۈنى بىر قىشلاققا ئۆتتۇم؛ ئۇ يەردە بىرسىنى تام بېسىۋاپتۇ. يەكشەنبە كۈنى بىر قىشلاققا ئۆتۈپ بىر ياش جۇۋاننىڭ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، قىزىق تاماشالارنى كۆردۈم.

تۆمۈرنىڭ ھېكايىسىدىن بەدەنلىرى مۇزلاپ كەتكەن ئەپەندىم:

— ياخشى بىر ھەپتە يۈرۈپ قايتىپسىز، ئەگەر بىر ئاي يۈرسىڭىز، ئالدىڭىز يارىشىپ، قىشلاقلارنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولۇپ كېتەر ئىكەن! — دەپتۇ.

× × ×

تۆمۈرلەڭ بىر كۈنى ئەپەندىم بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، «ئۇھ» تارتىپ قويۇپتۇ ۋە ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئۆلسەم مېنىڭ جېنىم قەيەردە بولار: جەننەتتىمۇ، دوزاقتىمۇ؟

ئەپەندىم جاۋاب بىرىپتۇ:

— بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېرىپ جەننەتنى تولدۇرۇپ قويدىڭىز، سىزگە جەننەتتىن جاي قالمىغان بولسا كېرەك. خاپا بولماڭ، پەقەت سىزگە، دوزاقنىڭ ئەڭ ياخشى جايىغا ئوتتىن تەخت قۇرۇپ بىرىلىدۇ.

× × ×

بىر كۈنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ساردىيىغا بىر كور تىلەمچى خەيرى سوراپ كىرىپتۇ.

تۆمۈر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم «دۆۋلەت»، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ تىلەمچى.

تۆمۈر مەسخىرە بىلەن كۈلۈپتۇ.

— توۋا!، دۆۋلەتمۇ كور بولامدۇ؟ ...

— كور بولمىسا، چولاقلىقىڭغا كېلەرمىدى؟ — دەپتۇ تىلەمچى:

× × ×

تۆمۈر لەڭ بىر كۈنى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، مېنىڭ قەدىر قىممىتىم قانچە بولار؟

ئەپەندىم ئويلاپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— قەدىر قىممىتىڭىز 50 تىللادىن ئاشمايدۇ.

تۆمۈرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

— نېمىشقا مېنىڭ قىممىتىمنى مۇنچىلىك پەسلىتىسەن؟ بېلىمدىكى كەمەرىمنىڭ ئۆزى 50 تىللادىن ئارتۇق تۇرمامدۇ؟

— ھولۇقماڭ ئەمىر! — دەپتۇ ئەپەندىم، — مەن بېلىڭىزدىكى تىللا كەمەرىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتتىم. ئەگەر بېلىڭىزدىكى تىللا كەمەرىڭىز بولمىغاندا، ئۆزىڭىزنى بازارغا ئېلىپ چىقسا بىر ياماقىمۇ ئالمايدۇ.

× × ×

ئەمىر تۆمۈر ئەپەندىمنى ئۆز سارىيىغا بىر نەچچە قېتىم زىياپەتكە چاقىرغان ئىكەن. ئەپەندىم تۆمۈر ئېيتقان ۋاقىتتا سارايغا كەپتۇ.

تۆمۈرنىڭ بىر پۇتى مېيىپ بولغانلىقتىن ئۇنى دائىم يىغماي، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇزۇتۇپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇ ئەپەندىم يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىمۇ شۇ تەرىقىدە ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

تۆمۈرنىڭ ئاقسالىقىدىن خەۋىرى يوق ئەپەندىم: «تۆمۈر مېنى ھۆرمەتلىمىدى.» دەپ ئويلاپ، ئۇمۇ بىر پۇتىنى ئۇزۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تۆمۈر ئەپەندىمنىڭ بۇ ئىشىدىن غەزەپلىنىپ سوراپتۇ:

— سەن مېنى دورىماقچىمۇ؟ ئېشەك بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا قانداق پەرق بار؟

ئەپەندىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تازىم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئېشەك بىلەن مېنىڭ ئارامدا بىر غېرىچ پەرق بولسا كېرەك، — دەپ ئۆزى ئولتۇرغان جاي بىلەن تۆمۈرنىڭ تەختى ئارىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆلچەپ كۆرسىتىپتۇ.

× × ×

مەھەللى ئىماما ئەپەندىم ئالدىغا كېلىپ دورا - دەرمان سوراپتۇ:

— مەن بوغۇلۇپ كېتىپ بارىمەن. يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، جېنىمنى قۇتقاز!

ئەپەندىم نېمىلەرنى يېگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئىمام جاۋاب بېرىپ ئېيتىپتۇ:

— روزا ۋاقتىدا نېمىسى يەي؟ ئىپتاردا قوشنا مىنىڭكىدە بىر تاۋاق نىشائاللا بىلەن ئۈچ نان يىدىم... سۈيۈق ئاش قىلىشقان ئىكەن. ئۇنىڭدىن بىر يېرىم تاۋاق ئىچتىم. كېيىن باشقا بىر قوشنام پۇشۇرغان سامسىنى تېتىماق ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن 40 - 30 دەكنى يىدىم، قوشنام خاپا بولمىسۇن دېدىم.

— مېۋە يېدىڭىزمۇ؟ — سورايتتۇ ئەپەندىم.

— ھە، كۆپ ئەمەس... بىر پەتنۇستا بىر نەچچە تىلىم قوغۇن بار ئىكەن، يەنە بىر پەتنۇس ئۈزۈم، ...

— جىنىڭىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەن بىر مەسلىھەت بېرەي. تۆپۈلۈككە چىقىپ ئورەك قازىسىز، ئۇنىڭغا چۈشۈپ ئاسمانغا قاراپ يېتىۋېلىپ، قولىڭىز بىلەن ئۈستىڭىزگە توپا تارتىسىز... توپا ئۈستىڭىزگە 30، 40 خىش قويۇلۇپ لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ. شۇنداق ئىشلىسىڭىز كېسەلدىن مەڭگۈ خالاس بولىسىز.

× × ×

بىر كۈنى بىرسى ئەپەندىمگە خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— شەھەرنىڭ قازىسى ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇزاق ئويغا كېتىپتۇ. خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلەر، ئەپەندىمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم! نېمىگە ئويلىنىپ قالدىڭىز؟

— قازىمىزنىڭ ئەزەلدىن ئەقلى يوق ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم، يەنە نېمىسىدىن ئازدىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

(ئۆزبېكچىدىن تۇرسۇن ساۋۇت تەرجىمىسى)

(بېشى 102 — بەتتە)

دۇكاندار جىنىنىڭ ۋە مېلىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا خۇداغا كۆپ شۈكرى سانا ئېيتىپتۇ ھەمدە مەخمۇتتىن بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى سوراپتۇ، مەخمۇت «ئۆيدە يا تىماي دۆڭدە يات» دېگەن سۆزنى مېنىڭ تىللاغا سېتىۋالغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن سۇ پەسلەپ يول ئېچىلىپتۇ-دە، مەخمۇت بىلەن دۇكاندار شەھەرگە كىرىپ تىجارەتنى باشلاپتۇ، تىجارەت ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئەكەلگەن ماللىرىدا كۆپ پايدا كۆرۈلۈپتۇ. بۇنىڭدىن دۇكاندار بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ ۋە مۇشۇ شەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەخمۇت ئاتا-ئانىسىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىپتۇ. دۇكاندار مەخمۇتنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بېرىپتۇ. بىراق، مەخمۇت يۇرتىغا بېرىپ ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش نىيىتىدىن يانماپتۇ، دۇكاندار مەخمۇتنىڭ تەلىپىگە ئاخىر كۆنۈپتۇ، قولىدا بار پۇل-ماللاردىن يېرىمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىپ، كۆز يېشى قىلىپ ئۇنى يولغا ساپتۇ.

مەخمۇت ئۆز يۇرتىغا ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇرتىدا خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئابلەت جامال ئېيتىپ بەرگەن، ئەنۋەر ئىسمائىل توپلاپ رەتلىگەن

كامال ھاسامەدىنوۋ [سوۋېت ئىتتىپاقى]

# كەچۈر مېنى، ئەزىزىم

(ھېكايە)

تېيىپ ئاخۇن بىلەن پاتەم ئاز كەم 40 يىل بىللە ئۆي تۇتقان. لېكىن ئۇلارنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى ئۆلۈم جۇدا قىلدى. بۇنىڭغا نېمە ئىلاج دەيسىز!

كۈنلەر ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. تېيىپ ئاخۇن ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھەر ھالدا قەددىنى سەل رۇسلىغاندەك بولدى. قايغۇ - ھەسرىتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، قەدىناس پاتەم رەھمىتى بىلەن بىر دېمەتلىك خۇشتارخان ئىسىملىك تۇل ئايالغا ئۆيلەندى. قىيىق چىقمايدىغان گەزمال يوق دېگەندەك، قىيىسىغى چىقمايدىغان كىشى بولمايدىكەن.

— چوڭ دادا، - دېدى يېزا سوۋېتىنىڭ سېكرېتارى ئوچۇق چىراي بىلەن، - ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن.

— رەھمەت، بالام، رەھمەت، لېكىن مەن ھاياتقا ئەمدىلا قەدەم قويۇپ ئۆيلىنىۋاتقان ياشلاردىن ئەمەس. بۇ، ھاياتنىڭ داۋامى، خالاس. ئۆزەڭ بىلىسەن، ئەركىشى ئۈچۈن بالام، يالغۇزلۇق پەقەت گۆردىلا ياراشسا كېرەك.

— شۇنداق بولسىمۇ تەبرىكلەش كېرەكقۇ؟


— رەھمەت، بالام، رەھمەت. ماڭا قارا بالام، زاگس دېگىنىدىن ئۆتۈپ قويمىساق بولمايدۇ، دەپ غۇدۇڭشۇپ قولاق - مېڭەمنى يەپ كەتتى. شۇنىڭغا پاسپورتلارنى ئېلىپ كېلىۋېدىم.

سېكرېتار پاسپورتلارنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن يوغان بىر دەپتەرنى ۋاراقلاپ كۆردى - دە، بېشىنى كۆتەردى:

— چوڭ دادا، ئۇ دېگەنلىرى توغرا. سىز پاتەمخان چوڭ ئاپام بىلەن قانۇنىي ئاجراشقانمۇ؟

— ھوي ئوغلۇم، ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىزنى ئۆلۈم ئايرىمىغان بولسا، تىرىكلىكتە ئايرىلاتتۇقمۇ؟ شۇنىڭ ئۆزى يەتمەمدۇ؟

— چوڭ دادا، ئۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا. ئەمما سىز پاتەمخان چوڭ ئاپام بىلەن سوت




ئالدىدا قانۇنلۇق تۈردە ئاجرىشىشىڭىز كېرەك. بولمىسا، كىتابىتىمۇ، قانۇن ئالدىدىمۇ ئىككى نىكاھلىق بولۇپ چىقىسىز. ھاڭگىمۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ چاتاق.

— بەللى! ئۆلۈپ يەتتە قەۋەت توپا ئاستىدا ياتسىمۇ، قانۇنىي ئاجرىشىشىم كېرەكمەس، ئۇنداق چاقچاقنى قوي، بالام. مەن دېگەن بوۋاڭ دېمەتلىك ئادەم، جۇمۇ!

— چوڭ دادا، بۇ چاقچاق ئەمەس. مەن توغرىسىنى ئېيتىۋاتىمەن. سوتقا ئەرز بېرىڭ. قولىڭىزدا پاتەمخان چوڭ ئاپامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى گۇۋاھنامىڭىز بار، ئۇنى ئەرزىڭىزگە قوشۇپ ئاپىرىپ بەرسىڭىز، ئىش چاپسانلا ھەل بولىدۇ.

— بەلكىم گۇۋاھچىلارنىمۇ ئەگەشتۈرۈپ بېرىشىم كېرەكتۇ؟! — بوۋاي تىرىكىشكە باشلىدى.

— شۇ ئىككى قەغەزنى ئېلىپ بارسىڭىز كۇپايە.

— ئەمدى بالاغا قاپتىمەن — دە.

يېزا سوۋېتى ئىدارىسىغا كۆڭلى توق كىرىپ كەلگەن تېيىپ ئاخۇن بوۋاي جىمى بىساتىنى قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، باشمالتىقىنى چىشلەپ قالغان ئادەمدەك لاسىدا بولۇپ قالدى. ئۇ، تالاغا چىقىۋىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆك ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كېتىپتۇ. ياپ — يېشىل دەرەخلەر شۇمشىيىشىپ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان قۇچقاچلار تىنىمسىز چىرىقلىشىۋاتاتتى. ئىچىدە تىرىكىپ، ئىدارىدىن بۇرۇقتۇم بولۇپ چىققان تېيىپ ئاخۇننىڭ كەيپىي تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، ئېغىر يۈك كېلىپ باسقاندەك دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ئۇ، قەدەملىرىنى سۆرەپ دېگىدەك ئۆيىگە كەلدى.

ئۆيى قۇلۇپلاغلىق تۇراتتى. بوۋاي ئايۋانغا قويۇلغان كونا دىۋانغا ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆڭلى سارىسىمغا تولغانتى. «توۋا، ئۆلگەن ئادەم بىلەن سوت ئالدىدا ئاجرىشىش دېگەن ئادەمنىڭ دىتىغا سىغىدىغان ئىشمۇ؟ ئۆلدى — كەتتى. ئۇنى يانتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. ئەستەغپىرۇللا! مەنمۇ قىزىق ئادەمكەنمەن. ھەجەپ سۆزلەپ كېتىپتىمەن. كىملا بولمىسۇن، قانۇن ھەممىگە بىردەك ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بوۋاي ئۇزاق ساقلىدى، خۇشتارخاندىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. تېيىپ ئاخۇن بوۋاينىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆيلۈك بولۇپ كەتكەن بالىلىرىدىن خەۋەر ئالغىلى كەتتىمۇ، ياكى «ئۆيدە ئۆينىڭ ئۆلچىكى بار، ئوتتۇرىسىدا كۆلچىكى بار» دېگەندەك، مۇنۇ ئۆينىڭ كەم — كۈتىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا كەتتىمۇ؟ تېيىپ ئاخۇن بوۋاي باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەلدى. ئەتراپتا گۈرۈستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ، ئەمدى ياستۇقىنى تۈزەپ، ئوگدىسىغا ياتتى ۋە قىرىق يىل بىللە ھايات كەچۈرگەن ھالال جۈپتى پاتەمخان مومايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى:

— ئىھ، پاتى، پاتى!... ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرى تاغدەك ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولساقمۇ، مېنى زادىلا ئەستىن چىقارمىدىڭ، ئولتۇرساڭ — قوپساڭ خۇدادىن مېنىڭ ساق — سالامەت ئۆيگە قايتىشىمنى تىلىدىڭ. خىيالەن بولسىمۇ، مەدەت سوردىڭ. شۇ كۈنلەر توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئېسىمدە. بالىلارنى شان — شەرەپلىك ئورۇنلارغا قوندۇردۇق. ئەمدى مېھمان بولۇپ، ئويناپ يۈرۈيدىغان ۋاقىت كەلگەندە، مېنى يېرىم يولدا تاشلاپ كەتكىنىڭنى قارا. ئىھ، ۋاپاسىز دۇنيا! قارام ئەجەل كىمگە رەھىم قىلغان؟ كىمنىڭ كۆز يېشىغا قارىدىغان؟! ئەگەر مېنىڭ

ئورنۇمدا سەن قىلىپ، ھاياتىن مەن ئۆتكەن بولسام، بەلكىم مەن قىلغان مۇلۇ ئىشنى
سەن ئۆمۈر بويى قىلمىغان بولار ئىدىڭ. تاينىلىق، تېشىدىغا چىقىرالمىساڭمۇ، ئىچىڭدە
«تېپىپىنىڭ چىرىقىنى ئۇچۇرمە يمەن . پۈتۈم گورغا ساڭگىلىـغاندا، تۇرمۇشقا چىقىپ تېـ
مە قىلاي، تۆت ئوغلۇم، تۆت قىز دىنىڭ سايىسىدا راھەتلىنىپ، قالغان ئۆمرۈمنى نەۋرەـ
چەۋرىلەر بىلەن سىردىشىپ، كۆلدەك ئۆتكۈزمەكتىمەن» دەيتتىڭ. سەن ئەنە شۇنداق ئاجاـ
يىپ يۈرەك ئىگىسى، بىچەرە دم ئايال ئىدىڭ. ئەمما، ئۆزەڭدىن قالىدىغان گەپ ـ سۆز
يوق، ئەركىشىنىڭ كىلىن ـ كېتەك، كۆيئوغۇللارنىڭ ئالدىدا پۈتلىشىپ يۈرۈشى يارىماس،
خورلانغاندەك بىر ئىش ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكە ئەرزىمىگەن بىر نەرسە ئۇچۇن ياـ
ردىدار كىيىكنىڭ بالىسىغا ئوخشاش تەلمۈرۈپ قاراش تېخىمۇ تەس ئىكەن. يىقىنىدا قاتـ
تىق تۆمۈ تېگىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. ئاھ، شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىمنى كۆرسەڭ
ئىدىڭ، كاشكى! نېمىنى ئېيتاي. ئاتام رەھمەتتى: «بەختلىك ئەر ھاياتىن ئايىلىدىن ئىلـ
گىرى ئۆتىدۇ» دەيتتى. ئۇ گەپنىڭ تۇۋۇدىكە شۇ ئاغرىپ ياتقان كۈنى يەتتىم. شۇۋاقىتتا:
«ئەگەر مۇشۇ دۆرەم ساقايسام، ئۆز ئۆيۈمنى تۇتىمەن، مۇبادا لايىق ـ پايدىق تېپىلىپ
قالسا، تەلىيىم» دېگەن قارارغا كەلگەننىدىم. تىلىكىم ئوڭدىن كەلدى، پاتى... ئۆزەڭ بىـ
لىدىغان، بىر يىللىرى ئۆزەڭ بىلەن بىللە ئايدىڭدا ئورما ئوروپ، ھارۋىدا باغ توشۇغان.
ھارۋا ئۆرۈلۈپ، باغ ئاستىدا قالغاندا، ئۆزەڭ قۇتۇلدۇرغان خۇشتارخاننى ئاران ماقۇل
قىلىپ، سېنىڭ ئورنۇڭنى تولدۇرماقچى، يوقىڭنى سەزدۈرمەسلىكنىڭ ئىلاجىسىنى تاپقالـ
دەك بولىۋېدىم. ئەمما ئۇنىڭ دېزى چىقىۋاتىدۇ، پاتى. ئۇ نېمە دېمەمسەن؟ ھاياتىن
ئۆتكەن سەن بىلەن ئەمدى سوت ئالدىدا قانۇنىي ئاجراشمىقىم لازىم ئىمىش ... بۇ، ئۆلـ
گەننىڭ ئۈستىگە تەپكەنلىك ئەمەسمۇ؟ پاتى، ئۆزەڭ بىلىسەن، تەغدىرگە تەن بەرمەي
باشقا ئىلاج يوق ئوخشايدۇ.

بوپتۇ، يېزا سوۋېتىنىڭ رايى بويىچە، سەن بىلەن قانۇن ئالدىدا ئاجرىشاي. ئۇۋـ
نى پالىلىرىم چۈشەنسە ياخشى، ئەگەر باشقىچە ئويلاپ «دادام قېرىغاندا ئالجىپتۇ، ئاـ
پامنىڭ ئۆلگىنىنى ئازدەپ، ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئاجرىشىمەن، دەپ سوتمۇ ـ سوت چېپىپ
يۈرۈپ، خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا بىزنى شەرمەندە قىلدى» دېسە، نېمە دەيمەن، پاتى؟

ـــ پاتى! سادىغاڭكېتەي، پاتى، ئېيتقىنا، نېمە قىلسام بولار؟ يە خۇشتارخاننى
سىلاپ ـ سىپاپ، ئۆزىڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايمۇ؟ ئۇنداق قىلسام ئۇنىڭغىمۇ
ئوۋال! ئىسسىق ئورنىدىن قوزغىماي تۇرۇپ، ھەممىنى ئويلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى.
باشتا ئىشنى خام قىپتىمەن، پاتى، ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەمسەن؟ «ئىلگىرى موللا نىكاسىـ
نى قىلمىغان ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇش، ياشاش، نامەرەم دەيدىغان. ئەمدى ئۇنادانزاـ
مانلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. زاگىستىن ئۆتمەي بۇ ئۆيدە قانداق تۇرغىدەكمەن، نېمىشقا
تارتىشىسىز »دەپ غۇدۇڭشۇپلا يۈرۈيدۇ، قارا. باشتا يېزا سوۋېتىغا كىرىپ، مەسلىھەتـ
لەشكىنىمدە، بۇ ئىش بەلكىم باشقىچىرەك بولاتتىمىكىنتاڭ. ئەتە نېمە بولىدىغىنىنى كىم
بىلىدۇ؟ ئىھ، پاتى، پاتى! يېرىم يولدا تاشلاپ كەتكىنىڭ بىر دەرت بولسا، ئەمدى يەتـ
تە قەۋەت يەر ئاستىدا ياتقان سەن بىلەن ئاجرىشىش... قويساڭچۇ!... نېمىسىنى ئېيتاي...

هايات بولىسىنىڭدىنمۇ ... بەندىچىلىكتىن سېنىمۇ تىنچ ياتقۇزمايدىغان بولدۇم. قېنى، جېنىم دوستۇم، روھىڭ مەدەت بەرسۇن، خۇدالىقىڭنى ئېيت.

تېيىپ ئاخۇن لېۋىنى چىشلەپ، خۇددى ئۆلگەن ئايىلىدىن ئىدا كۈتكەندەك ئۇزاققىچە جىمجىت ھالدا ئاسمانغا تىكىلىپ ياتتى. تامىقى قۇرۇپ، ھېلىدىن - ھېلىغا تۈپرۈكىنى يۇتاتتى. ئەمما، تەشنالىق ئۇنىڭ بىلەن قانىدىغاندەك ئەمەس.

— ھاپا بولۇۋاتامسەن، يە قورۇنۇۋاتامسەن، پاتى؟ تىنچ يات، پاتى، ياتقان يېرىڭ ئىلاھىم ماقۇل بولغاي. پەرزەنتلەردىن ۋايىم يېمە. ھەممىسى ئۆزەڭ ھاياتچاغدىكىدەك، سەن كۆلشەن قىلغان ئۆيگە پات - پاتلا كېلىپ - كېتىپ يۈرىشىدۇ. خۇشتارخان قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىڭدەك، ھەقىقەتەن قويىنى كەڭ، قەلبى سېخى، پاكىزە مەزلۇم ئىكەن. ھازىرچە بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن رازى. يېقىندا تۇنجى بالاڭ پاشاخان كەپتۇ. ئۇ، ئۆي ئىچىگە، ھويلا - ئارامغا قاراپ چىقىپ، ئاندىن خۇشتارخانغا:

— ئانا ئۆمرۈڭىزدە ئىلاھىم بەركەت تېپىڭ، بۇ ئۆيدە ئانامنىڭ قولى يېگەنباشتىن جانلىنىپتۇ. ئىلاھىم تىلىم تەگمىسۇن، ئاتامنىلا كۈتسىڭىز، بىز سىزدىن ئىككىدۇنيا رازى. بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ يۈرىشىمىز مۇمكىن، - دەپتۇدەك قارا، پاتى. ئۆمرى پەرزەنت دېگەندا ئۆر تۇنۇۋاتقان ئايال «ئانا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا، يەر، كۆككە سىغماي كېتىپتۇ. مەن ئۇ كۈنى ئۆيدە يوق ئىدىم.

— ئاتىسى، بۇگۈن پاشا خېنىم كەلگەنىكەن، - دەپ مەن تاپىسىدىن ئاتلا - ئاتلىماي يىلاگەپ باشلىدى. خۇشتارخان كۆزلىرى كۆلۈپ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، - بالىلىرىڭ بىلەن تەڭ قېرىغۇر، شۇنچىلىك يېقىملىق ئاۋازدا «ئانا» دېمەسمۇ؟ يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكىلى ئازلا قالدى.

— ئوبدان بوپتۇ. ئانىسىنىڭ ئورنىنى باس، ئىلاھىم، دېدىم. باشقا نېمەمۇ دەي!

ئۆي ئىچى، ھويلا - ئارام راست، خۇددى سەن ھايات، بەقۇۋۋەت چاغدىكىدەكسەرەمجان، پاكىز، يوقاتقىنىمنى تاپقىنىم بولسا كېرەك. رازىلىقىڭنى بەر، ئاقىۋول تىلە، مېنىڭ ئەزىزىم، مەن ناتىۋانغا. قانداق قىلىمىز، تەقدىر شۇنداق بۇيرىغان تۇرسا. ھايات بولغىنىڭدىمۇ بۇ سەۋدالار، بەلكى مېنىڭ بېشىمغا چۈشمىگەن بولار ئىدى. كەچۈر مېنى، ئەزىزىم پاتى! مەن قالغان ئۆمرۈمنى پېشانەمگە يېزىلغان شۇ خۇشتارخان بىلەن بىللە ئۆتكۈزەي، ئەمدى. لېكىن قورۇنما، ئۆزەڭنى كەڭ تۇت. ئۆزەمغۇ خۇشتارخاننىڭ خاھىشى بىلەن ھەر جۈمەدە قەبرەڭنى زىيارەت قىلىدىغان بولدۇم، ئۆزىمۇ بىللە كېلىدۇ، بۇمۇ ئادەمگەرچىلىكقۇ، قارا.

— ھوي دادىسى، بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ يىدىغاندۇ؟ - دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. تېيىپ ئاخۇن كۆزىنى ئاچتى، - پاشاخانلار ئىككىڭگە بىرىۋىدىم، قارىسىلا، ھانتۇ ئېيتىۋاتقانىكەن، ئەسقەرجاننى ئىككى قېتىم ئەۋەتتۇق، سىزنى يوق دەپ كەلدى. قېنى، تۇرسىلا، ئىسسىقىدا مۇنۇ مانتىنى...

تېيىپ ئاخۇن بوۋاي ئورنىدىن يېنىك تۇردى، تەرلەپ كېتىۋېتىپ، چاراقلاپ تۇرغان قۇياش ئۇنىڭ چىرايىدىكى خەمكىنلىكىنى يۇيۇپ، قەلبىدە تەمكىنلىك پەيدا قىلغاندەك بولۇپ سېزىلدى-دە، يېنىك قەدەم بىلەن يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئېرىق تەرەپكە ماڭدى.

---

## ئاپتور ھەققىدە

كامال ھاسامىدىنوۋ 1930-يىلى 15-يانۋاردا سوۋېت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى تۈگمەن يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپتە ئۇ، ئۆز يېزىسىدىكى يەتتە يىللىق مەكتەپتە، ئاندىن چولۇق ئاقسۇدېگەن جايىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1953-يىلى ئالمۇتىنىڭ ئاباي نامىدىكى دۆلەتلىك پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىدە خىزمەت قىلغان. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان جۇمھۇرىيەتلەر ئارا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى رېداكسىيىسىدە بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

يازغۇچى كامال ھاسامىدىنوۋنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. س س س ر يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى كامال ھاسامىدىنوۋ «تونۇش كىشىلەر»، «ئەسسالام ھايات»، «مېھرىبانلار»، «مېنىڭ زامانداشلىرىم»، «سېنىڭ تەڭتۇشلىرىڭ»، «تىلەيمەن ئامانلىقنى»، «چەكچىنىڭ ئوغلى» قاتارلىق يەتتە توپلامنىڭ ئاپتورى. سوۋېت قازاقىستاندىكى تونۇلغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

يازغۇچىنىڭ «تىلەيمەن ئامانلىقنى» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىدىن دەريا ھەسەن تەييارلىغان.

---

(بېشى 125-بەتتە)

رېئاللىزمىنىڭ داۋامى، لېكىن ئۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى سىيۇژېتنىڭ جانلىنىقلىقى، مولىلىقىدا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەشتە بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۆپ سىياسىي، نەزەرىيىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقىدا. يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق تۈردە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ مەرىپەتپەرۋەر ئەسەرلەر بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن فېئوداللار سىنىپىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشتىكى روھىي قورالى، بۇرژۇئا دۇنيا قارىشىنى تەشۋىق قىلىدىغان «قامۇس» بولۇپ قالغان. ئەسەرلەردىكى تىل شېئىرلاشقان بولماستىن، بەلكى راۋان، كەسكىن، سىياسىي نەزەرىيىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، مەنتىقىلىقى، قوزغىتىش كۈچىگە ۋە جەڭگىۋارلىققا باي. بەزى ئەسەرلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى چوڭقۇر، كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھېكايىلاشقان پەلسەپىۋى دىسسېرتاتسىيە بولۇپ قالغان. مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى نوقۇل ئەقلىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(يالقۇن ئۆمەر، ئابدىغىنى ھوشۇرلار تۈزگەن

توختاش ئاشىروۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# شائىر ۋە ئوغرى

(ھېكايە)

بىرسى دېدى:

— شائىرلار ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى پۇلغا ساتىدۇ.

— ھەي، توغرا ئەمەس. — دېدى بىرسى، — شائىرلار يازغان شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر ھەرپىگە ھەق ئېلىشىدۇ دېگەننە، ئۇلارغا بىر نىمە دەپ بولمايدۇ.

— ھەر بىر ھەرپىگە قانچىدىن پۇل بېرىشىدىكەن؟!

— بىلمىشمەسەم، داڭلىق شائىرلارغا بەش، ياشلارغا بىر سومدىن ئۈچ سومغىچە.

— ۋاي - ۋۇي، ئۇنداقتا شائىرلارنىڭ چىش كولىغۇچىدىن تارتىپ، سۇپۇرگىلىرىنىڭ ساپلىرىغىچە تىللادىن ئىكەن - دە!

بۇ گەپلەرنى قولاق كېرىم ئوغرىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى: «ئۇنداق بولسا ھامىنى كىرگەنگە چۈشلۈق شائىرلارنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا كىرىش كېرەككەندە، ھېچنەرسە ئالالمىغىنىمدىمۇ، قولۇمغا سۇپۇرگىسىنىڭ سېپى ئېلىنىشىپ قالسىمۇ پالان پۇل دېگەننە.»

كېرىم ئوغرىنىڭ مەھەللىسىدە ئەمدىلا بىرىنچى كىتابى چىققان كالامىي دېگەن شائىر ياشايتتى. كېرىم ئاشۇ شائىرنى پايلاشقا كىرىشتى. ئوغرى دېگەن ئۇنچىۋالا نادان ئەمەستە. ئۇ ئالدى بىلەن شائىرنىڭ ھېلىقى كىتابىنى تاپتى. راستىنى ئېيتقاندا، كېرىم ئوغرى كىتابنى ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ قانچىلىك پۇلغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلمىش ئۈچۈن تاپقانىدى. ئۇ بىر خالى جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ھېسابلاشقا كىرىشتى. ئەپسۇسكى، ھەرپلەرنى ئاغزاكى ھېسابلاشقا بولمىدى. كېيىن ئۆيىگە كەلدى - دە، قولىغا قەغەز ۋە قەلەم ئالدى. راستىنى ئېيتقاندا، كېرىم ئوغرىنىڭ مىللەتسىيىگە كىرىپ قېلىپ، ئەنگىتكە قول قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قولىغا قەغەز بىلەن قەلەم ئالمىغىنىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، (كۆردىڭىزمۇ، ئوغرى ھەتتا ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپمۇ ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇمىدى) گويا زايومنىڭ پىرسەنتىنى ھېسابلىغاندەك ھېسابلاشقا باشلىدى. بۇمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. ئۇ چۈشكىچە ھەرپلەرنىسانايمەن دەپ تەرلەپ پىشتى، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

— خەيرىيەت، يېڭىلىشمىغان بولسام، كىتابتا يۈزمىڭدىن ئارتۇق ھەرپ بار ئىكەن. ئەڭ ئەرزان باھادا بېرىشكەندىمۇ، شائىر يۈزمىڭ سوم ئاپتۇ، يەنە تېخى كېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، رادىئودا ئوقۇلغان شېئىرلىرى قانچە، يېقىندا ئۇ تېلېۋىزور ئارقىلىق بەش - ئالتىدەك شېئىرىنى ئوقىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھەرپلىرىنى ھېسابلاپ چىقىشنىڭ ئامالى يوق، ھە، مەن ئۈچۈن بۇ تەرەپلىرىنىڭ كارايىتى چاغلىقمۇ، شۇنچە پۇلنى ئېلىپ تۇرۇپ، يەنە تېخى ھېچنەرسە

كۆرمىگەندەك يۈرۈشىنى كۆرمەسلەر بۇنىڭ.
ھەر قانچە بولسىمۇ شائىر دېگەن بۇنچە-
لىك جىمغۇر، «ئىچىمدىكىنى تاپ» دېگەنـ-
دەك يۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى- دە، ئۇۋا...
ئەگەر قولۇمدىن كەلسە، بۇ دۇنيادا شائىر-
لىق قىلىش كېرەك ئىكەن، لېكىن بۇ بىز-
نىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بوپتۇ، شا-
ئىرلار شېئىر يېزىپ پۇل ئېلىۋەرسۇن. بىز
ئوغۇرلاۋېرەيلى.

ئوغرى ياش شائىرنىڭ ئۆيىگە ئوغۇر-
لۇققا كىرىشكە ئەھدى قىلدى. تۇرلۇك پە-
لانلارنى تۈزۈپ چىقتى. ھەتتا شۇنچىۋالا
پۇلنى ئوغۇرلاش بەختىگە مۇيەسسەر بول-
غاندىن كېيىن، ئۇ پۇللارنى قەيەرگە يو-
شۇرۇشنىڭ يوللىرىنىمۇ ئويلاپقويدى. ھەر
ھالدا شائىرلارنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا
كىرىش چاخچاق قىلىدىغان ئىش
ئەمەس. ئۇ سەۋرى - تاقەت بىلەن پۇر-
سەت كۈتۈشكە باشلىدى.

ئاخىرى بۈگۈن كېچە نىيىتىنى ئەمەل-
گە ئاشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئوغرى
كەچ كىرىشىنى گويا ئاشىق - مەشۇقلار
تۈنجى ئۇچرىشىش پەيتىنى زارىقىپ كۈت-
كەندەك كۈتۈشكە باشلىرى.

چىراغلار ياندى. ئاسماندا يۇلتۇزلار
چاقناشقا باشلىدى. ھازىر ئايمۇ، يۇل-
تۇزلارمۇ كېرىمىنىڭ كۆزىگە خۇنىك كۆرۈن-
گەندەك بولدى. چۈنكى ئۇلار ئوغرىنى
مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئوخشايتتى.

تۈن يېرىمىدىن ئاشقان. كېرىم شا-
ئىرنىڭ ھويلىسىغا تام ئارتىلىپ چۈشتى.
ئۆزىنى ياڭدىلىغان ھالدا ئۆيىگە يېقىن
كەلدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان،
ھەممە شېرىن ئۇيقىدا، شائىر ئويغاق. ئۇ
شېئىر يازاتتى. ئۆچۈرەتتى، يەنە يازاتتى.

ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇيا قىتىن - بۇيا ققا
يۈرەتتى. شېئىر ئوقۇيتتى يەنە ئولتۇ-
رۇپ يازاتتى... ئۇ بىر قولىدا قەغەز تۇتقان
ئىككىنچى قولىنى ئېگىز كۆتەرگەن ھالدا
قاندا قتۇر بىر ھەركەتلەرلى قىلاتتى. كې-
يىن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئولتۇرۇپ قا-
لاتتى. شۇ چاغ ئۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ تاشلا يـ-
دىغاندەك قىلاتتى. ھەي... يۈزىمىنىڭ سومغا
ئېرىشىش ئاسانمۇ؟ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋا-
تاتتى. شائىر قاچان يېتىپ، قاچان ئۇخلار
ئىكەن- ھە!

ئوغرى شائىرنىڭ ئۇخلىشىنى تەققازا-
لىق بىلەن كۈتەتتى. لېكىن ھەركەتلە-
رىدىن قارىغاندا، شائىر ئۇخلايدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. تاڭ يېقىنلاشقا باشلىدى.

— بۈگۈن بولمىدى، ئەتىگە قالدۇرۇش
كېرەك، - دېدى ئوغرى. ئۇ ئاستا چىقىپ
كەتتى.

ئوغرى ئۆت كۈنگىچە، ھەر كۈنى تۈن
يېرىمىدا تام ئارتىلىپ، شائىرنىڭ ھويلى-
سىغا چۈشۈپ تۇردى. باشقا ھەممەكىشىلەر-
نىڭ چىراقلىرى ئۆچكەن. پەقەت شائىر-
نىڭ خانىسىدىلا چىراقنىڭ
يېنىغلىق تۇرغۇنى تۇرغان. ھەي، ئۇمۇ بىر
ئۇخلاپ قالسىچۇ. ھەممە كىشى مەززە قىلىپ
ئۇخلاپ، شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ ياتىدۇ.
بىراق شائىر ئويغاق، نېمە ئىش بۇ؟ شائىر-
لارنىڭ بەدىنى تۆمۈردىن پۈتۈلگەنمۇ- يە؟

— ياق، بۈگۈندىن قالدۇرۇشقا بولماي-
دۇ، كۈتىمەن، - ئوغرى شائىرنىڭ ئىشلى-
شىنى، دەممۇ- دەم ئورنىدىن تۇرۇپ شېئىر
ئوقۇشنى تەئەججۈپ ئىچىدە كۆزىتىپ تۇردى.
كېيىن شائىرنىڭ دېرىزىسى قارشىسىدىكى
تاللىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئوغرىنىمۇ شېرىن
ئۇيقۇ چاڭگال سالدى. كۆزلىرى مۈگدەشكە

باشلىدى.

شائىر يېڭى شېئىرىنى پۈتتۈردى. ئۇ، ھاياجانلانغانلىقتىن خۇشاللىنىپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالغانىدى. قېنى شۇ تاپتا يېنىدا بىرەر ھەمراھى بولسا، ئىسسىقىدا شېئىرنى ئوقۇپ بېرىپ بىر خۇماردىن چىقسا...

ئۇ شېئىرنى ئوقۇغىنىچە ھويلىغا چىقتى. تاڭ يورۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزى تالغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقىغا كەتكەن بىرسىگە چۈشتى. بۇ ھال شائىرغا يېقىملىق تۇيۇلدى. لېكىن ئۇخلىغۇچىنىڭ كىملىكىنى ئەسلىيەلمىدى. شائىر ئويلاندى: «شېئىرىيەت مۇخلىسى ئىكەن-دە، بىرەر ئىش بىلەن كىرگەن بولسا كېرەك. مېنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ھالاقىت بەرگىسى كەلمەي كۈتە-كۈتە، ئاخىرى ئۇخلاپ قاپتۇ-دە، بىچارە. ھازىر ئويغىتىپ، يېڭىدىن پۈتتۈرگەن بۇ شېئىرنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىمەن».

شائىر ئوغرىنى ئاستا تۈرتتى. ئوغرى چۆچۈپ ئويغاندى.

— مەن... مەن... ئۇ... ئۇ... ئەمەس (ئوغرى ئەمەسمەن دېمەكچىدى)، — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ، شائىر بولسا، مېھمىنىنىڭ «ئۇ...» دېگىنىنى «ئوقۇپ بېرىڭ دەۋاتىدىغۇ» دەپ چۈشەندى.

— ئىلتىماس قىلمىسىڭىزمۇ، مانا ھازىر ئوقۇپ بېرىمەن. ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان شېئىرىيەت مۇخلىسى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆزىڭىزدىنلا بىلىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى شائىر ۋە يېڭى شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئوغرى ھاڭ تاڭ قالغان ھالدا تىڭشىدى.

— قانداق؟ — دېدى شائىر.

— ياخ-ياخ... ياخشى، — دېدى ئوغرى تەسلىكتە.

شائىر مېھمىنىنى بىرلىكتە ناشتا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

— خەيرىيەت، بايقىيالماپتۇ، — دېدى ئوغرى يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ.

ئۇلار قاتتىق نان بىلەن غىزالىنىشتى. ئوغرى ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۆي ئىچىدە پىچاققا ساپ بولغىدەك بىرەر نەرسىنى ئۇ چېلىقتۇرالمىدى.

— بۇ شېئىرغا قانچىلىك ھەق بېرىشەر؟ شېئىرنىڭ ھەر بىر ھەرپىگە پۇل بېرىدۇ دېيىشىدۇ. راستمۇ؟

شائىر كۈلدى:

— ھەي، پۇلنى دېسىڭىز بۇ يولغا ھەرگىزمۇ قەدەم باسمايسىز. پۇل ئۈچۈن يازغان ئادەمدىن شائىر چىقمايدۇ.

شائىر ئوغرىغا شېئىرىنىڭ دەردىنى، تەشۋىشىنى، زوق ۋە لەززىتىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئوغرىغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. شائىر ئىمزاسى يېزىلغان يېڭى كىتابىنى مېھمىنىگە تەقدىم قىلدى.

ئوغرى شائىرنىڭ ئۆيىدىن ئاللىقانداق تېپىشماقلار ئالەمىدە كېزىپ يۈرگەندەك ھېسسىياتلار بىلەن يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە شائىر سېھىرگەر ئىدى.

(ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت ئوسمان)

**مۇھەممەت تۇرسۇن ئابدۇكېرىم**

# جانۋارلارنىڭ بەزمىدە ئېيتقانلىرى

### مۇقەددىمە

جانۋارلار بىر كۈنى سەپكە تۇرۇشتى،
بىر يەرگە جەم بولۇپ بەزمە قۇرۇشتى.
سۆز ئېچىپ ئۆز قەلبى ـ قىلمىشلىرىدىن،
بەسلىشىپ ئۆز ئارا لاپمۇ ئۇرۇشتى.

جانۋارلار سۆزىدىن تۈزدۈم خاتىرە،
(بۇ ئەمەس ئۇلارغا خاسلا تەزكىرە)
مەقسىتىم: شۇ خۇنۇك خاراكتېرلەردىن،
سىز ئىشتۇر ئىبرەتلىك قىززىق مەنزىرە.

### چىۋىن

نەدە شىر نە ـ شەربەت بولسا، مەن شۇ يەردە بار،
سۈرۈش، قوغلاش ماڭا ئەسلا قىلالمايدۇ كار.
نەگە بارسام مىكروپ قوشۇپ بولغايمەن راسا،
يېگى شىرنە، يېگىنە پكە مەن ئەزەلدىن زار.

تەۋرىمەيمەن ھەممە مەندىن بىزار بولسىمۇ،
نەگە بارسام ماڭا لەنەت، ئىزا بولسىمۇ،
تەۋرىمەيمەن، كىمكى ھەتتا ئاسمان يۈزىگە،
قىلمىشىمنى رەسىم قىلىپ سىزار بولسىمۇ.

### پاشا

كىگىلداش، خۇشامەت مېنىڭ ئادىتىم،
شۇ ئادەت ۋەجىدىن كېلەر ئاھىتىم...
تويدۇرماي ئۇرىمەن زەھەرلىك نەشتەر،
تولغىچە تا مېنىڭ ئەجەل سائىتىم.

تۇخۇمدىن ئاق
سېغىزخاندىن ساق
— خەلق ماقالى

ياشايمەن يوشۇرۇن قان شوراش بىلەن،
ئۆزەمنى شۇملۇقتا پىر ساناش بىلەن.
شامالنىڭ زايىغا باقىمەن ئەمما،
ئەجەلنى بايقايمەن بىر قاراش بىلەن.

### بۈرگە

نەپ يوق يەرگە بارمايمەن،
سەكرەپ ـ تاقلاپ ھارمايمەن.
غەپلەت باسقان يۈزلەرنى،
قان شوراي، دەپ قامايمەن.

### چاشقان

ماكان ماڭا خىلۋەت بۇلۇڭ، پىنھان كامارلار،
نازۇ ـ نېمەت تولغان ھەر خىل ئامبار ـ تاغارلار.
بولۇپكەلدىم مەن ئەزەلدىن تەييارغا ھەييار،
ھەسرەت يۇتۇپ قالدى داغدا بىلىق تاپارلار.

### كۈيە

ئۆچ كۆرىمەن جان ـ جەھلىمدىن گۈزەللىكنى،
گۈزەللىككە تىلەپ دائىم بىشكەللىكنى.



كۆز چاقنىتىپ جۇلالىسا ھەر نېمە دېسە،
كۆرسىتىمەن رەزىللىكتە ئەۋزەللىكنى.

چىش - تىرناقتا گۈزەللىكنى چەيلىۋەتسەم،
ھۆررىيەتنى جەھەننەمگە ھەيدىۋەتسەم.
يېتەتتىمەن مۇرادىمغا شۇ چاغدىلا،
ئۈچرىغاننى قىيما - چىيما ئەيلىۋەتسەم.

خۇنۇكلىكنى پەيدا قىلىش كەسپىم دائىم،
گۈزەللىكنىڭ ئارىسىدا شۇڭا جايىم.
پەرق قىلماس ئاسانلىقچە ھېچكىم مېنى،
زەربىلەردىن يېمەيمەن ھېچ شۇڭا ۋايىم.

## ياچىۋەك

تېنىم تاپماي شاختىن-شاخقا سەكرەپ-
تاقلايمەن،
نەپ يەتكۈزمەك بولسا كىمكى شۇنى ساقلايمەن.
باش ئېگىمەن نەپ بەرگەنگە ئۇلۇغ چوڭ دەپ،
ئامال قىلىپ ئەيۋىنى قويماي ئاقلايمەن.

ماڭا ھىممەت قىلمىغاننىڭ يولىنى تورايمەن،
چىشنى بىلەپ، بۇرتۇمنى قىڭغىر بۇرايمەن.
دۈنيانىڭ زادى قانداق سىرى، يۆلەنچۈكى بار،
ئالا قويماي ئۈچرىغاندىن بىر-بىر سورايمەن.

## ھەرە

ياشاپ كەلدىم نۇسرەت قۇچۇپ سېھرىم بىلەن،
كۆزنى باغلاپ ھەر خىل ھىيلە - مىكرىم بىلەن.
جۇغۇم كىچىك، تېنىم يۇمشاق بولسىمۇ گەر،
بازار تاپتىم ئەلدە ساختا مېھرىم بىلەن.

مۇلايىم ھەم يۇمشاقلىقىم بولدى قالقان.
شۇنچە قاتتىق مەۋجۇداتنى قىلدىم تالقان.
ئۈن - تىۋىشسىز ھەر دەككە تىلىنىپ پىنھان ئارا،
يول ئاچتىمەن شۇملۇقلارغا سالماي چۇقان.

## ئۆمۈچۈك

قۇرىمەن تور توقۇپ يوللارغا تۇزاق،
نەيرەڭلەر غېمىدە چېكىمەن پىراق،

ئارزۇيۇم ھاياتلىق پېيىمنى قىرقىش،
دۇنيادا ئۆزەملا ياشاشتۇر، بىراق.

راۋان يول قويمىسام ھاياتلىق ئۈچۈن،
ئىلگىرىگە ئۆتىسكەن ھەممە يەر پۈتۈن.
خۇشاللىق، ھۆررىيەت، بەخت، ئىستىقبال،
ماڭىلا بولسىكەن، ھەتتا نۇرلۇق كۈن!

## چېكەتكە

چىقىرايمەن، چارسالىمەن سەھەر-ئاخشام،
داۋراڭ سېلىپ توختىمايدۇ مېنىڭ ناخشام.
ئاڭلىغان ھەم كۆرگىنىمدىن بىرنى قويماي،
يەتكۈزىمەن خالايىققا پۇرسەت تاپسام.

قىلنى كۆرسەم پىل قىلىمەن داۋراڭ قىلىپ،
پاكىتىنىمۇ يوق قىلىمەن پاراڭ قىلىپ.
مەيلى ئۆزىنىڭ يا ئۆزگىنىڭ سىرى بولسۇن،
كۆرسىتىمەن ئەلگە ئۇنى باراڭ قىلىپ.

داۋراڭچىمەن، ھەۋىسىم بار نوچىلىققا،
ھېچكىم ماڭا يېتەلمەيدۇ پوچىلىققا.
تىڭ - تىڭلايمەن تۇيدۇرماستىن يېڭىلىقنى،
قالتىس مېنىڭ ماھىرلىقىم ئوۋچىلىققا.

## ئاغمىغان

ماڭىمەن توختىماي، ئالغا ئۆرلەيمەن،
ئۆزۈملا ماڭغىدەك يولنى كۆزلەيمەن.
يۈرمەيمەن نىجادلىق، يېڭى يول ئىزدەپ،
سەۋىرچان بولماقنى ماختاپ سۆزلەيمەن.

تەقدىردىن كۈتىمەن بەخت - ئامانلىق،
ھېچكىمگە قىلمايمەن ياخشى - يامانلىق.
قەۋمىمگە پالاكەت كەلسىمۇ دەۋرەپ،
ئىزدەيمەن ئۆزەمگە پەقەت ئاسانلىق.

ئۆزگىنىڭ ئىشىدىن پەرۋايىم پەلەك،
غېمىم يوق ئالەمدە ئۆزەمدىن بۆلەك.
كۆلبەمگە يىغىمەن جاۋاھىر نېمەت،
مال-دۇنيا مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك يۆلەك.

ۋارىسجان قاسىم

# دۇنياي تارتقان ئەگرى خورەكلەر

## پاقىنىڭ «تەرجىمىھالى»

پاقا!
تېپىۋالسا گەر سېنىڭ سۇنى،
خوش بولۇپ شۇنداق.
«يەر - جاھاننىڭ شاھى مەن» دەپ،
بوغۇزىدا چالاركەن «دۇمباق».

## چامباشچىلىقنى «ئۆگەنگەن» چىۋىن

شىرەنىڭ ئۈستىدە كەچكۈز پەسلىدە،
ۋىژىلداپ ئوينىدىغا چۈشتى بىر چىۋىن.
ئورنىدا پىقىردى ئۈچۈشقا تەشنا،
ياتتى ئۇ، ئۆرلىيەلمەي تېپىرلاپ لېكىن.

مەسخىرە ئەيلىدى ئالىپتە بىر ياش:
«ھەي! بىڭىسىڭ شۇمىدى بىچارە غەمكىن؟
بىزلەرمۇ پىقىراپ چاق پەلەك كەبى،
سۇنىسىمۇ قول يەنە يۇرىمىز تەمكىن.

چامباشچىلىقنى ئۆگەنسەڭ مەندىن،
ھەيۋەڭدىن ئايلانغان بولاتتى زېمىن.
ياتمايتىڭ داق يەردە بۇنداق دومىلاپ،
ۋاي ئىسىت! سېنىڭ بۇ ھالىڭغا چىۋىن.

شۇ ھامان قاتتىق بىر سىلكىنىپ چىۋىن،
ئۇچتى تېز يىراققا، يۇتتى قارىسى.
چامباشچىلىقنى ئۆگەندىمۇ يا؟
«ئۇستازى» شۇمشەيدى بولماي چارىسى.

## بىر ساقالنىڭ كېچىكمەي تاپقان «ئىناۋىتى»

تاغ كەبى ئىناۋىتىم ئۆسكەن چاغدا،
دوستلىرىم: «ساقىلىڭنى ئالدۇر!» دېدى.
بىرىڭلار ئۆز ئەركىمنى دېسەم ماڭا،
«بۇرۇت قويۇش ھازىر بالدۇر» دېدى.

سۆزىگە پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەرسەم،
«بۇ تۇرقۇڭ - تەرسامىجەزچىلدۇر» دېدى
ئامالسىز ئوروۇنلىسام تەلىپىنى،
«ھۆسنۈڭگە پەرىزاتمۇلالدۇر» دېدى.

قارىسام بۈگۈن ھۆرمەت خۇداسى،
«ساقالنى قايتىدىن بىر قويدۇر» دېدى.
ئېڭەككە «دەزمال سېلىپ» يۈرسەم مانا،
تۈتىدەك ھەرخىل تىلدا بىلجىرلىدى.

بىلدىم، ئىچىمدە مىڭ كۈلكە قاينار،
بۇ ماڭا كۆيۈنۈشىمۇ، ئىچتارلىقمۇ؟
تويغۇزماس ساقىلىمغا چاپلاشقان ئاش،
دوستلارغا ياكى ئۇ، ئىچتارلىقمۇ؟

## بىر دانىشمەننىڭ «غېمى»

غەربكە پاتسا كۈن شەرقتىن چىقار،
شەرققە پاتسا گەر قايىقتىن چىقار؟!

زوزى ئەخمەت

## ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر قايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان كىتابلار ۋە «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللار ئېلان قىلغان رومان، پوۋېست، ھېكايىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە قىستۇرما رەسىم بارغانسېرى كۆپىيىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئارتماقتا. ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بېرىلىدىغان قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش — كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى. شۇڭا، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرنال، نەشرىيات تەھرىر بۆلۈملىرى ۋە كەڭ رەسساملار بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتى پۈتۈن گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەمدە پەن- تېخنىكا ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ. قىستۇرما رەسىم سەنئىتى رەسىم ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى بىلەن رومان، پوۋېست، ھېكايە، ئوچېرك، ئاخبارات ئەدەبىياتى، سائىرا، فىلىم تون قاتارلىق ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى روشەن، مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ، كىتابخانلارنىڭ مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ۋەقەلىكىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەسلىي مەزمۇنىغا سادىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن رەسسام ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن پىششىق تونۇشقاندىن كېيىن، شۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ۋەقەلىك لىنىيىسىدە ھەرىكەتلىنىدىغان ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ ۋەقە- سيوژېت راۋاجى جەريانىدىكى ئالاھىدە ئۆزگىرىش ۋە پائالىيەت مەزمۇنىنىڭ تىپىك مۇھىتى ۋە تىپىك شارائىتتىكى تىپىكلەشتۈرۈلگەن خاراكتېرىنى يارىتىدۇ. قىستۇرما رەسىم سەنئىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قايتا تەكرار ئىجاد قىلىش جەريانى بولۇپ، رەسسام ئەسلىي ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىگە مۇتلەق سادىق بولغان ھالدا، ئۆز تەپەككۇر پائالىيىتىدە ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىگە قارىتا كونكرېت ئوبراز شەكىللەندۈرۈۋالغاندىن كېيىن، نۇر، سىزىق، رەڭ قاتارلىق ئوبراز يارىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن پېرسوناژلار ھەرىكىتىنى سىزىپ چىقىدۇ. مۇنداق سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر

### ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر

رەسسامىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى كۆرسىتىشىدىن پەيدا بولغان چوڭقۇر چۈشىنىچىسى، تەسىراتى، ئىپادىلەش ماھارىتى ھەمدە رەسسامنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ياراتقان ئوبرازى ئەسلى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىغا مۇۋاپىق بولۇشى، ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى، (خاراكتېر- پسىخولوگىيىسى) بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ماسلىشىشچانلىقا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتى بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئەسلى ئەسەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، شەكلى ئوبراز ھەرىكىتىدىكى قىزىقارلىق شەكىل گۈزەللىكى ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى كونكرېت قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىجادىي ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، مەركەزلەشكەن ئوبراز يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تولۇقلىمىسى ياكى ئىزاھاتى بولماي، بەلكى ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن مۇستەقىل بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز ئارا ئارگىنالىلىقىغا ئىگە. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازنى بىۋاستە كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەر تىل ۋە يېزىق ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، زامان، ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەردە تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھە، ھەر قايسى قاتلاملىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى خىلمۇ-خىل نۇقتىدىن تولۇق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن، قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئالاھىدە مۇھىمتىكى ۋەقەلىك، تۇرمۇش كارتىنىلىرى تېپىكلەشتۈرۈپ سىزىلىدۇ. بىر پارچە قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىدە بىر كۆرۈنۈش ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ — قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىنىڭ چەكلىمىلىكى. قىستۇرما رەسىملەردە ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى يۇقىرى ماھارەت ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتى كۆرگىلى بولىدىغان ئوبراز گۈزەللىكىنى يارىتىدىغان بىرخىل ئىجادىي پائالىيەت جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى يېمەك - ئىچمەك ياكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدەك ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىدىيىۋىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. مانا بۇ، قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىنىڭ ئىزدىنىدىغان نىشانىسى، ياكى قىستۇرما رەسىم سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت دېيىلىپ، پۈت تىرەپ تۇرالىشىدىكى توپ ئالاھىدىلىك.

كىتابخانلار رەسىم قىستۇرما قىلىنغان رومان، پوۋېست، ھېكايە، ئوچېرىك قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزغىن ئوقۇيدۇ، تالىشىپ كۆرىدۇ، كىتابنى ئوقۇشتىن ئەۋۋەل ياكى ئوقۇۋېتىپ رەسىملەرگە نەزەر سالىدۇ، چۈنكى قىستۇرما رەسىم ئوبرازىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ گەۋدىلىك پائالىيەتلىرىنى روشەن سىزىپ كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئابستراكىت ۋەقەلىك ئۈستىدە يۈرگۈزۈۋاتقان تەپەككۇرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ياكى تولۇقلايدۇ.

شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ ئەسەرگە نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سىزىلىدىغان قىستۇرما رەسىم ئەدەبىي ئەسەرلى ئىجادىي ھالدا بېيىتالايدۇ، بىر پۈتۈن مەزمۇننى ئوبرازلاشتۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئەسەرنىڭ كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرالايدۇ. قىستۇرما رەسىم سىزغۇچى رەسساملار ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئالغا سۈرگەن تۈپ مۇددىئاسىنى رەسىم ئوبرازى ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئەسەردىن تېز مەنپەئەت ئېلىش ئارزۇسىغا ماسلىشىدۇ. شۇ مەقسەت بىلەن ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەرنىڭ كىتابخانلارغا بىلىم يەتكۈزۈپ بېرىش جەھەتتە ئوينايدىغان رولىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، بۇخىل رەسىملەر ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولۇپ، بۇ قىستۇرما رەسىم سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى، قىستۇرما رەسىملەر ئىجادىيىتىدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژىنىڭ پائالىيىتىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈش شەرتى ئاستىدا، باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ، ئۇ، روشەن بولغاچقا كىتابخانلار ئۇنى بىۋاستە كۆرەلەيدۇ. مەشھۇر رەسسام لېئونارد دوداۋىنچى قىستۇرما رەسىمنىڭ رولى توغرىسىدا بايان قىلىپ: «رەسساملىق كۆرگىلى بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆچۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىردىنبىر تەقلىدچى، رەسساملىق كۆرۈش سېزىمىگە تايىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەردە ياشىغان ئادەملەرگە دەرھال يەتكۈزگىلى بولىدۇ... ئۇنىڭغا ھەر خىل تىللارغا تەرجىمانلىق كەتمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنى تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بىر كۆرۈپلا چۈشىنىپ ئالالايدۇ» دېگەنىدى. رەسىمدە سىزىلغان جانلىق، كونكرېت كۆرۈنۈش كىتابخانلارنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق ئىدىيىسىگە، ئەقىل- ئىدرىكىگە بىۋاستە تەسىر قىلىپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى قوزغايدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بىلەن ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالايدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز ئەسلىدىكى ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژ ئوبرازىدىن تېخىمۇ مول، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ تىپىك، ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىگە قىلىپ سىزىلغاندىلا ئاندىن كىتابخانلارنى بەدىئىي جەھەتتىن ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئىستېتىك زوق بېغىشلىيالايدۇ. ھەقىقەت شۇنداق بولغاندىلا كىتابخانلار ئەسلىدىكى ئەدەبىي ئەسەردىن ئۈستۈن بولغان، بەدىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسىنى قوزغىغان، قىزغىن كەيپىيات بىلەن كىتاب ئوقۇيدۇ. مانا بۇ قىستۇرما رەسىم سەنئىتىنىڭ ئىنسانلارنى كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچى.

كەڭ كىتابخانلار قىستۇرما رەسىم بىللە بېرىلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى (بولۇپمۇ ھېكايە، نەسىرلەرنى) ئوقۇغاندا، شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت ئوبراز يارىتىمى بىلەن ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ۋەقەلىكى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدۇ، ئەدەبىي ئەسەردە ئاپتورنىڭ ئىدىيىسى، غايىۋى كۆز قارىشى ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل ھالەت

قىستۇرما رەسىملىرىدىكى ئوبراز بىلەن بىرلىشىپ، كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغاپ، قىزىقىشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ نۇرغۇن بايراقدارلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. لۇشۈن ئەدەبىي ئەسەر ۋە ھەر خىل پەن-تېخنىكا كىتابلىرىدا سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەرنى بىر خىل تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدىلا قاراپ قالماستىن، بەلكى، ئۇنى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ خەت تونۇشى، ساۋات چىقىرىش، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىم قورالى دەپ تونىغانىدى. ئۇ: «كىتابلارغا سىزىلىدىغان قىستۇرما رەسىملەر كىتابخانلارغا زىننەت كىرگۈزۈپ، كىتابخانلارنىڭ زوقىنى كۈچەيتىدۇ. يەنە ئۇنىڭ كۈچى بىلەن كىتابتىكى يېزىقنىڭ يېتىشمىسلىكىنى تولۇقلايدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتى رەسسامدىن رەسىم ئارقىلىق يارىتىلىدىغان پېرسوناژ ۋە ئۇنىڭ تىپىك مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ئوبرازىغا ئوخشىتىپ سىزىش، ئاساسىي پېرسوناژ بىلەن 2-ئورۇندىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق گۈزەللىكىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىمنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەسلى ئەسەرنىڭ ئابستراكىت قىسمى بىلەن ۋەقەلىكلىرىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ، ھەمدە ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ، ئەسەرگە يېڭىدىن ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. شۇڭا قىستۇرما رەسىم بېرىلگەن ئەسەر بىلەن بېرىلمىگەن ئەسەرنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ ئاز - كۆپلىكى جەھەتتە ھامان پەرقى بولىدۇ. «ئاكىيۇنىڭ ھەققىي تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسەرگە سىزغان قىستۇرما رەسىملىرىدە، پارازىت ئاكىيۇغا كونا جەمئىيەت تامغىسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بېسىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئەينى ئەھۋال ھەققىي گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «قىزىل قىيا»، «باھادىر شاھ لىزىچېك»، «ئىز»، «بۇغدا ئاتا»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «تۇندىكى چاقماق»، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» قاتارلىق ئەسەرلەر ھەمدە رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ، سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق تارىخىي رومانغا سىزغان قىستۇرما رەسىملەر كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. يېقىنقى ئېيتقاندا، قىستۇرما رەسىم ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، چۈشەنچىسى چوڭقۇر، ماھارىتى قانچە يۇقىرى بولسا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ توپ مەزمۇنىنى شۇنچە جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئۆستۈرۈپ، بىلىم ئېلىش تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيە، بەدىئىيلىكى ماسلاشقان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىستۇرما رەسىملەردىكى ئوبراز گۈزەللىكى — بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى مەركەزلەشكەن كۆرۈنۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ ھەر قانداق نەشرىيات، گېزىت - ژۇرنال، مەتبۇئات ئورۇنلىرى، تەھرىر بۆلۈملىرى قىستۇرما رەسىم ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

## كلاسسىزىم

كلاسسىزىم 17‐ئەسىردە ياۋروپادا ئەۋج ئالغان بىر تۈرلۈك بۇرژۇئا ئەدەبىيات ئېقىمى. ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ ھەم مۇرەسسەلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كلاسسىزىم پادىشاھ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى مىللىي دۆلەتلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان، كاپىتالىزم تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتقان تارىخ باسقۇچىدا پەيدا بولغان بىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى، ئۇ ئەڭ دەسلەپ فرانسىيىدە پەيدا بولغان. كېيىنرەك ئەنگلىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ قەدىمقىنى ئۆگىنىش، قەدىمقىغا چوقۇنۇش قەدەمقىنى دوراش، شۇنداقلا، قەدىمقى يونان، رىم ئەدەبىياتىنى ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا داڭ چىقارغان.

سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەنبە جەھەتتىن قارىغاندا، كلاسسىزىم سودا ـ كاپىتالى تەرەققىي قىلغان باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، سودىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئاساس قىلغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇتلەق پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنغان بولۇپ، مۇتلەق پادىشاھ ھاكىمىيىتى سىياسىتىنىڭ ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىشى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي جەھەتتە فېئودال پادىشاھلىقىغا مادارا قىلىش، مۇرەسسە قىلىش ۋە يول قويۇشىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى.

17‐ ئەسىردە فرانسىيىدە مۇستەبىت پادىشاھلىق ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇرژۇئا سىياسىي ئىنقىلابىنىڭ شارائىتى تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. بۇ فرانسىيە پادىشاھىسى لۇئى 13 (1610—1643)ۋە لۇئى14(1638—1715) ھوقۇق تۇتقان مەزگىل بولۇپ فرانسىيىنىڭ سودا كاپىتالى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان پۇل خەلقىنىڭ ئاساسىي بايلىقىغا ئايلانغان ئىدى. چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پادىشاھ سودىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، پاپا ۋە كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىپ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇپ، باج مەنبەلىرىنى ئېچىپ، چەت ئەللەرگە بولغان مۇستەملىكىچىلىكنى كېڭەيتكەن. مانا بۇ مۇستەبىت پادىشاھ ھاكىمىيىتى تىجىرسىنىڭ ھوقۇقىنى يۇقىرىغا



مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ سەۋەبى. ئەينى ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيە ئۆرلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا بىر تەرەپتىن، كۈچىنىڭ زورىيىشى يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ بېقىندىلىق ئورنىغا تەن بەرمىگەن، ئىدىيە جەھەتتە ئىنقىلابىي تەلەپ قىلىپ پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى چەكلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭلاشقا بۇرژۇئازىيە ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا چۈشەپ قويۇش، ئۆز ئارا كۆرەش قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك: «مۇستەبىت پادىشاھلىق بىر ئۆتكۈنچى دەۋردە پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ چاغدا كونا فېئودال تەبىقىلەر بەربات بولۇشقا يۈزلەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسى بولۇپ شەكىللىنىۋاتاتتى. كۆرەش قىلىۋاتقان ھەر قانداق بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى تېخى يوقىتالمىغانىدى.» ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى بۇ ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا «شەكلى جەھەتتىكى ياراشتۇرغۇچى»غا ئايلانغانىدى.

پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىلاسسىزم، راتسىئونالىزم (ئەقىلچىلىك) بىلەن ئۆز ئارا ماسلاشقان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل غەربىي ياۋروپادا تارقالغان راتسىئونالىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن. راتسىئونالىزمغا دېكارت (1596 ـ 1650) ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىيەتشۇناسلىق قارىشىغا قارشى تۇرىدۇ. قارىغۇلارچە دىنىي نوپۇسقا ۋە مەدرىسە پەلسەپىسىگە ئىشىنىشكە قارشى تۇرىدۇ. ئىدراكنى بىلىمنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەپ قارايدۇ. ھېسسىي ماتېرىياللار كىشىلەرنى ئالدايدۇ، پەقەت ئىدراك ئارقىلىقلا دۇنيانى چۈشەنگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل راتسىئونالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇل نەزەرىيىسى ئەينى ۋاقىتتا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كىلاسسىزمدا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. شۇڭلاشقا كىلاسسىزمنى ئەدەبىياتتا راتسىئونالىزم دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

كىلاسسىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ كېلىپ چىقىش ۋە راۋاجلىنىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇ ئەڭ دەسلەپ 17- ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40- يىللىرىدا پەيدا بولۇپ، 60 ـ، 70- يىللىرىدا گۈللەنگەن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 200 يىل داۋاملاشقان. 18- ئەسىرگە كەلگەندە خارابلىششقا باشلىغان. كىلاسسىزم ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى مەزمۇنىدىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بىر خىل ساپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلىگە ئايلانغان. ئەدەبىيات تارىخىدا تەقلىدىزم ياكى «ساختا كىلاسسىزم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بۇرژۇئا سىياسىي ئىنقىلابىي ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ناھايىتى زور توسالغۇسى بولۇپ قالدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەرىپەتچىلىك ۋە رومانتىزم پىكىر ئېقىمى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى.

فرانسىيىنىڭ كىلاسسىزم ئەدەبىياتىدا دراما زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ چوڭ دراماتورگ مەيدانغا كەلدى. بۇلار: پىيېر كورنېل (1606 ـ 1684)، راسىن (1639 ـ 1699) ۋە كومېدىيىچى مولېر (1622 ـ 1673) قاتارلىقلاردۇر. مولېرنىڭ

ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن: «ساختىپەز»، «بېخىل» قاتارلىقلار بار. ئۇ 17- ئەسىردىكى ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە كومېدىيىچى بولسىمۇ، ئەمما، ئەڭ تىپىك كىلاسسىزمچى ئەمەس.

پىيېر كورنېلنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «شېئىردى» بولۇپ بۇ تراگېدىيە فرانسىيە دراما تارىخىدا كىلاسسىزم تراگېدىيە پرىنسىپلىرىغا ئاساس سالغان. مەركىزى ئىدىيىسى بولسا شەخسىي ھېسسىيات بىلەن ئىدراكنىڭ توقۇنۇشىنى ئىپادىلىگەن، ئىدراك ئارقىلىق ھېسسىيات ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. ئەسەردە ۋەتەننى قوغداش مەسئۇلىيىتى بىلەن ئائىلىۋى مەجبۇرىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا، ئەڭ ئاخىرى فېئودال ئائىلىۋى مەجبۇرىيەت ئەڭ يۈكسەك بولغان ۋەتەننى قوغداش مەجبۇرىيىتىگە بويسۇنىدۇ. شۆھرەتلىك باش قەھرىمان رودرىك ئەسكەر باشلاپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ «شىدى» (سەركەردە، باشلامچى دېگەن مەنىدە) دېگەن نامغا ئېرىشكەن. پىيېر كورنېل جەمئىي 30 دىن ئارتۇق دراما يازغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تراگېدىيە، ئاز قىسمى كومېدىيىدۇر.

راسىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «ئاندروماك» تا، قەدىمقى يونان تراگېدىيىسى ئېۋرىپىدنىڭ «ئاندروماخى» ۋە «تروياننىڭ ئاياللىرى» دىن ماتېرىيال ئالغان. بۇ ئارقىلىق قەدىمكى يونان ۋە رىم ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىك پرىنسىپلىرىنى كەۋدىلەندۈرگەن. «ئۈچنى① بىرلىككە كەلتۈرۈش» نىزامى بويىچە يېزىلغان بۇ ئەسەر ئەڭ ئۆلچەملىك كىلاسسىزم تراگېدىيىسى بولۇپ قالغان. راسىن جەمئىي 11 پارچە تراگېدىيە، بىر پارچە كومېدىيە يازغان بولۇپ پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت قابىلىيىتىنى نامايەن قىلغان.

كىلاسسىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ۋەكىلى بوئالونىڭ «شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىيلىكى» دېگەن ئەسىرى پوشكىن تەرىپىدىن كىلاسسىزمنىڭ «مۇقەددەس كىتابى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىۋى ئەسىرى قەدىمقى يونان-دىكى ئارىستوتېلنىڭ «پوئېتىكا» سىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى دەۋر تەلىپىگە ماس كېلىدىغان مۇكەممەل بولغان كىلاسسىزم نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسلى ئەسەر شېئىر شەكلىدە يېزىلغان. ئۇندىن باشقا شېئىرىي تەمسىلچى فونتانىنى (1621 - 1695) نىڭ «شېئىرىي تەمسىل» ناملىق 12 توملۇق ئەسىرىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان.

دېمەك، كىلاسسىزم نەزەرىيىچىلىرى ئىدراكنى قەدىرلەپ، پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلغان، كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىپ، بەدىئىي ماھارەتكە ئەھمىيەت بەرگەن. جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىنى تەكىتلىگەن. بۇ رېئالىزمنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئوردا ئەدەبىياتىغا مەھلىيا بولۇپ كېتىپ، خەلق سەنئىتىنى مەنسىتمىگەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى يېتەرلىك بولمىغاچقا بىر تەرەپلىمىلىككە كەڭ يول قويۇپ كونىلىق

① دراممىدا ۋاقىتنى، ئورۇننى ھەم ۋەقەلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈش.

تەرەپدارلىرىغا ئايلانغان. ئەمما كىلاسسىزىم يازغۇچىلىرى ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان.

## مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى

مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى 18- ئەسىردە ئەنگلىيىدە پەيدا بولۇپ، كېيىن فرانسىيە، گېرمانىيە، روسسىيىلەرگە تەرەققىي قىلغان. ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرى گوللاندىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغان. فرانسىيىدىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەيۋىتى ئەڭ زور، ھەڭگىۋارلىقى ئەڭ كۈچلۈك، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولۇپ، غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئۈلگىسى دەپ ئاتالغان.

مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى خەلق ئاممىسىنى غەپلەتتىن ئويغىتىش، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، مەدەنىيەت تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكىتىدۇر. لېكىن، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ باي ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى تەرغىپ قىلىدىغان ھەرىكەت بولۇپ، نوقۇل ئەدەبىيات ھەرىكىتى ئەمەس. ئۇ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىزمغا، چەكلىمىچىلىككە، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى بولۇپ، 1789- يىلىدىكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا بىۋاستە ئىدىيىۋى ئاساس سالغان.

مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلار ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ قولىدىن فېئوداللىزمغا، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى بايراقنى تارتىۋېلىپ، نەزەرىيە جەھەتتە فېئوداللىزم تۈزۈمىنىڭ نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىغان. شۇ ئارقىلىق بىر يۈرۈش پەلسەپىۋى نەزەرىيە، سىياسىي پروگرامما ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئىدراك» ئاساس قىلىنغان بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار سىياسىي ئەركىنلىك ئارقىلىق مۇستەبىت زوراۋانلىققا قارشى تۇرغان. ئىقتىساد ئەركىنلىكى ئارقىلىق دىنىي ئېزىلىشكە قارشى تۇرغان. تەبىئەت ئىلاھى نەزەرىيىسى ۋە ئاتېزىم نەزەرىيىسى ئارقىلىق كاتولىك دىنىنىڭ نوپۇزىنى ۋە دىنىي مەبۇدلەرنى پاچاقلاپ تاشلىغان. «ئىنسانىي ھوقۇق» شۇئارى ئارقىلىق پادىشاھ ھوقۇقى مۇقەددەس دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرغان. «ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دەرىجە تۈزۈمىدىكى ئالاھىدە ھوقۇقىغا قارشى تۇرغان. ئۇلار مۇشۇ ئىدىيە ئارقىلىق ئاممىنى ئويغىتىپ ۋە تەربىيىلەپ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدىيە مەرىپەتپەرۋەرلەر ئىدىيىۋى ئېقىمى، بۇ ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان پائالىيەت مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان. مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ھەم ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىزمغا، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ داۋامى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ھەم بۇرژۇئا سىياسىي ئىنقىلابىي

نەزەرىيىسىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى. ئەگەر ئۇنى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بىلەن سېلىشتۇرساق تېخىمۇ ئېنىقلىنىشىدۇ.

بىرىنچىدىن، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشى ئاساسلىقى فېئودال ئىگىدارلارنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي بىرلىك ئاساسىدىكى پادىشاھلىق مۇستەبىت ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ قوغدىشى ئارقىسىدا كاپىتالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغان. ھالبۇكى، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى جەريانىدا بۇرژۇئازىيە كاپىتالىستىك ئىپتىدائىي جۇغلىنىش جەريانىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىگىلەشنى، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەلەپ قىلغان. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە ئىدىيىۋى ئاڭ ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن، مەرىپەت ھەرىكىتىدە بولسا سىياسىي تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەت خاراكتېرى جەھەتكە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

ئىككىنچىدىن، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە ئاساسلىقى، ئوتتۇرا ئەسىر كاتولىك دىنىنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلغان. چىركاۋنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇششاق - چۈششەك دىنىي مۇراسىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر قەدەر ئاددىي بولغان مۇراسىملارنى تەشەببۇس قىلغان. مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى مەزگىلىدە بولسا ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە تەبىئىي پەن تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن تېخىمۇ ئۈزۈل-كېسىل بولغان. دىنىي جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇشتا تەبىئەت ئىلاھى نەزەرىيىسى ۋە ئاتېزىم نەزەرىيىسى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن.

ئۈچىنچىدىن، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ مېغىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە چەكلىمىلىككە قارشى تۇرۇش تەكىتلەنگەن. ئىنساننىي ئازادلىق تەلەپ قىلىنغان. مەۋقەنى پانىي دۇنياغا قويۇپ رېئاللىققا يۈزلەنگەن. 18- ئەسىردىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىگە كەلگەندە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مۇھەببەت قاتارلىق سىياسىي پرىنسىپقا يۆتكەلگەن. مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى سىياسىي، ئىدىيە، ئىنقىلابىي ھەرىكەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قاتناشچىلىرى ھەرگىز ئەدەبىياتچىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. فرانسىيىلىك مونتېسكيو، ۋولتېر، دىنى دىدېرو، ژان ژاك روسسو قاتارلىق تۆت چوڭ مەرىپەتچى يازغۇچىلاردىن باشقا ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ لوك، ئالىم نيۇتون، گېرمانىيىلىك ئىستېتىك لېسسىنگ ۋە ھېلدېر، گوللاندىيىلىك پەيلاسوپ سپىنوزا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچىلار قاتارىغا كىرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئۇندىن باشقا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مېتودى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەرىپەتچىلىك مەزگىلىدىكى رېئالىزم ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى

(ئاخىرى 110 - بەتتە)

## سىزگە رەھمەت!

### ھۆرمەتلىك ئاپتور ۋە كىتابخان:

ژۇرنىلىمىز — «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆتكەن بىر يىلنى غەلىبىلىك ئۇزۇتۇپ، شانلىق 1989 - يىلنىڭ يېڭى باھارىدا سىز بىلەن قايتىدىن يۈزكۆرۈشتى. سىز ئۆتكەن ئەشۇ بىر يىلدا ژۇرنىلىمىزنى مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ ۋە ئۇنىڭغا بېسىلغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئەمگىكىمىزگە زور مەدەت ۋە ئىلھام بەردىڭىز. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىمىز.


ژۇرنىلىمىز بۇ يېڭى يىلدا، يەنىلا قوش ئايلىق ژۇرنال سۈپىتىدە ئالتە سان نەشىر قىلىنىپ، داۋاملىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوچۇق تارقىتىلىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن مەخسۇس سىتون - سەھىپىلەر ئاجرىتىپ، بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەرنى تاللاپ ئېلان قىلىدۇ. قىسقىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ خىلمۇ خىل قىزىقارلىق ژانىر ۋە سەھىپىلىرى سىزنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز جەلپ قىلىپ، سىزگە تېخىمۇ ئىستېتىك زوق ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈسى.

### سىزدىن ئۈمىد

تەھرىر بۆلۈمىمىز — ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ۋە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ژۇرنالنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، بۇ يىل ھەر قايسى جايلاردىكى بىر قىسىم ئىلىم سۆيەر، مەرىپەت ئەھلىنىڭ خالىسانە ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايىنىپ، تۇنجى قېتىم «‹قەشقەر ئەدەبىياتى› ئىجادىيەت مۇكاپاتى» تەسىس قىلىشنى ئويلاشتى. «ئىجادىيەت مۇكاپاتى» تەسىس قىلىشقا ياردەم بەرگۈچى كوللېكتىپ ۋە شەخسىلەر ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ھەر سان ژۇرنىلىمىز مۇقاۋىسىنىڭ 2-، 3- بېتىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىلىپ (رەسىم بىلەن) تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئاخىردا ئۆزلىرىدىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاپ، مۇكاپات بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ژۇرنىلىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىدىن، ئاپتورلىرىدىن بۇ ئىشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھەمنەپەس بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى**


تېلېفون نومۇرى: 3196



ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى-
نىڭ قايتىدىن ياسالغان مەق-
بەرىسى
(دىلشات جاپپار فوتوسى)



دادام ئوقۇغان كىتابلار
(ئادىل ئىسمايىل فوتوسى)



مۇقاۋىنىڭ 1 – 4 – بەتدىكى سۈرەتلەرنى ئاۋۇت بارات تارتقان.


قەشقەر ئەدەبىياتى (18-يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学»（双月刊）

*KASHGAR LITERATURE*

· *IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL*

1989 - يىل 1 - سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى

( بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى )

(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA )

فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58

تىرازى: 8000

باھاسى: 80 فىۋەن

تېلېفون نومۇرى: 3196